www.uyghuronline.net

ھەققا ئەرگەنە ئېشق

# ئايال ساھابىلەر

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر

تەھرىرى: ئا. قاسىم

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

حوى أرجنة عشق

# صحابيات (رضي الله عنهن)

ترجمة: منور أوزأويغور
مراجعة: ع.م. قاسم

مركز الترجمة الأويغورية

www.uyghuronline.net

www.uyghuronline.net

# مۇندەرىجە


تەرجىماندىن ........ 7
كىرىش سۆز ........ 9
خەۋلە بىنتى قەيس (ر.ئەنھا) ........ 13
خۇلەيدە بىنتى قەيس (ر.ئەنھا) ........ 15
رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز (ر.ئەنھا) ........ 19
شىفا بىنتى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھا) ........ 23
زەبىييە بىنتى بەرا (ر.ئەنھا) ........ 25
رۇبەييىئ بىنتى نەدىر (ر.ئەنھا) ........ 27
ئاتىكە بىنتى خالىد (ر.ئەنھا) ........ 29
خەيرا (ر.ئەنھا) ........ 31
ئۇممۇل خەير (ر.ئەنھا) ........ 33
ئۇممۇ خالىد (ر.ئەنھا) ........ 35
ئۇممۇ ھەكەم بىنتى زۇبەير (ر.ئەنھا) ........ 37
ئۇممۇ زۇفەر (ر.ئەنھا) ........ 39
ئۇممۇ ئەتىييە (ر.ئەنھا) ........ 41
ئۇممۇل فەزل (ر.ئەنھا) ........ 43
ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئەبۇ بەكىر(ر.ئەنھۇما) ........ 45
خەۋلە بىنتى سەئلەبە (ر.ئەنھا) ........ 47
ئۇمامە بىنتى زەينەب (ر.ئەنھا) ........ 51
ئاتىكە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب (ر.ئەنھا) ........ 53
ئۇمەيمە بىنتى رۇقەيقە (ر.ئەنھا) ........ 55
سەلما بىنتى ئۇمەيس (ر.ئەنھا) ........ 57
ھەۋۋا بىنتى زەيد (ر.ئەنھا) ........ 59
ھىند بىنتى ئۇتبە (ر.ئەنھا) ........ 61
ئائىشە بىنتى سەئد (ر.ئەنھا) ........ 65
زەينەب بىنتى ئەبۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ........ 67
ئۇممۇ سۇلەيم (ر.ئەنھا) ........ 69

ئۆممۆ ئەبۆ هۆرەیرە (ر.ئەنها) ........ 71
ئۆممۆ ئەیمەن (ر.ئەنها) ........ 73
ئۆممۆ كۆلسۆم (ر.ئەنها) ........ 75
ئۆممۆ رۆممان (ر.ئەنها) ........ 77
ئۆممۆ ۋەرەقە (ر.ئەنها) ........ 79
نەسىبە ئۆممۆ ئۆمارە (ر.ئەنها) ........ 81
ئۆممۆ هەرام (ر.ئەنها) ........ 85
ئۆممۆ شەرىك (ر.ئەنها) ........ 89
ئۆممۆ هاكىم بىنتى هارىس(ر.ئەنها) ........ 91
ئۆممۆ ئىسهاق غازىۋىيە(ر.ئەنها) ........ 93
ئەسما بىنتى ئەبۆ بەكىر(ر.ئەنها) ........ 95
فاتىمە بىنتى ئەسەد (ر. ئانها) ........ 99
ئەسما بىنتى يەزىد ئەشهەلىيە (ر.ئەنها) ........ 103
سەفىيە بىنتى ئابدۆلمۆتتەلىب (ر.ئەنها) ........ 105
خەنسا بىنتى ئامر (ر.ئەنها) ........ 109
هەلىمە (ر.ئەنها) ........ 111
هەمنە بىنتى جەهش (ر.ئەنها) ........ 115
شەيما بىنتى هارىس (ر.ئەنها) ........ 119
زىننىرە ئەررۆمىيە (ر.ئەنها) ........ 123
ئەرۋا بىنتى ئابدۆلمۆتتەلىب (ر.ئەنها) ........ 127
دۆررە بىنتى لەهەب (ر.ئەنها) ........ 129
هەسسانە ئەلمۆزەنىيە (ر.ئەنها) ........ 131
سەففانە بىنتى هاتىم (ر.ئەنها) ........ 133
ئەسما بىنتى ئۆمەيس (ر.ئەنها) ........ 135
ئۆمەيیە بىنتى قەيس (ر.ئەنها) ........ 139
سۆئەيرە ئەلئەسەدىيە (ر.ئەنها) ........ 141
زائىدە (ر.ئەنها) ........ 143
لەيلا بىنتى ئەبى خاسمە (ر.ئەنها) ........ 145
زەينەب بىنتى ئەبى مۆئاۋىيە (ر.ئەنها) ........ 147
هەببە بىنتى سەهل ئەلئەنسارىيە (ر.ئەنها) ........ 151
ئۆممۆ مۆبەششىر (ر.ئەنها) ........ 153
فاتىمە بىنتى يەمانى (ر.ئەنها) ........ 155
فاتىمە بىنتى قەيس (ر.ئەنها) ........ 157
خەۋلە بىنتى هاكىم (ر.ئەنها) ........ 159
سۆمەيیە بىنتى خەببات (ر.ئەنها) ........ 161

ئۇممۇ ئاسىم (ر.ئەنها) ..... 163
ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها) ..... 165
نەفىسە (ر.ئەنها) ..... 169
نەھدىيە (ر.ئەنها) ..... 171
ئۇممۇ سىنان (ر.ئەنها) ..... 173
ئۇممۇ كۇھھە (ر.ئەنها) ..... 175
ھەببە بىنتى جەھش (ر.ئەنها) ..... 177
خالىدە بىنتى ئەسۋەد (ر.ئەنها) ..... 179
ئەرۋا بىنتى قۇرەيز (ر.ئەنها) ..... 181
ئۇممۇ مۇنزىر (ر.ئەنها) ..... 183
سەلما (ر.ئەنها) ..... 185
رۇقەيقە بىنتى سەيفى (ر.ئەنها) ..... 187
سۇدە بىنتى قۇرەيز (ر.ئەنها) ..... 189
غۇزەييە بىنتى جابىر (ر.ئەنها) ..... 191
سەھلە بىنتى سۇھەيل (ر.ئەنها) ..... 193
فاتىمە بىنتى خەتتاب (ر.ئەنها) ..... 195
ئاتىكە بىنتى زەيد (ر.ئەنها) ..... 197
ئەسما بىنتى ئەمرۇ (ر.ئەنها) ..... 201
نائىلە بىنتى فەرافسا (ر.ئەنها) ..... 203
ئۇممۇ زەر غىفارىييە (ر.ئەنها) ..... 205
ئۇممۇ رالە (ر.ئەنها) ..... 209
لۇبابە بىنتى هارىس ئەسسۇغرا (ر.ئەنها) ..... 211
ئەفرا بىنتى ئۇبەيد (ر.ئەنها) ..... 213
جەملە بىنتى ئابدۇللاھ (ر.ئەنها) ..... 215
خەۋلە بىنتى تۇۋەيت (ر.ئەنها) ..... 217
فۇرەيئە بىنتى مالىك (ر.ئەنها) ..... 219
جۇۋەيرە بىنتى ئەبۇ جەھىل (ر.ئەنها) ..... 221
تەمىيمە بىنتى ۋەھب (ر.ئەنها) ..... 223
ئۇممۇ بۇجەيد (ر.ئەنها) ..... 225
خەنسا بىنتى خىزام ئەلئەنسارىيە (ر.ئەنها) ..... 227
رەزىنە (ر.ئەنها) ..... 229
دۇبئە بىنتى زۇبەير (ر.ئەنها) ..... 231
بەرىرە (ر.ئەنها) ..... 233
دۇبئە بىنتى ئامىر (ر.ئەنها) ..... 235
ئەسما بىنتى سەلەمە (ر.ئەنها) ..... 237

ئۆمامە بىنتى هەمزە (ر.ئەنها) ........ 239
رۆقەيقە بىنتى سەقەفىيە (ر.ئەنها) ........ 241
جۆمەيل بىنتى يەسسار (ر.ئەنها) ........ 243
سۆبەيئە بىنتى هارىس (ر.ئەنها) ........ 245
زەينەب بىنتى مۆهەممەد ئەلەيهىسسالام (ر.ئەنها) ........ 247
رۆقىييە بىنتى مۆهەممەد ئەلەيهىسسالام (ر.ئەنها) ........ 251
ئۆممۆ كۆلسۆم بىنتى مۆهەممەد ئەلەيهىسسالام (ر.ئەنها) ........ 253
فاتىمەتۆ زرۆهرا بىنتى مۆهەممەد ئەلەيهىسسالام (ر.ئەنها) ........ 255
خەدىجەتۆل كۆبرا (ر.ئەنها) ........ 259
سەۋدا بىنتى زەمئە (ر.ئەنها) ........ 263
ئائىشە سىددىقە بىنتى ئەبۆ بەكىر(ر.ئەنها) ........ 267
هەفسە بىنتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ر.ئەنها) ........ 273
ئۆممۆ سەلەمە (ر.ئەنها) ........ 277
ئۆممۆ هەبىبە (ر.ئەنها) ........ 281
زەينەب بىنتى جەهش (ر.ئەنها) ........ 283
زەينەب بىنتى خۆزەيمە (ر.ئەنها) ........ 287
جۆۋەيرىيە بىنتى هارىس (ر.ئەنها) ........ 289
سەفىييە بىنتى هۆيەي (ر.ئەنها) ........ 293
مەيمۆنە بىنتى هارىس (ر.ئەنها) ........ 297
مارىيە قىبتىيە (ر.ئەنها) ........ 299

www.uyghuronline.net

# تەرجىماندىن

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايىتى بىلەن مۇبارەك ئىنسانلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېزىلغان بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى تاماملاندى. كىتابنى مۇئەللىپىنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئەينەن تەرجىمە قىلىشقا تىرىشتىم. كىتابنىڭ كىرىش قىسمىدا مۇئەللىپىنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك ئايال ساھابىلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ تولۇق بولماسلىقىدەك ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار ئاستىدىمۇ مۇشۇنداق بىر كىتابنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە تېگىشلىك بىر ئىش بولسا كېرەك. ئايال ساھابىلەرنىڭ بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ياكى قىلىنماي قالغان كەچۈرمىشلىرى ئۆزلىرىگە يېتەكچى، ئۈلگە ۋە ئۆرنەك ئىزدەۋاتقان خانىم ــ قىزلار، ئاياللار ھەتتا ئەرلەر ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كۇپايە قىلغۇدەك دەرىجىدە ئېسىل جەۋھەرلەرگە تولغان. قىسقىسى بۇ كىتاب ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن مەشئەل، قايمۇققانلار ئۈچۈن كومپاس بولۇپ قالغۇسى...

جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى، جۈملىدىن مۆمىنە خانىم ــ قىزلىرىمىزنى بۇ كىتابتا ھايات ھېكايىلىرى، قەھرىمانلىق، پىداكارلىقلىرى بايان قىلىنغان ئايال ساھابىلەرنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشكە، ئۇلاردەك ئانا، ئۇلاردەك ئايال، ئۇلاردەك ھەمشىرە بولۇشقا، ئۇلاردەك بارلىق ئىشلارغا ئېتىقاد يۈكسەكلىكىدىن قارايدىغان، ھەر ئان، ھەر لەھزە ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان ئىخلاسمەن مۆمىنەلەردىن بولۇشقا نېسىپ قىلغاي، ئامىن!

ھۆرمەت بىلەن: مۇنەۋۋەر نىياز ئۆز ئۇيغۇر

2011ــ يىل

www.uyghuronline.net

## كىرىش سۆز

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

زامانىمىز ئاياللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئۈلگە ۋە ئۆرنەك تېپىش كىرىزىسىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇلار ئۈچۈن شەكىللەندۈرۈلۈشكە تىرىشىلىۋاتقان نەمۇنە ــ شەككىلەندۈرۈلۈشكە تىرىلىشىۋاتقان نەمۇنە دېدىم؛ چۈنكى بۈگۈن ئېتىبارى بىلەن ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىنى ئۆز پېتى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىرەر نەمۇنە ئەپسۇسكى يوق ــ ئاياللارنىڭ تەبىئىتى بىلەن تىرەكىشىپ قالماقتا؛ ئۇلارنى يېڭى ئىستەكلەرگە قىستاپ كەلمەكتە.

ئەسرى سائادەت ئاياللىرىدىن ئىبارەت ئايال ساھابىلەر شۇ دەۋرنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان خۇسۇسىي، ئائىلىۋىي ۋە ئىجتىمائىي ھايات بۈگۈنكى ئىمانى ساغلام مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىزدەۋاتقان نۇرغۇن نەرسىلىرىنى تاپالىشى مۇمكىن بولغان بىر ساھە، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى بەلگىلىۋېلىشى ئۈچۈن بىر نەمۇنە، بىر مودېلدۇر. ئاياللىرىمىز ۋە ياش قىزلىرىمىز بولسا، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى ياقلاش ۋە ھايات ھېكايىلىرىنى تېپىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە.

ئەر ساھابىلەرنىڭ ھاياتلىرى خاتىرىلەنگەن ۋە ئىزچىل ھالدا ھېكايە قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئايال ساھابىلەر يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسلىنىپ كەتمىدى. نۇرغۇنلىرىنىڭ مەنبەلەردە پەقەت ئىسمىلا بار بولۇپ، سەرگۈزەشتىلىرىگە دائىر يالغۇز بىر كەلىمە تېپىش قانچە قىلغان بىلەن ئىمكانسىز دېگۈدەك دەرىجىدە قىيىن. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە تەخمىنەن يۈز مىڭغا يېقىن ساھابىنىڭ بارلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار.

بۇنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، يەنە شۇنچىلىك ئايال ساھابىلەرنىڭ بارلىقىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇگۈن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئايال ساھابىلەرنىڭ نام ــ نىشانى ناھايىتى ئاز. مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان بۇ قەدەر چەكلىك ساندىكى مەلۇماتلار ھەققىدە يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىقاتلارنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەققىدە ئېغىز ئېچىش ئىمكانسىز. گاھىدا بىر قانچە ئايال ساھابىنىڭ ئەر ساھابىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئىسمى زىكىر قىلىنغان بولسا، بەزىدە بىر قىسمىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قول كىتابچىسى شەكلىدە توپلانغان.

ئالدىمىزدىكى بۇ نەمۇنىلىك شەخسىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلگەن ۋە ئۇلارنى چولپانلارغا ئايلاندۇرغان گۈزەللىكلەر بىلەن ھاياتىنى زىننەتلەشنى ئارزۇ قىلغان بارلىق ئېتىقادلىق خانىملار مىسالى مەنمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ يېتەرسىزلىكنى نىسبەتەن بولسىمۇ تولۇقتىشقا ۋەسىلە بولۇش ئۈمىدى بىلەن ھەم ئۆز نامىمدىن، ھەمدە باشقا مۇسۇلمان خانىملار نامىدىن بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلدىم. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمدەك ئانا مەنبەلەردە ئايال ساھابىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار دېگەندەك ئەتراپلىق ئەمەس. پەقەت تاپالىغانلىرىمىزنى يەتكۈزۈش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلىش غەيرىتى چىقىش نۇقتىمىز بولدى. ئارىلىرىدا رەسۇلۇللاھنىڭ مۆھتەرەم ئايالىرىنىڭ، قىزلىرىنىڭ، نەۋرىلىرىنىڭ، ھاممىلىرىنىڭ، ئانىسىنىڭمۇ ئىسمىلىرى ئورۇن ئالغان بۇ كىتابتا يەر ئالغان 117 نەپەر ئايال ساھابىنىڭ ھاياتلىرىغا تۇتاشقان يىپلارنى بۈگۈنكى دەۋر ئاياللىرىنىڭ ھاياتلىرىغا، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ شەرتلىرىگە ئاساسەن باغلىغاندا، ئاياللارغا ئائىت بولغان نۇرغۇنلىغان بېسىم ۋە روھىي تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئۆزلىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ئايال ساھابىلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر گۈزەل خاتىرىلەرنىڭ پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئۆرنەكلىك ھاياتىنىڭ بىر تەرىپىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. ئاياللىرىمىزنىڭ ئۆز ھاياتلىرىدىكى نەتىجىلىرىدە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ يەنە بىر تەرەپى بولغان ئەرلەرنىڭمۇ ئاجايىپ چوڭ رولى بار. دەۋرىمىزدىكى ئاياللارنىڭ ھېس قىلغان روھىي پەرىشانلىقلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىغا ۋە ھاياتلىرىدا ئۇچراۋاتقان ئوڭۇشسىزلىقلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ تەدبىرسىز، پەرۋاسىز ھالىتى سەۋەپ بولۇپلا قالماي، يەنە

ئاياللارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەيدىغان، ھەتتا ئۇلارغا توسالغۇ بولىدىغان ئەرلەرنىڭمۇ تەسىرى بار. سائادەت دەۋرىنى ئەرلەر ۋە ئاياللار بىرلىكتە بەرپا قىلغان ئىدى. دەۋرىمىزدىمۇ بۇ سائادەتكە ئېرىشىش يەنىلا ئەر ۋە ئايال ساھابىلەردىن ئۈرنەك ئېلىش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. ئەسلىدىمۇ ساغلام ئائىلە، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئەر ۋە ئاياللاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەسسىسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ .

مەن «ئايال ساھابىلەر» ناملىق بۇ كىتابنى تەييارلاش جەريانىدا ئايال ساھابىلەرنىڭ ھاياتىغا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالدىم ۋە ئۇ نۇرلۇق دۇنيانىڭ مەنىۋى باغچىسىدىن قايتىپ چىققۇم، ئۇلاردىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. ئۆز ـ ئۆزەمنى ئۇلارنىڭ مۇھىتىغا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇ مۇھىت ئىچىگە سىڭدۈرۈش ئارزۇسىدا بولدۇم. ئۇلارنىڭ مۇھىتىدا ياشاپ قېلىش زامان نۇقتىسىدىن قارىغانداق مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتموسفوراسىدىن كەلگەن ئەسلىمىلەر بىلەن ئۆز ھاياتلىرىمىزنى ھاۋالاندۇرماق ھېلىمۇ مۇمكىن. ئاللاھ خالىسا ئايال بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئاز ئۇچرايدىغان بۇ ھاياتلارنىڭ نەمۇنىلىرىگە ئىبرەت بىلەن ئەگىشەلەيدىغانلىقىمىزغا، دەۋرىمىزدە داۋا ئىزدەۋاتقان دەرتلەرگە دەرمان بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ھەمدە بۇ مۇبارەك ئىنسانلاردىن ئۈرنەك ئالالىشىمىز ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئاللاھقا دۇئا ۋە تىلەكلىرىمىز بىلەن يۈزلىنىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇندىن باشقا، بۇ ئېسىل خىزمەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشىمنى تەۋسىيە قىلغان ئاكام مەھمەت ئەنەس ئەرگىنە ئەپەندى ۋە ئاساسلىق مەنبەلەرگە ئېرىشىشىمدە ماڭا ياردەمچى بولغان، ياردىمىنى ئايىمىغان يولدىشىم ئاسىم ئاكىن ئېشىق ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ھەۋۋا ئەرگەنە ئېشىق 2004

# ئايال ساھابلەر

# خەۋلە بىنتى قەيس (ر.ئەنها)

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە دائىم نېمەت داستىخىنىنى يايغان ئايال ساھابە.

خەۋلە (ر.ئەنها) مەدىنىدىكى نەججار ئەۋلادىدىن بولغان قەيسنىڭ قىزى بولۇپ، مەدىنىدە تۇغۇلۇشى ئۇنى ئىككى چوڭ ئەۋزەللىككە ئىگە قىلغان ئىدى. بۇلاردىن بىرى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشى، يەنە بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى، ئىسلام قەھرىمانلىرىنىڭ سەركەردىسى ۋە شېھىتلەرنىڭ تاجىسى بولغان مۇبارەك ساھابە ھەمزە (ر.ئەنھۇ) نىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم بۇ ئۆيگە زىيارەت ئۈچۈن كېلىپ تۇراتتى. زىيارەت داۋامىدا خەۋلە (ر.ئەنها) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى ئاڭلايتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزە (ر.ئەنھۇ) بىلەن بىرلىكتە كەلدى. خەۋلە (ر.ئەنها) ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماق ئېلىپ كەلدى. تاماق يېگەچ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر– ئايال ئىككىسىگە قاراپ:

– سىلەرگە خاتالىقلارغا كاپارەت بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟- دېدى. ئۇلار:

– شۇنداق قىلغىن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!– دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

– قىيىن ھالەتتىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسچىتلەرگە ماڭغان قەدەملەرنى كۆپەيتىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى ساقلاشتۇر،– دېدى. ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزە (ر.ئەنھۇ) بىلەن ئۆز ئارا سۆھبەتلەشتى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ مال ـ دۇنيا شېرىندۇر، ئۇ ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىدۇ. كىمكى ئۇنى ھەققى بىلەن تۇتۇپ تۇرالىسا، ئۇ بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مېلى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جانلىرى تەلەپ قىلىنسا، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغان كىشىلەر بار. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئوت ئىچىدە بولىدۇ.

خەۋلە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاماق راسلاشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. زىيارەتكە كەلگەن ۋاقىتلىرىنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ خەۋلە، بىزگە بىر تاماق راسلاڭ، ــ دېدى. (ر.ئەنھا) ئۇن، سۈت ۋە ياغ بىلەن ئېتىلىدىغان ”قاسىرە“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاماقنى تەييارلىدى. ئۇ تەييار بولغان تاماقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى تاماققا سۇندى ۋە تاماقنىڭ تېخىچە قىززىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى يېيىشتىن توختاپ قالدى ۋە:

ــ ئى خەۋلە بىز نە قىززىقلىقتا سەۋر قىلالمايمىز، نە سوغۇقتا سەۋرى قىلالمايمىز، ــ دېدى.

خەۋلەنىڭ ئېرى ھەمزە (ر.ئەنھۇ) ئۇھۇد غازىتىدا شېھىت بولغاندىن كېيىن نوئمان ئىبنى ئەجلان ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلاندى.

بۈگۈنكى كۈندىكى ئاياللىرىمىز ئىچىدە خەۋلە (ر.ئەنھا) غا ئوخشاش ئەتكەن تاماقلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇنۇشنى خالايدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ھېچقايسىمىز خەۋلە (ر.ئەنھا) ئەمەسمىز. ياشىغان زامانىمىز ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىمۇ ئەمەس... ئەمما داستىرخىنىمىزدا مۇھتاج كىشىلەر، پەيغەمبەرىمىزنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلىشقا تىرىشقان ھەقسۆيەر كىشىلەر ئولتۇرۇپ تامىقىمىزدىن يېسە، شۈبھىسىزكى بىزنىڭ داستىخىنىمىزغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغاندەك ۋە ئاللاھ خالىسا بىزنىڭمۇ خەۋلە (ر.ئەنھا) دىن كۆپ پەرقىمىز بولمىغاندەك بولىدۇ.

# خۇلەيدە بىنتى قەيس (ر.ئەنها)

ئوغلىنى ئاللاھ يولىدا شېھىتلىككە ئاتىغان ئايال ساھابە.

خۇلەيدە (ر.ئەنها) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان، قىبلىگە تۇنجى بولۇپ يۈزلەنگەن، مال ــ دۇنياسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئاللاھ يولىدا بېرىشكە ۋەسىيەت قالدۇرغان مۇبارەك ساھابە بەرائ ئىبنى مەئرۇر (ر.ئەنهۇ) نىڭ ئايالى ئىدى. ئىسلام مەدىنە دىيارىدا تارقىلىشقا باشلىغاندا ئەنسارىلاردىن 73 ئەر ۋە ئىككى ئايال (بۇلاردىن بىرى خۇلەيدە ر.ئەنها) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇپ يوشۇرۇن ھالدا يولغا چىقتى. ناماز ۋاقتى كەلگەندە بەرائ ئىبنى مەئرۇر (ر.ئەنهۇ):

ــ مەن كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇيمەن، ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىشنى خالىمايمەن، ــ دېدى، باشقا كىشىلەر «بىز شام تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق.» دېسىمۇ بەرائ (ر.ئەنهۇ) بىر قېتىم بولسىمۇ خاس بولۇشنى كۆزلەپ كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇدى. مەككىگە كەلگەندىن كېيىن قىلغان بۇ ئىشىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خەۋەردار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن ئەسلىدىلا بىر قىبلىگە قاراشقا بۇيرۇلغانسەن، كاشكى بۇ ھەقتە بىرئاز سەۋرى قىلالىغان بولساڭ،ــ دېدى.

خۇلەيدە (ر.ئەنها) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بىر توپ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى.

خۇلەيدە (ر.ئەنها) ئانىلارغا خاس بولغان گۈزەل خۇلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە

مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر ئانا بولۇپ، ئۇ ئوغلى بىشر ئىبنى بەرائ (ر.ئەنھۇ) نى مۇكەممەل بىر ئىسلام مۇجاھىدى قىلىپ تەربىيلەپ چىققانىدى. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي يۈسۈندا ئەگەشكەن بۇ ئايالنىڭ تەربىيسىدە يېتىشكەن ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان قەھرىمانلىق روھىنى ئالغان ئوغلى بەدر، ئۇھۇد، ۋە خەندەك ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى ۋە خەيبەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلىنغان زەھەرلىك گۆشنى يېگەنلىك سەۋەبى بىلەن شاھادەت شەربىتىنى ئىچتى. دېمەك خەۋلە (ر.ئەنھا) شېھىتنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولدى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) مۇسۇلمان ئاياللارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يەتكۈزەتتى. خۇلەيدە (ر.ئەنھا) مۇ بۇ دەرسلەرگە قاتنىشاتتى.

خۇلەيدە (ر.ئەنھا) بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلگەنلەر بىرــ بىرى بىلەن تونۇشامدۇ ؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قولۇڭ بەرىكەتلىك بولسۇن! ياخشى روھلار جەننەتتە يېشىل بىر قۇشتۇر. خۇددى قۇشلار دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە بىرــ بىرىلىرى بىلەن تونۇشقىنىدەك ئۇلارمۇ تونىشىدۇ،ــ دېدى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: خۇلەيدە (ر.ئەنھا)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېسىلىدە ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنى قىزىتما تۇتقىنىنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىنى ھېچكىم تارتمىغان قىزىتمىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقاندەك كۆرۈۋاتىمەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىزگە ئەجىرلىرىمىز ھەسسەــ ھەسسە بېرىلگىنىدەك مۇسىبەتلەرمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ، كىشىلەر مېنىڭ كېسىلىم ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ؟ ــ دېدى خۇلەيدە:

ــ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى كېسەللىكنى كۆكرەك پەردىسى يالۇغى ئىكەن دېيىشىۋاتىدۇ، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئاللاھ ماڭا ئۇنداق بىر كېسەللىكنى بەرمىدى. پەقەتلا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدۇر. پەقەتلا خەيبەردە ئۇغلۇڭ بىلەن بىرلىكتە تېتىغان گۆشنىڭ زەھىرىنىڭ تەسىرى شۇ تاپتا يۈرەك تومۇرلىرىمنى ئۈزۈۋاتقاندەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ــ دېدى. خۇلەيدە (ر.ئەنھا) چىداپ تۇرالماي:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئاتا ــ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ــ دېدى.

خۇلەيدە (ر.ئەنھا) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان باغلىنىشى، ئەۋلاد تەربىيەلەشتىكى تىرىشچانلىق ۋە غەيرەتلىرىنىڭ سىرى، ئۇنىڭ دىلىنىڭ ئىمان بىلەن تولۇپ ــ تاشقانلىقىدا ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە جەننەت ئاياقلىرىنىڭ ئاستىدا بولغان ئانىلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما بۇنىڭغا قانداق ئېرىشىشنى بىلمىگەن ئانىلار ئۈچۈن بىردىن بىر يول يۆنىلىشى بولسا خۇلەيدە (ر.ئەنھا) نىڭ يولىدۇر.

# رۇبەييئ بىنتى مۇئەۋۋىز (ر.ئەنھا)

> پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئايال ساھابە.

رۇبەييئ (ر.ئەنھا) مەدىنىدىكى خەزرەج قەبىلىسىدىن بولغان مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرانىڭ قىزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغان زامانلاردا رۇبەييئ (ر.ئەنھا) نىڭ تاغىسى مۇئاز (ر.ئەنھۇ) ھەج مەۋسىمىدە مەككىگە باردى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ باشقا بارلىق قەبىلىلەرگە تەبلىغ قىلغىنىدەك بۇ قەبىلىگىمۇ دەۋىتىنى يەتكۈزدى، ئۇلارنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىپ ئىسلامنى چۈشەندۈردى. ئۇلار دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ، ئەقەبەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. ئۇلار مەدىنىگە قايتقىنىدا رۇبەييئ (ر.ئەنھا) ئاتىسى بىلەن بىرلىكتە تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مەككىدىكى ئەھۋاللاردىن سورىدى. مۇئاز (ر.ئەنھۇ) ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان رۇبەييئ ر.ئەنھا ئاتىسى مۇئەۋۋىز ر.ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە بولسا، رۇبەييئ (ر.ئەنھا) ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى.

ئەسما بىنتى مۇھەررەم ئىسىملىك بىر ئايال خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ساتقىلى مەدىنىگە كەلگەنىدى. ئۇ، رۇبەييئ (ر.ئەنھا) نى كۆرۈپلا:

ــ سەن ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ قىزىمۇسەن؟ــ دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئازار بەرمەكچى بولدى. (رۇبەييئ ر. ئەنھانىڭ ئاتىسى مۇئەۋۋىز ر.ئەنھۇ بەدر ئۇرۇشىدا ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرگەن ئىدى.) ئەسمانىڭ بۇ سوئالىغا رۇبەييئ (ر.ئەنھا) غەزەپلەنگەن ھالدا:

ــ ئەكسىچە مەن ئۆزىنىڭ قولىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ قىزىمەن، ــ دېدى. ئەسما:

ــ ساڭا بۇ خۇشپۇراقتىن سېتىش ھارام بولسۇن، ــ دېدى. رۇبەييىئ (ر.ئەنھا):

ــ ماڭىمۇ ئۇ خۇشپۇراقلاردىن ئېلىش ھارام بولسۇن، ــ دەپ ئۇ يەردىن كەتتى.

رۇبەييىئ (ر.ئەنھا) ئىياس ئىبنى بۇكەير (ر.ئەنھۇ) بىلەن توي قىلدى. توينىڭ ئىككىنچى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى زىيارەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرىپ سېلىنچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ دېدەكلىرى داپ ئۇرۇپ بېيىت ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا زامانلاردىمۇ رۇبەييىئ (ر.ئەنھا) لارنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى ۋە ئۇ يەردە تاھارەت ئالاتتى. بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، «كىمكى مېنىڭ ئالغان تاھارىتىمدەك تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئاللاھدىن ئەيمىنىش ئىچىدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، بۇ ئۇنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ.» دېدى. بىرئازدىن كېيىن رۇبەييىئ (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر تەخسىدە خورما ۋە ئۈزۈم ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن زىننەت بەرگەچ:

ــ بۇنى سىز تاقاڭ،ــ دېدى.

بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد (ر.ئەنھۇ) رۇبەييىئ (ر.ئەنھا) ئۆيىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تاھارەت ئالغانلىقىنى سورىدى. رۇبەييىئ (ر.ئەنھا) ئۇنىڭغا:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. بىر قاچىدا تاھارەت ئالاتتى. قوللىرىنى قاچىنىڭ ئىچىگە تىقماستىن يۇيۇش بىلەن تاھارەت ئېلىشنى باشلايتتى. ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ غەرــ غەر قىلاتتى. بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ بېرەتتى. يۈزىنى ئۈچ قېتىم، قوللىرىنى ئۈچ قېتىم يۇياتتى. ئاندىن كېيىن بېشىغا، قۇلاقلىرىنىڭ ئىچىــ تېشىغا مەسىھ قىلاتتى، پۇتلىرىنى ئۈچ قېتىم يۇياتتى دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەتنى قانداق ئالغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ مۇبارەك ساھابە ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن

ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقتى. ئۇممۇ ئۇممەرە ۋە ئائىشە (ر.ئەنھالار) بىلەن بىرلىكتە ھۇدەيبىيەدە دەرەخ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رىزۋان بەيئىتىنى بەردى. ئۇ ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ:

ــ ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىلىق سۆزلەپ بەرگىن، ــ دېگەن تەلىپىگە:

ــ ئەگەر سەن ئۇنى كۆرگەن بولساڭ، كۈن تۇغۇۋاتامدىكىن دەپ قالاتتىڭ، ــ دەپ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھەيرانلىقىنى ئىپادىلىگەن ئىدى.

# شىفا بىنتى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھا)

ئەقىللىقلىقى ۋە يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئايال ساھابە.

قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان شىفا بىنتى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھا) نىڭ ئەسلى ئىسمى لەيلا ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ۋە ھىجرەت قىلغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئايال ساھابىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەقىللىقلىقى ۋە يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان. قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاش ئۈچۈن بەزىدە شىفا (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيىگە باراتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇخلايدىغان بىر ئورۇن ۋە ئۇخلىغاندا كىيىدىغان بىر كىيىم تەييارلاپ قويغانىدى. بۇ كىيىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خېلى بىر زامانلارغىچە ئۇنىڭ يېنىدا ساقلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىيىمنى مەرۋان (ر.ئەنھۇ) ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئايالغا مەدىنىنىڭ «ھەققاقىن» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىسىدىن بىر ئۆي بەردى. شىفا (ر.ئەنھا) ئوغلى سۇلايمان بىلەن ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. شىفا (ر.ئەنھا) ئۆزى ئىچىدە بولغان بىر ھەدىسنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

— بىر كۈنى مەن سوئال سوراش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردىم. ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ماڭا ئۆزۈر ئېيتتى ۋە نامىزىنى باشلىدى. مەن ئۇ يەردىن چىققاچ شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنە (ر.ئەنھۇ) بىلەن توي قىلغان قىزىمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ناماز ۋاقتى بولۇشىغا قارىماي شۇرەھبىل ئۆيدە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ناماز باشلاندى، سەن تېخى ئۆيدىكەنسەنغۇ» دېدىم ۋە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدىم. شۇرەھبىل (ر.ئەنھۇ):

ــ ھاما! مېنى ئەيىپلىمە! چۈنكى ئايالىمىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ پەقەت بىرلا كىيىمىمىز بار. بۇگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ بىزدىن بىر كىيىم ئۆتنە ئالماقچى بولدى. باشقا كىيىمىمىز بولمىغاچقا بىز ئۇ كىيىمىمىزنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئۆتنىگە بەردۇق، ــ دېدى. مەنمۇ:

ــ ئاتا ــ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! مەن شۇرەھبىلغا ئاچچىقلىنىپتىمەن، ھالبۇكى ھالى بۇنداق ئىكەن، مەن بۇنى ھېس قىلالماپتىمەن، ــ دېدىم.

شىفا (ر.ئەنھا) مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتا كىرىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردا بەزى دۇئالارنى ئوقۇپ ھۆرەتتىم. بۇلارنى ساڭا ئاڭلاتماقچىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قېنى ئوقۇپ بېقىڭ، ــ دېدى.

مەن چۈمۆلە دۇئاسىنى ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئانى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ سىز بۇ دۇئالىرىڭىزنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىڭ ھەمدە ئۇنى ھەفسەگىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭ، ــ دېدى.

ئۆمەر (ر.ئەنھۇ)، ئەقىل ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولغان شىفا (ر.ئەنھا) نى ھەرقانداق بىر ئىشتا پىكىر ئېلىش ھەيئەتلىرىنىڭ بىرى دەپ قارايتتى ۋە ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن رازى بولاتتى. شىفا (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغاندى. ئۇلاردىن بىرىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەلنىڭ قايسى ئىكەنلىكى سورالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭدىن قالسا جىھاد قىلىش، ئۇنىڭدىن قالسا قوبۇل بولغان بىر ھەج» دەپ جاۋاب بەردى.

# زەبىيە بىنتى بەرا (ر.ئەنها)

> جىهاد زىكرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىگە ۋاستە بولغان ئايال ساھابە.

ئىسلام تارىخى «ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگۈچىلەر» دېگەن خىتابىغا مۇشەرەپ بولغان، ھاياتلىرىنى ھەق دىنغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە ياردەم بېرىش بىلەن تامامىلىغان ئىنسانلار بىلەن تولغاندۇر. بۇ ئەمەللىرىگە قارىتا ئۇلار «ئاللاھمۇ سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ» دېگەن خوش بىشارەتنى ئالغان، ۋە ئىسلام تارىخىدا ياردەم قىلغۇچى، دېگەن مەنىدىكى «ئەنسار» نامى بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن ۋە بۇ ئۇلۇغ ئالەمنىڭ يۇلتۇزلىرى بولغان ئىدى. زەبىيە بىنتى بەرائ (ر.ئەنها) بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدۇر.

زەبىيە (ر.ئەنها) ئەنسارىلاردىن بولغان ئەبۇ قەتادەنىڭ ئايالىدۇر. ئەنسارىلاردىن بولغانلىقىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشىنىڭ تۈرتكىسى ۋە غەيرىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۇرسەت تاپسىلا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئىلىم ئۆگىتىش سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، قەلب دۇنياسىنى بۇ سورۇنلاردىن ئالغان ئىلگىرلەشلىرى بىلەن قۇراللاندۇرۇپ يورۇتقانىدى. يورۇتۇلغان دىلى بىلەن ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىغان زەبىيە (ر.ئەنها) جۈمە نامازلىرىغىمۇ قاتناشماقچى بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— جۈمە نامىزىغا قاتنىشىش ۋە جىھادقا چىقىش سىلەرگە پەرز ئەمەس، — دېدى. قۇللۇق تۇيغۇسى بىلەن جىھاد قىلىش ئىشتىياقىدا يانغان زەبىيە (ر.ئەنها) بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا سەن ماڭا جىھاد قىلغانىنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغان زىكرنى ئۆگىتىپ قويامسەن» دېيىش ئارقىلىق جىھاد ساۋابىدىن

نېسىۋىسىنى ئېلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ:

ــ «سۇبھانەللاھ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر، لىللاھىل ھەمد» ــ دېدى.

جىھاد زىكرىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭ بىزگە قەدەر يەتكۈزۈلىشىگە ۋاستە بولغان ساھابە زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ ۋاپات بولغان يېرى ھەققىدە ماتېرىياللاردا بىرەر مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق. ئاللاھ تائالاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

# رۇبەييئ بىنتى نەدىر (ر.ئەنها)

بەدىر ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ئوغلىنىڭ شەرىپى بىلەن «شېھىت ئانىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئايال ساھابە.

رۇبەييئ (ر.ئەنها) ئەدىي ئىبنى نەججار قەبىلىسىدىن بولۇپ، بەدىر غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا شېھىت بولغان ھارىسە ئىبنى سۇراقە (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئانىسىدۇر. شېھىت ئانىسى بولغان بۇ ئايال ساھابە ئەينى زاماندا ئەنسارىلاردىن ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ ئىنسانغا يۈكلىگەن سەۋر خىسلىتىنى ئۆزىگە پرىنسىپلاشتۇرغان ئىدى. سەۋر قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە قارىتا كۈچلۈك قالقانىدى. ئوغلى ھارىسە شېھىت بولغاندا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ماڭا ھارىسەنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرەمسەن؟ ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا مەن ئۇنىڭغا سەۋر قىلىمەن ۋە ئاللاھدىن سەۋرىم ئۈچۈن ئەجىر تىلەيمەن، ناۋادا جەننەتتە بولمىسا يىغلىماسلىقىم ئۈچۈن باغرىمغا تاش باسىمەن،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بولغان فىردەۋسىتىدۇر،ــ دېدى. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان رۇبەييئ (ر.ئەنها) ناھايىتى خوش بولدى. بۇ ئۇلۇغ ئايال كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە بىر يەھۇدىي ئايالنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇۋەتتى. چىشى سۇنۇپ كەتكەن ئايالنىڭ يېقىنلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت تەلەپ قىلدى ۋە بۇ ئىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. رۇبەييئ (ر.ئەنها) نىڭ يېقىنلىرى قارشى تەرەپ بىلەن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلىسمۇ، ئۇلار پەقەتلا قوبۇل قىلىشمىدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىساس ئېلىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا قارار بەردى. بۇ قارارنى ئاڭلىغان رۇبەييئ (ر.ئەنها) نىڭ ئاكىسى ئەنەس ئىبنى نەدىر (ر.ئەنھۇ):

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن رۇبەييىنىڭ چىشىنى سۇندۇرامسەن؟ ياق، سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەمكى، سەن ئۇنىڭ چىشىنى سۇندۇرمايسەن، بۇ ئىنسانلار ئۇ تەرسالىقلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە كەچۈرۈۋېتىدۇ، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنەس (ر.ئەنھۇ) نىڭ قەسەم قىلغان ھالدا دېگەنلىرىنى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ ئاللاھنىڭ قۇللىرى ئىچىدە شۇنداق ئىنسانلار باركى، ئۇلار ئاللاھقا قەسەم قىلسا ئاللاھ دەرھال ئۇلارنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ.»

ھەقىقەتەن ناھايىتى قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدە چىشى سۇندۇرۇلغان ئۇ ئايالنىڭ يېقىنلىرى ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىپ كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

«ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ.» دېگەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن ھالدا، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن بىر ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان رۇبەييئ (ر.ئەنھا) ئاللاھنىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشىپ يۇقىرىقىدەك بىر قىساس ئىبلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

# ئاتىكە بىنتى خالىد (ر.ئەنھا)

قويىنىڭ سۈتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلىش بىلەن تونۇلغان ئايال ساھابە.

«ئۇممۇ مەئبەد» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئايال ساھابە ئاتىكە (ر.ئەنھا) ئىكسەم ئىبنى ئەبۇلجۇسەل خۇزائى (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالىدۇر.

ئاتىكە (ر.ئەنھا) نىڭ ئىسلام بىلەن تونۇشقان دەۋرى ئىسلامنىڭ يەر يۈزىنى يورۇتۇشقا باشلىغان ۋاقىتلىرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا توغرا كەلدى. يەنى تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ شەرىپىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭدىن نەسىۋىسىنى ئالغان بەختلىك ئايال بولدى. ئۇ ئۆزىنى شەرەپكە ئىگە قىلغان ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن كۆپلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بەرگەن ۋەدىسىگە (قىلغان بەيئىتىگە) ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سادىق قالغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردىمى بىلەن سەممىيىتىنى نامايەن قىلغانىدى.

ئۇنى باشقا ساھابىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ گۈزەل ئەۋزەللىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكىدەك ۋەقەلىك ئىدى.

ئاتىكە (ر.ئەنھا) چارۋا بېقىش بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە قوي بېقىپ، ئۇلارنىڭ سۈتلىرى بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. كۈن كەچۈرۈشنىڭ سەرمايىسى بولغان بۇ قويلارنىڭ سۈتلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ بىرىپ تۇرۇش ئۇنىڭغا نېسىپ بولغانىدى، ئۇ بۇ ئىشى بىلەن تونۇلغانىدى. ھەدىسنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن بىر كۈنى بىز تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدىكى قويلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ناھايىتىمۇ ئورۇق ۋە ئاجىز بىر قويىمىز بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ ئى ئۇممۇ مەئبەد، نېمىشقا بۇ قوي بۇ ھالدا؟ ،ــ دېدى. مەن:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بۇ ئورۇق بولغانلىقى ئۈچۈن پادىدىن ئايرىلىپ قالغان قوي ئىدى،ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇنىڭ سۈتى يوقمۇ؟ ،ــ دەپ سورىدى. مەن:

ــ سۈتى كېسىلىدىغاندەك تۇردۇ،ــ دېيىشىمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنى سېغىشىمغا رۇخسەت قىلامسىز؟ ،ــ دېدى.

ــ نېمىشقا بولمىغىدەك، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ــ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئەگەر سۈت چىقىرالايدىغاندەك بولساڭ ساغقىن، ــ دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينىڭ يىلىنىنى سىلىدى ۋە:«بىسمىللاھ» دېدى. ئۇ يەردىكىلەرگە سېغىلغان سۈتتىن ئىچۈرۈش ئۈچۈن بىر قاچا سورىدى. بېرىلگەن قاچىغا سۈتنى ساغدى ۋە ئۇممۇ مەئبەد (ر.ئەنھا) غا قانغىچە ئىچۈردى. ئاندىن كېيىن باشقا ساھابىلەرگە ئىچۈردى. ئۇلارمۇ قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى ئىچتى. بۇ يەردىكى ھەممەيلەن بۇ زىياپەتتىن رازى بولغانىدى.»

پەيغەمبەر مېھمان بولغان بۇ ئۆي؛ يەنى ئاتىكە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيى جايلاشقان بۇ يەر ھازىرمۇ «خەيمەتۇ ئۇممۇ مەئبەد» يەنى «ئۇممۇ مەئبەدنىڭ چېدىرى» نامى بىلەن تونۇلۇپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئۆيىدە قىزغىن كۈتىۋالغان، ئۇنىڭ بىلەن ئارىسىدا بولغان سۆھبىتى بىلەن تونۇلغان ئاتىكە (ر.ئەنھا) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغان سۈتنى ئىچىشىدىن، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق دۇنياسىدا كەۋسەر بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچىدىغان ناملىرىنىڭ بىرى بولۇدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئىشارەتنى ھېس قىلماقتىمىز. ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتىكە (ر.ئەنھا) نىڭ يولىدىن ئايرىمىسۇن.

# خەيرا (ر.ئەنها)

ئىسمى تەخەللۇسى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئايال ساھابە.

خەيرا (ر.ئەنها) كەئب ئىبنى مالىك (ر.ئەنهۇ) نىڭ ئايالىدۇر، شۇنداقلا ئىسمىدەك بىر مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان ئايالدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ساھابىلىرىم گويا يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلاردىن قايسى بىرىگە ئەگەشسەڭلار توغرا يولنى تاپقان بولىسىلەر.» دېگىنىدەك مەنىۋي دۇنيانىڭ ۋالىلداپ چاقنىغان نۇر مەنبەلىرى، سائادەت زامانىنىڭ بۇ تەلەيلىك كىشىلىرى پەيغەمبەردىن ئالغان تەلىم ــ تەربىيە ۋە قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى باشتىن ئاخىر ئىبرەتلەرگە تولغان بولۇپ، قايسى بىرىنىڭ ھاياتىغا نەزەر سالساق ئۇلاردا، ئۆزىمىزگە ھايات پرىنسىپى قىلىشقا ئەرزىيدىغان، ھاياتىمىزنى ھاياتقا ئوخشىتىدىغان نۇرغۇن گۈزەل خىسلەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئىبادەتتە، نەپىقەــ ئېھسان قىلىشتا ئۇلار ھەمىشە ھەممىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ زاماندىكى ئەرــ ئايال، قېرىــ ياش ھەتتا بالىلارغىچە ھەممىسى بۇ ئەمەللەردە بىرــ بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشەتتى. خەيرا (ر.ئەنها) بولسا شۇلارنىڭ قاتارىدىكى خەيرلىكتە كۆپ ساندىكىلەردىن ئىلگىرىلەپ كەتكەن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن، ياخشىلىق قىلىشتا قولى ھەمىشە ئۇچۇق تۇرغان ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال ئىدى.

ئۇ بىر قېتىم سەدىقە بېرىش ئارزۇسىدا ئۆزىگە ئائىت بىر كىيىمنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇنى سەدىقە قىلماقچىمەن،ــ دېدى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىسلامدا بىر ئايال ئېرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ بەرگەن ۋە ئېھتىياجى بولغان بىر نەرسىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەدىقە قىلسا بولمايدۇ. سىز ئېرىڭىز كەئبتىن رۇخسەت ئالدىڭىزمۇ؟ ،ــ دەپ سورىدى. خەيرا (ر.ئەنھا):

ــ شۇنداق،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبكە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كىيىمنى سەدىقە قىلىشقا رۇخسەت قىلغان قىلمىغانلىقىنى سورىغۇزدى. كەئب (ر.ئەنھۇ) ئۆزىنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيرا (ر.ئەنھا) دىن ئۇ كىيىمنى قوبۇل قىلدى.

خەيرا (ر.ئەنھا) ھاياتىدا قىلغان نۇرغۇن خەيرلىك ئىشلىرىغا ئوخشاش بۇ ئىشتىمۇ بىزگە بىر ئۈلگە بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە دىققىتىمىزنى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ۋە ئەرلەر تەمىنلىگەن بىر نەرسىنى سەدىقە قىلغاندىمۇ ئىسلام قانۇنىغا رىئايە قىلىشتەك يەنە بىر تەرەپكە يۈزلەندۈردى.

## ئۇممۇل خەير (ر.ئەنها)

> جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن بىر پەرزەنتنىڭ ئانىسىدۇر.

ئۇممۇل خەير (ر.ئەنها) نىڭ ئەسلى ئىسمى سەلما بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق دوستى بولغان ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنهۇ) نىڭ ئانىسىدۇر. ئۇممۇل خەير (ر.ئەنها) ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنهۇ) دەك ئىسىل پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە بولغان ساھابە ئايالدۇر.

ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولۇشى ئوغلى ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنهۇ) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئانىسىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى ئۆتۈنىشى ۋە شۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى نەتىجىسىدە روياپقا چىققان.

سەلما (ر.ئەنها) نىڭ ئىسلامغا كىرىش جەريانىنى ئائىشە (ر.ئەنها) مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنهۇ) مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن باشقىلارنىمۇ مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، ئۇچرىغانلا كىشىلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. مۇشرىكلار ئۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزدى. ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە ئۇچى ئۇچلۇق بىر ئاياق بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ، يۈزىنى يېرىۋەتتى. قاتتىق تاياق دەستىدىن ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنهۇ) نىڭ يۈز ــ كۆزى تونۇغىلى بولمىغىدەك ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. ئاخىرىدا بەنى تەيم قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنى بىر كىيىمگە ئوراپ دېگۈدەك ئۆيىگە ئەكېلىپ قويدى.

ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنهۇ) نىڭ ئاتىسى ئەبۇ قۇھافە ۋە بەنى تەيم قەبىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ

بۇ ھالغا كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن، گەپ قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتى. ئەمما ئۇ پەقەت كەچ بولغاندىلا ئاندىن زۇۋانغا كەلدى. ئۇنىڭ دېگەن گېپى پەقەت: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمە ئىشلار بولدى؟» دېگەندىن ئىبارەتلا بولدى. ئۇلار ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاچچىقلانغىنىچە پەشلىرىنى قېقىشىپ قايتىپ كېتىشتى. ئۇ يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىنى سوراشنى داۋام قىلاتتى. ئاخىرىدا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇنىڭ بۇ ھالى ۋاپادار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقەت تۇيغۇسىنى قاتتىق قوزغىدى. ئۇنى قۇچاقلىدى، سۆيدى. ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەنىدى. ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ):

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ مېنىڭ ئانام، سەن بولساڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن، دۇئا قىلغىن، ئاللاھ تائالا سېنىڭ دۇئايىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرار، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئۇلار ئۇ يەردىن تېخى ئايرىلماي تۇرۇپلا سەلما (ر.ئەنھا) كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ۋە ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ ئانىسى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇسۇلمان بولۇشتى.

سەلما (ر.ئەنھا) ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە قارىماي مۇسۇلمان بولغانىدى. ئوغلى ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، ئۇ يالغۇزلىقى بىلەن ئاللاھقا ئامانەت قىلىنغان ھالدا بارلىق مۇشەققەتلەرگە كۆكسىنى كېرىدى ۋە جەننەت بىلەن خوش خەۋەر بېرىلگەن بىر پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە لايىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماي، بۇ ئۇلۇغ نېمەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى.

## ئۇممۇ خالىد (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن كىيىم ھەدىيە قىلىنىشتەك شەرەپكە ئېرىشكەن پەزىلەتلىك ئايال ساھابە.

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى «ئەمەت» بولۇپ ئۇممۇ خالىد بولسا، لەقىبى ئىدى. ئاتىسى خالىد ئىبنى سەئىد، ئانىسى ھۇمەينە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئىدى. ئاتىسى بىلەن ئانىسى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان كارۋان بىلەن بىللە ئۇ يەرگە كۆچكەن ئىدى. ئۇممۇ خالىد (ر.ئەنها) ھەبەشىستاندا دۇنياغا كەلدى. ئۇ باللىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ئۇ يەردە ياشىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ نىكاھ ئەھدىنى ۋاكالىتەن بېجىرگەن ھەبەشىستاننىڭ پادىشاسى نەجاشى ئۆزى تەييارلاتقان ئىككى كېمە بىلەن مۇھاجىرلارنى مەدىنىگە يولغا سالدى. بۇ پادىشاھ كېمىدىكىلەرنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن ھەتتا پىرىستانغىچە كەلدى ۋە: «ھەممىڭلار مەندىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سالام دەڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام ئېيتتى. بۇ سالامنى ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئۇممۇ خالىد (ر.ئەنها) مۇ بار ئىدى.

ئۇممۇ خالىد (ر.ئەنها) مەدىنىگە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭلا ئاتىسى بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا زىيارەتكە باردى. بۇ زىيارەتنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى:

«مەن ئاتام بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا زىيارەتكە باردىم. ئۈستۈمدە سېرىق رەڭلىك بىر كىيىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمىمنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ھەبەشىستان شىۋىسىدە گۈزەل دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ‹سېنا، سېنا› دېگەن سۆز بىلەن كىيىمىمنى ياقتۇرغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇممۇ خالىد (ر.ئەنھا) سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك مۆھرىنى ئويناشقا باشلىدىم. ئاتام مېنى توسماقچى بولۇۋېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــبولدى ئويىنغىلى قويغىن،ــ دېدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر يۇرۇش كىيىم ــ كېچەكلەر كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قارا نەقىشلىق بايراق نۇسخىسىنى ئەسلىتىدىغان توقۇلما بىر كۆينەك بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹بۇنى كىمگە كىيدۈرۈشىمنى خالايسىلەر؟› دەپ سورىدى. ئەتراپتىكىلەردىن ھېچكىمنىڭ گەپ قىلماي، جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن: ‹ئۇممۇ خالىدنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار!› دېدى. ئۇممۇ خالىد ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىيىمنى ئۆز قولى بىلەن ئۇممۇ خالىدنىڭ ئۇستىگە كىيدۈردى ۋە كىيىمنىڭ ئۇستىدىكى سېرىق، يېشىل توقۇلمىلارغا قاراپ: ‹ئۇممۇ خالىد «سەنەھ» يەنى بۇ ساڭا ياراشتى› دېدى ۋە ئىككى ئۈچ قېتىم: ‹ئۇنى ئۇستۇڭدە كونىرىغىچە كىيگىن› دېگەن مەنىدە گەپ قىلدى.»

ئۇممۇ خالىد (ر.ئەنھا) ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يېتىشكەن ۋە جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خوش خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بىلەن نىكاھلىنىپ دۇنيادىكى ئائىلىسىنى قۇردى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئىككى ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئۇممۇ خالىد (ر.ئەنھا) ئۆمرىنى ئۆزىنى مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان گۈزەل ئەمەللەر بىلەن بېزەش ئىرادىسى ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

# ئۇممۇ ھەكەم بىنتى زۇبەير (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىدى.

ئۇممۇ ھەكەم (ر.ئەنھا) ئىنسانلارغا ھۇزۇر، بەخت، ھەق ۋە ھەقىقەت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، ئالەملەرگە رەھمەت بولۇشتەك ئۇنۋانى بىلەن كائىناتقا رەھمەت قۇياشى بىلەن ئىللىقلىق بېغىشلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزىدۇر.

نەسەبىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يېقىن بولۇشىدىن باشقا يەنە پۈتكۈل ئالەمگە قارىتىلغان ھىدايەت چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، مۇسۇلمان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبەدىي يېقىن بولۇش يولىنى ئاچتى. ئۇ مۇسۇلمان بولغان زاماندا ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ يولىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بولۇشقا ئۇرۇنغىنىدەك ئۇمۇ باشقا قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش جاپا ۋە ئازاپ ــ ئوقۇبەتتىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان ئىدى.

ئۆممۇ ھەكەم (ر.ئەنھا) سىرتتىكى باش ئاغرىقلىرىغا كۆكسىنى كېرىپ باش ئەگمەسلىككە تىرىشسىمۇ، ئائىلە ئىچىدىكى مەسئۇلىيەتلەر ئۇنى خورتىشقا باشلىغان ئىدى. ئۆيدە ئۇنىڭغا ياردەملەشكىدەك بىرەرى بولغىنىدا بەلكىم ئۇ ئاز ــ پاز ئارام ئېلىپ قالغانمۇ بولاتتى. ئۇ بۇ نوقتىغا ئالاقىدار بىر ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا ئەسىرگە چۈشكەن بىرمۇنچە كىشىلەر ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. مەن تۇغقىنىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆيىمىزگە ياردەم قىلغۇدەك بىر

خىزمەتچى سوراش تەكلىۋىنى بەردىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردۇق. ئۇنىڭغا ھېرىپ ــ چارچاپ ئىشلىرىمىزغا يېتىشەلمەي قېلىۋاتقانلىقىمىزدىن ھال ئېيتىپ، ئەسىرلەردىن بىرەردىن خىزمەتچىلىككە بېرىشىنى ئۆتۈندۇق. شەرەپ ئىگىسى بولغان ئۇ پەيغەمبەر بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزگە قارىتا مۇنداق دېدى:

«بەدرىنىڭ يېتىملىرىنى ئەسىرگە ئېلىش ئىشى سىلەرگە كۆرە ئەمەستۇر. مەن سىلەرنى بۇنىڭدىن ياخشى بىر ئىشقا باشلاپ قوياي. ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدىن “33 قېتىم تەسبىھ، (سۇبھانەللاھ)، 33 قېتىم تەھمىد ( ئەلھەمدۇلىللاھ)، 33 قېتىم تەكبىر (ئاللاھۇ ئەكبەر) دېسەڭلار ۋە ئارقىدىن لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ، لا شەرىيكە لەھ، لەھۇل مۇلكۇ ۋە لەھۇل ھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير”نى بىر قېتىم دېسەڭلار، بۇلار سىلەر ئۈچۈن ئەسىر خىزمەتچى ئېلىشتىن كۆپ خەيرلىكتۇر.»

ئۇممۇ ھەكەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالغان بۇ تەۋسىيە بىلەن خىزمەتچى ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن ۋە ئاللاھنى تېخىمۇ كۆپ زىكرى قىلىشقا بېرىلگەن ئىدى.

# ئۇممۇ زۇفەر (ر.ئەنھا)

> پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن جەننەت بىلەن خوش بىشارەت بېرىلگەن ئايال ساھابە.

ئۇممۇ زۇفەر (ر.ئەنھا) قارا تەنلىك، ياشانغان بىر ئايال بولۇپ، ئانىلىرىمىزدىن خەدىجە (ر.ئەنھا) نىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇ تەنھا ھالىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پاناھلىق تىلىگەن ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى. ئۇ ئەينى چاغلاردا خەدىجە ئانىمىزنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قوياتتى.

ئۇممۇ زۇفەرگە جىن چاپلىشىپ قالغانىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ پات ــ پات ئاغرىپ قالاتتى. ئۇ بۇ كېسەللىكنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىچىدە سەۋرى قىلاتتى، باش ئېگەتتى. كېيىنكى زامانلاردا جىن چاپلىشىپ قالغان كېشىلەردىن بىر مۇنچىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشىدىغان بولۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كېلىنگەن كېسەللەرنىڭ كۆكسىلىرىگە ئۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرىدىن قارا رەڭلىك نەرسە چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن كېسەللەر ساقىيىپ قالاتتى. ئۇممۇ زۇفەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئەمما ئۇ ساقايمىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئايال بۇ دۇنيادا مۇشۇ ھالەتتە ياشىغىدەك، ئەمما ئاخىرەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.» دېدى.

يەنە بىر قېتىمدا ئۇممۇ زۇفەر (ر.ئەنھا) كېسەل بولۇپ قالغاندا، قېرىنداشلىرى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر خالىساڭلار دۇئا قىلاي، ئاللاھ شىپالىق بېرەر، خالىساڭلار دۇئا قىلمايمەن، ئۇ چاغدا بۇ ئايال مۇشۇ ھالەتتە ياشايدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە ئۆزىدىن ھېچبىر ھېساب بەرمەيدۇ، يەنى ھېسابقا

تارتىلمايدۇ.» دەپ ئۇممۇ زۇفەر (ر.ئەنھا) نىڭ قېرىنداشلىرىنى ئىختىيارىغا قويىدى.

ئەتا ئىبنى رەباھە مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئىبنى ئاباس (ر.ئەنھۇ):

ــ ساڭا جەننەتلىك بىر ئايالنى كۆرستەيمۇ؟،ــ دېدى. مەن:

ــ كۆرسەت،ــ دېدىم. ئۇ ماڭا ئۇممۇ زۇفەرنى كۆرستىپ تۇرۇپ:

ــ ئەنە ئاشۇ قارا تەنلىك ئايال بارغۇ، ئۇ ئايال بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن تۇتقاق كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمەن، كېسىلىم تۇتقاندا ھەممە يېرىم ئېچىلىپ قالىدۇ، ماڭا دۇئا قىلساڭ،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

ــ ئەگەر سەۋرى قىلسىڭىز سىزگە جەننەت بار. ئەمما خالىسىڭىز ئاللاھنىڭ سىزگە شىپالىق بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاي،ــ دېدى. ئۇممۇ زۇفەر (ر.ئەنھۇ):

ــ سەۋرى قىلاي، ئەمما ئېچىلىپ قالىمەن، ئېچىلىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

خۇددى سۇمەيرا (ر.ئەنھا) نىڭ «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ھاياتلا بولىدىكەنسەن، پۈتۈن مۇسىبەتلەر بىز ئۈچۈن يەڭگىل بىلىنىدۇ» دېگىنىدەك، ئۇممۇ زۇفەر (ر.ئەنھا) نىڭ جەننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن قوشنا بولۇش ئىشتىياقى كۈچەيگەنسىرى ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ دەردلىرى يەڭگىللەشكەندەك بولاتتى.

ئۈمىدىمىز شۇكى، بۈگۈنكى كۈننىڭ مۇسۇلمان ئاياللىرىمۇ ئۇممۇ زۇفەر (ر.ئەنھا) دەك ئوخشاش روھ ۋە ئىشتىياق بىلەن ياشىغاي ۋە ئۇ دەرىجىگە ئېرىشىشكە بەل باغلىغاي.

# ئۇممۇ ئەتىييە (ر.ئەنها)

يەتتە قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان قەھرىمان ئايال ساھابە.

ئۇ، ئەسلى مەدىنىلىك ھارىسەنىڭ قىزى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى نەسىبە ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلامنى تونۇپ، مۇسۇلمان بولۇشى ھىجرەتتىن بۇرۇنلا ئەمەلىيلەشكەنىدى.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ بەيئەت قىلىش مەدىنىدىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسى بولغىنىدەك ئۇنىڭمۇ ئاجايىپ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. ئاخىرىدا بۇ ئۇزۇندىن بېرى تەلمۈرۈشۈپ ساقلىغان مۇبارەك مېھمانمۇ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنى زارىقىپ كۈتۈشكەن كىشىلەر توپ ــ توپى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىشتى. ئۇممۇ ئەتىييەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۇچتى ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى.

قىلغان بەيئىتىنىڭ سىزىقىدىن ھېچ ئايرىلماي ياشاشنى داۋاملاشتۇردى. ھەتتا ھەممە ئادەم ئۇنىڭ دىنىي ۋاجىبلارنى ئادا قىلىشتىكى تەۋرەنمەسلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سادىقلىقىنى بىلىشەتتى. ئۇ ساداقەتمەنلىكىدە شۇنچىلىك ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئىدىكى، ھەرقانداق ئۇرۇشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ھەرگىز قېلىپ قالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەتتە قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدا تاماق ئېتەتتى. يارىدارلارنى داۋالاپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. سۇ توشۇيتتى. ئۇرۇش جەريانىدا ئۈستىگە قانداق مەسئۇلىيەت يۈكلەنسە ئۇنى سەممىيلىك بىلەن ئورۇنلايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب (ر.ئەنها) ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قىزىنىڭ مېيىتىنى يۇيۇشقا مەسئۇل قىلدى ۋە ئۇممۇ ئەتىييە (ر.ئەنها)

گە زەينەب (ر.ئەنھا) نى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇشقا، ئەگەر بىرەر نەرسە كۆرۈلسە يۇيۇش قېتىم سانىنى بەشكە چىقىرىشقا، مېيىتنى يۇيۇشنى سول تەرەپتىن باشلاشقا، تاھارەت ئېلىنىدىغان ئەزالاردىن باشلاپ يۇيۇشقا بۇيرىدى.

ئۇممۇ ئەتىييە (ر.ئەنھا) ئىمانى كۈچلۈك، ناھايىتولىمۇ سەۋرچان ۋە چىداملىق بىر ئايال ئىدى. چۈنكى ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەۋرنى، سەۋرچانلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان كاتتا ئەجرنى ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇ ئوغلى ۋاپات بولغىنىدىمۇ سەۋر قىلالىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەمكىن ھالىتىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ بۇنچىلىك سەۋر قىلالىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن ئالغان بەيئەتتە، ئۆلگەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن پەريات چېكىپ يىغلىماسلىق توغرىسىدا بىزدىن ۋەدە ئالدى. شۇنداقلا بىر ئايالنىڭ ئېرىدىن باشقا بىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى.» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتناشقان بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 40 ھەدىس رىۋايەت قىلغانىدى.

# ئۇممۇل فەزل (ر.ئەنها)

روزىنى كۆپ تۇتىدىغان ئايال ساھابە ئىدى.

ئۇممۇل فەزل (ر.ئەنها) «لۇبابەتۇل كۇبرا» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى ھارىس ئىبنى خازان، ئانىسى خەۋلە بىنتى ئەۋتەر ئىدى. ئۇنىڭ نامىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئايال ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرى بولغان مەيمۇنە (ر.ئەنها) نىڭ ھەمشىرىسى بولغانلىقى ئىدى. ئۇ خەدىچە ئانىمىز (ر.ئەنها) دىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىردان تاغىلىرىدىن بىرى بولغان ئاbbas (ر.ئەنهۇ) بىلەن نىكاھلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەتتە پەرزەنتى دۇنياغا كەلگەنىدى.

ئۇممۇل فەزلنىڭ ئېرى ئاbbas (ر.ئەنهۇما) مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇلار مەدىنىگە بىللە ھىجرەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات ــ پات كېلىپ، زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. بەزىدە چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇ يەردە ئۇخلايتتى.

ئۇنىڭ ئوغلى ئىبنى ئاbbas (ر.ئەنهۇ) ئانىسىنىڭ روزا تۇتۇشقا ئىنتايىن بەك ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى، ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە روزى تۇتۇش بىلەن ياشىغانلىقىنى، بولۇپمۇ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى پەقەت قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغانىدى.

سىماك ئىبنى ھەربىتىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇممۇل فەزل (ر.ئەنها) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! چۈشۈمدە سىنىڭ ئەزالىرىڭدىن بىر پارچىسىنى مەن ئۆز ئۆيۈمدە كۆرگەندەك قىلدىم، ــ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

ــ ياخشى بىر نەرسە چۈشەپسىز، بىزنىڭ فاتىمەنىڭ بىر بالىسى تۇغۇلىدۇ، سىز ئۆز ئوغلىڭىزنىڭ سۈتى بىلەن ئۇنى ئېمىتىڭ.ـ دېدى. بۇ چۈشنى كۆرۈپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھۈسەين دۇنياغا كەلدى. ئۇممۇل فەزل (ر.ئەنھا) ئۇنى ئېمىتتى ۋە ئۇنىڭ ئېنىك ئانىسى بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئۇممۇل فەزل (ر.ئەنھا) ھۈسەين (ر.ئەنھۇ) نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۆيۈپ پۇراشقا باشلىدى. كىچىك ھۈسەين پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا سىيىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىياپىتىنى ھېچ ئۆزگەرتمەستىن:

ــ ئۈستۈمگە سىيىپ قويغان نەۋرەمنى ئېلىڭ مانا، ــ دېدى. ئۇممۇ فەزل (ر.ئەنھا) ھۈسەيىننى قوچىغىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز ئاچچىغلانغاندەك قىلىپ:

ــ سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاۋارچىلىق سالدىڭ، ئۇنىڭغا سىيىپ قويدۇڭ، ــ دېدى. بۇنىڭ بىلەن بالا يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئۇممۇل فەزل! سىز نەۋرەمنى يىغلىتىش ئارقىلىق ماڭا ئازار بەردىڭىز، ــ دېدى. ئاندىن بىر ئاز سۇ تەلەپ قىلىدى ۋە سۇنى سۈيدۈك تەگكەن يەرلەرگە تۆكۈپ تۇرۇپ:

ــ سىيىپ قويغان كىچىك بالا ئوغۇل بالا بولغىنىدا سۈيدۈك تۆككەن يەرگە سۇ تۆكۈۋەتسىڭىزلا بولىدۇ. ناۋادا قىز بالا بولغىنىدا سۈيدۈك تەگكەن يەرنى بىر قېتىم يۇيىۋېتىڭ. ــ دېدى.

ئۇممۇل فەزل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر نەرسىلەر ئەۋەتىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر ئارىيا كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قاچىدا سۈت ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسى ئۈستىدە ئىدى. ئۇ ئۇممۇ فەزل (ر.ئەنھا) نىڭ ئەۋەتكەن سۈتىنى ئىچتى.

## ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇما)

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى، ئائىشەنىڭ ئاتا بىر ھەمشىرىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىنسىڭلىسى.

ئۇنىڭ ئانىسى خارىجە بىنتى زەيدنىڭ قىزى ھەبىبەدۇر. ئۇ ئائىشە ئانىمىز بىلەن بولغان يېقىنلىقى سەۋەبى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئۆيلىرىگە پات ــ پات كېلىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۇنچىۋالا كۆپ كىشىلەرگە نېسىپ بولمىغان، ئىنسانلار ئىچىدە ئالاھىدە تەرەپلىرى بىلەن پەرقلىنىدىغان، ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن «رەزىياللاھۇ ئەنھۇم» (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) سۆزى ئايرىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشىغاندۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىنسىڭلىسى، ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى، ئائىشەنىڭ ھەمشىرىسى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بولۇش بىلەن بىرلىكتە ئەينى زاماندىكى جەننەتتىن خوش بىشارەت ئالغۇچىلاردىن بىرى بولغان تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ (ر.ئەنھۇ) بىلەن نىكاھلانغان تەلەيلىك ئايال ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۈچ پەرزەنت ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئائىلىسىنى نۇرلاندۇردى. تۆگە ۋەقەسىدە تەلھە (ر.ئەنھۇ) ۋاپات بولۇپ ئۇممۇ كۇلسۇم تۇل قالدى. ئائىشە ئانىمىز ئۇنى ھەجگە بىللە ئېلىپ باردى ۋە ئۇلار بىرلىكتە ھەج قىلدى. (ر.ئەنھۇما)

بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇ) بىلەن نىكاھلانغان ئۇممۇ كۇلسۇم ئۇنىڭدىن تۆرت پەرزەنت يۈزى كۆردى. سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئۆيىگە پات ــ پات كىرىپ تۇراتتى ۋە بەزى بىر ئەھۋاللارغا ئىشتىراك بولاتتى. ئۇ بىرئاز چوڭ بولۇشقا باشلىغاندا ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ــ چىقىشقا شەرئىي

جەھەتتىن رىۋخسەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ باللىرىنىڭ بىرى سۈت ئېمىش يېشىدا ئىدى. ئۇممۇ كۇلسۇم سۈتىنى سېغىپ سالىمغا ئۈچ قېتىم ئىچكۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئېمىلدەشلىككە كىرگەن سالىم (ر.ئەنھۇ) ئائىشە ئانىمىزنىڭ يېنىغا كىرىپ ــ چىقىشنى نورمال داۋاملاشتۇردى.

ئۇممۇ كۇلسۇم ئاتىسى ئەبۇ بەكىر (ر. ئەنھۇما) تەربىيىسى بىلەن ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بىرى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر بېسىق، كەمتەر، مەرت تەبىئىتىنى ۋە ئاللاھقا بولغان سەممىيلىكى، ئەدەبلىكلىگىنى ۋە قۇللۇقىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ كەلدى. بىزلەرنىڭمۇ ئاشۇنداق ياشىيالىشىمىزغا ئاللاھنىڭ نېسىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## خەۋلە بىنتى سەئلەبە (ر.ئەنها)

◉ ھەققىدە ئايەت نازىل بولغان ئايال ساھابە.

خەۋلە (ر.ئەنها) ئەنسارىلاردىن ئەۋس ئىبنى سامىتنىڭ ئايالىدۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنى ئۆز ئۆيلىرىدە مېھمان قىلىشنى ناھايىتى بەك ئارزۇ قىلىشقانىدى. ئۇنىڭ يولىغا خېلى كۆنلەردىن بېرى ئىنتىزار بولۇشقانىدى. پەقەت ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە (قەسۋا) توختىماي ئۆتۈپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىدى.

خەۋلە (ر.ئەنها) نىڭ ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلار بار ئىدى. ئەمما ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىن قالغان (زىھار قىلىش) (ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ ئاياللىنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق تالاق قىلىش ئادىتى) ھەققىدە ھېچقانداق بىر ھۆكۈم بولمىغان ئەھۋالدا بۇنىڭغا ئالاقىدار ئايەتنىڭ نازىل قىلىنىشىغا سەۋەپ بولغانلىقى بىلەن بارلىق ساھابىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كەتكەنىدى. خەۋلە (ر.ئەنها) نىڭ يېشى خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان ئېرى بىر كۈنى پەرىشان بولۇپ تۇرغاندا، خەۋلە ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلدى. ئەۋس بۇنىڭغا ئاچچىغلىنىپ: « سەن ماڭا خۇددى ئانامنىڭ ئۇچىسىدەك» دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ قايتىپ كىردى ۋە ئايالى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشنى تەلەپ قىلدى. خەۋلە بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ۋايساپ، ئېرىنىڭ بۇ يامان خۇيىنى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ پەرىشان ھالدا ئوتتۇرىدا قالغانلىقىدىن

شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ ئى خەۋلە تاغىڭىزنىڭ ئوغلى قېرىغان بىر ئادەم، سىز ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭ، ــ دېدى. خەۋلە (ر.ئەنھا):

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن مېلىمنى ئۇنىڭغا بەردىم، ياشلىقىممۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئۆتكەندى. ئەمدى قېرىغاندا بولسا مېنى زىھار قىلدى، ــ دېدى ۋە «ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا شىكايەت قىلىۋاتىمەن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى. خەۋلە (ر.ئەنھا) تۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىماستىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولۇشقا باشلىدى. ئاللاھ تائالاھ ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قارىتا ئايەت نازىل قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

ــ ئى خەۋلە! ئاللاھ سىز ۋە ئېرىڭىز ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى، دەپ نازىل بولغان تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى: [ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللار ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، ئاللاھ، شەك ــ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.] [1]

ئاللاھ تائالا خەۋلە (ر.ئەنھا) نىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا بىر چىقىش يولى كۆرسەتكەنىدى. بۇ ئايەتنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئايەتلەردە ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن قېلىپ قالغان جاھىلىيەت ئادەتلىرىدىن بىرى بولغان ‹زىھار› سۆزىنى قىلغۇچىلارنىڭ كىشىلەرگە كاپارەت بولىدىغان جازا تۈرلىرى توغرىلىق توختالغان بولۇپ، بۇنىڭدا بىر قۇلنى ئازات قىلىش، ئۇنى قىلالمىغانلار ئىككى ئاي روزا

1 مۇجادىلە سۈرىسى 2-1- ئايەتلەر.

تۇتۇش، ئۇنىمۇ قىلالمىغانلار 60 مىسكىنگە تاماق بېرىش ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋلەگە:

ــ ئېرىڭىزگە دەڭ ،بىر قۇل ئازات قىلسۇن،ــ دېدى. ئۇ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ قۇل ئازات قىلىدىغان بىر نەرسىسى يوق، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنداق بولسا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ روزا تۇتسۇن، ــ دېدى. ئۇ يەنە:

ــ ئۇ ناھايىتىمۇ قېرىپ كەتتى، ئۇ روزىنى مۇنداق تۇتالمايدۇ، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئاتمىش يوقسۇلغا بىر ۋەسەق خورما يېدۈرسۇن، ــ دېدى. خەۋلە (ر.ئەنھا):

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭدا ھەتتا بۇمۇ يوق، ــ دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىز سىزگە بىر دەرەخنىڭ مېۋىسى مىقدارىدا خورما بېرەيلى، ــ دېدى. خەۋلە (ر.ئەنھا):

ــ مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك خورما بېرىمەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بەكمۇ ياخشى قىلدىڭىز، سىز قايتىپ ئۇ خورمىنى ئۇنىڭغا بېرىڭ ۋە ئېرىڭىزنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن ياردەم بېرىڭ،ــ دېدى. خەۋلە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.

ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە خەلىپە ئۆمەر مەدىنە كوچىلىرىدا كېتىۋاتقاندا خەۋلە (ر.ئەنھا) نى ئۇچرىتىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى. خەۋلە (ر.ئەنھا) ئۇنىڭ سالىمىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا خەلىپە ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ يېنىدا تۇرغان جارۇد ئىبنى مۇئەللا ھەيران بولغان ھالدا خەۋلەگە قاراپ:

ــ ھەي خېنىم! سەن مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنى ئۇزۇن تۇتۇپ قالدىڭ، ــ دېدى. خەلىپە

ئۆمەر (ر.ئەنھۇ):

ــ بولدى قوي، سەن ئۇنى تونۇمامسەن؟ بۇ خەۋلە بىنتى سەئلەبە (ر.ئەنھا) بولىدۇ. ئۇ ئەۋس ئىبنى سامىت (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالى. بۇ ئايال بولسا، ئاللاھ تائالا يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ، ھەققىدە ئايەت نازىل قىلغان ئايالدۇر. شۇنداق ئىكەن ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى لازىم، ــ دەپ خەۋلە (ر.ئەنھا) نىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بەرگەچ ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلدى. خەۋلە (ر.ئەنھا) ئۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن خەلىپە ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) يېنىدىكىلەرگە: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ناۋادا ئۇ تاكى ئاخشامغىچە تۇرۇۋېرىپ مەن بىلەن گەپلەشكىنىدە مەن نامازدىن باشقا بىر ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالمايتتىم، نامىزىمنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا كېلەتتىم.» دېدى.

# ئۇمامە بىنتى زەينەب (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىز نەۋرىسى.

ئاللاھنىڭ يېقىنلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ ۋەسىلىسى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبىرىگە يېقىن بولۇش ھەر بىر ئەقىدىلىك مۇسۇلماننىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇسىدۇر. مۆمىن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇش، ئۇ ئالەمدە ئۇنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىدامچانلىق كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈممىتى بولۇشتەك يېقىنلىق بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتىدىن ئىبارەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەسەب جەھەتتىن يېقىن بولۇشتىن ئىبارەت بىر دەرىجە باردۇر. ئۇمامە (ر.ئەنها) مانا مۇشۇ تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەسەبى يېقىنلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب (ر.ئەنها) نىڭ قىزىدۇر. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسىدۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇل ئاس ئىبنى رەبىيئ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دۇر. ئۇمامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقەت قاناتلىرى ئاستىدا چوڭ بولغان ئىدى. ئەبۇ قەتادە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبەرىمىز ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. قۇچىقىدا ئەينى زاماندا تېخى كىچىك بىر قىزچاق بولغان ئۇمامە (ر.ئەنها) بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ نامازغا

تۇردى. رۇكىغا چۈشكەندە چۈشۈرەتتى. تۆزلەنگەندە بولسا يەنە قۇچىقىغا ئالاتتى. ھەتتا نامازنى تاماملاپ بولغىچە شۇ بويىچە قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى بەيت ئىچىدىكى ئايال زاتلار ئىچىدە ئۇمامەنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى قولىدا بىر ئالتۇن بۇلاپكىنى تۇتقان ھالدا ئۆيگە كىلىپ: «مەن بۇ بۇلاپكىنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرىگە بىرىمەن» دىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئانىلىرىمىز «ئىبنىقكى ئۇنى چوقۇم ئەبۇ بەكىرنىڭ قىزى ئائىشەگە بىرىدۇ» دىگەن پەرەزدە بولۇشتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىز نەۋرىسى ئۇمامەنى چاقىردى ۋە بۇ بۇلاپكىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئۆز قوللىرى بىلەن ئىسىپ قويدى ۋە ئۇمامەنىڭ كۆزىگە چاپلىشىپ قالغان بىر كىرەكسىز نەرسىنى ئىلىپ تاشلىۋەتتى.

ئۇمامە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چاغلىرىدا ئۇنىڭغا نەۋرىلىك ھۆزۈرىنى ھىس قىلدۇرغان ھالدا ياشىغان ئىدى.

# ئاتىكە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاممىسى.

ئاتىكە (ر.ئەنھا) فاتىمە بىنتى ئامىرنىڭ قىزى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاممىسىدۇر. ئۇ ھىجرەتتىن بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغان ۋە ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئىدى.

ئۇ ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى ناھايىتى بەك ئەنسىرەتكەن بىر چۈش كۆردى. ئۇ قېرىندىشى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب (ر.ئەنھۇ)غا: «ساڭا بىر نەرسە دەپ بەرمەكچىمەن، ئەمما دەپ بەرگەنلىرىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىق كىشىلەرگە ھەرگىز دەپ بەرمەسلىككە ۋەدە بەرگىن، مەن سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ بېشىغا بىر يامانلىق ۋە مۇسىبەتنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىراۋاتىمەن» دېدى. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشى مۇنداق ئىدى:

قۇرەيشلەر بەدرگە ئۇلاغلىق چىقىشتىن بۇرۇن ئاتلىق بىر ئادەم ئابتاھ دېگەن يەردە ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە تۇرۇپ ئۈنىنىڭ بېرىچە: «ئى ئۆزۈرلۈك كىشىلەر! ئۆلىدىغان ئورەكلەرگە يۈگرەڭلار» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ۋاقىرغانمىش. ئاتىكە چۈشىنىڭ داۋامىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلىقىنى كۆردۈم، ئاندىن ئاتلىق ئادەم ئابدۇلمۇتتەلىب ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچىگە كىردى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردى. شۇ چاغدا ئاتلىق ئادەم ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئۆلغى كەبىنىڭ تۆۋرىكىگە سوركەلدى. ئابباس ئالدىدا دېگەن گەپلىرىنى ۋاقىراپ تۇرۇپ تەكرارلايتتى. ئۇندىن كېيىن ئەبۇ كۇبەيس تېغىدىن بىر قېيا پارچىسىنى تۇتۇپ دومىلىتىۋەتتى. قىيا دومىلىغان پېتى كەلدى ۋە تاغنىڭ ئېتىكىگە قەدەر چۈشۈپ ئۇ يەردە يېرىلدى. مەككىدىكى ئۆي نامىدىكى ھېچ بىر نەرسە قالماي دېگۈدەك ھەر بىر ئۆينىڭ

ئۇستىگە ئۇ تاش پارچىلىرىدىن بىرەر پارچە چۈشتى. ھەيران قالارلىقى بەنى ھاشىم قەۋمى بىلەن بەنى زۇھرە قەۋمىدىكىلەرنىڭ ئۆي ــ ۋاقلىرىغا بۇ تاش پارچىسىدىن ھېچنېمە چۈشمىدى.

ئاتىكەنىڭ قېرىندىشى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب (ر.ئەنھۇما) «بۇ بىر راست چۈشتۇر» دېدى ۋە دەرھاللا ئەندىشىلەنگەن ھالدا سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ سىرتتا ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ۋەلىد ئۇنىڭ دوستى ئىدى. ئۇ چۈشنى ۋەلىدكە سۆزلەپ بەردى ۋە بۇ چۈشنى ھېچكىمگە دېمەسلىكنى تاپىلىدى. ئەمما بۇ ۋەقەلىك كىشىلەر ئارىسىدا تارقاپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئاتىكەنىڭ چۈشى ھەققىدە سۆزلىشەتتى.

ئەبۇ جەھىل: «ئى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلادى! ئەرلىرىڭلارنىڭ پەيغەمبەرلىك داۋاسىنى قوبۇل قىلمساق، ئەمدى ئاياللىرىڭلار بېشىمىزغا پەيغەمبەر بولدىمۇ؟ ئاتىكە چۈشىدە شۇنداق نەرسىلەر كۆرگەن بولسا ئۈچ كۈن ساقلاپ باقايلى، ئەگەر دېگەنلىرى راست چىقسا چىقتى، بولمىسا سىلەرنىڭ ئەرەبلەر ئىچىدە ئەڭ يالغانچى ئائىلە ئىكەنلىكىڭلارنى ئېلان قىلىمىز» دېدى.

ئاتىكە (ر.ئەنھا) نىڭ چۈش كۆرگىنىگە ئارىدىن ئۈچ كۈن بولمايلا زەمزەم ئىبنى ئامر ئىسىملىك بىرى مەككىگە كەلدى. ئەبۇ سۇفيان ئۇنى كارۋانغا ئىگە بولۇشلىرى ئۈچۈن قۇرەيش قەۋمىنى قوزغاشقا ۋە مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ كارۋاننى بۇلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى جاكارلاشقا ئەۋەتكەن ئىدى. مەككىلىكلەر دەرھال ئۇيۇر ــ تويۇر تويلىنىپ ئەبۇ لەھەبنىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە ئۇنىڭمۇ بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ لەھەب بولسا: «ئەنە لۇت، ئەنە ئۇززا، ئۇلار بېرىپ قۇتۇلدۇرسۇن، مەن بارمايمەن، ھەم ھېچكىمنىمۇ ئەۋەتمەيمەن» دېدى. ئەسلىدە ئاتىكەنىڭ چۈشىدىن قورققان ئىدى. ئۇ: «ئاتىكەنىڭ چۈشى مېنىڭ پۇت ــ قولۇمنى باغلاپ قويدى» دېگەنىدى.

ئاتىكە (ر.ئەنھا) ئىسلامدىن بۇرۇن ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىيرە بىلەن نىكاھلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئابدۇللاھ، زۇھەير ۋە كارىبە ئىسىملىك ئۈچ ئوغلىنى تۇغقان ئىدى.

# ئۇمەيمە بىنتى رۇقەيقە (ر.ئەنھا)

دىنى يولدا كۆيلىگەن ئەزىيەتلەرنى چەككەن ئايال ساھابىلەردىن بىرى.

ئۇمەيمە (ر.ئەنھا) رۇقەيقە بىنتى خۇۋەيلىدنىڭ قىزىدۇر. ئۇنىڭ ئانىسى رۇقەيقە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ئالاھىدە خاسلىقلارغا ئىگە بولغان خەدىچە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ ھەمشىرىسىدۇر. دېمەك، خەدىچە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ئۇمەيمەنىڭ ھامىسى بولىدۇ. ئۇمەيمە (ر.ئەنھا) ئۆز يۇرتىدىن يىراق دىيارلاردا ياشىدى. خەدىچە ئانىمىز (ر.ئەنھا) نىڭ يېقىنلىرىدىن بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مەككىنىڭ زۇلمەتلىك ئۇپۇقلىرىدا ئىسلام قۇياشى كۆرۈنۈشكە باشلىغان زامانلاردا، ئۇ بۇ قۇياشقا يۈزلەنگەن ھالدا مۇسۇلمان بولدى ۋە بۇ جەھەتتە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى.

ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) ئۇمەيمە بىلەن بىرگە قىيىن ــ قىستاق ئاستىدا قالغان بىر قانچە ئايالنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇردى ۋە ھۆرلۈككە چىقاردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرىنىڭ ئاتىسى ئەبۇ قۇھافە ئۇنىڭغا:

ــ ئوغلۇم! سەن بۇ ئادەمگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) باغلىنىپ قالدىڭ، قەۋمىڭنى تاشلىۋەتتىڭ، ئەمدى قوپۇپ ئاشۇ ئۈچ ـ تۆت خوتۇننى سېتىۋالدىڭ، ــ دېدى. ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ):

ــ ئى ئاتا، سەن ئەنسىرىمە، مەن ئۆزەمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى ناھايىتى ياخشى بىلىۋاتىمەن، ــ دېدى.

ئۇمەيمەنىڭ كۆزىگە بىر نەرسە سانجىلىپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. بۇنى بىر

پۇرسەت دەپ بىلگەن مۇشرىكلار:

ــ سەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن بۇتلىرىمىز لات ۋە ئۇززالار سېنى قارغۇ قىلىپ قويدى، ــ دېدى. ئۇ بولسا:

ــ ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئاللاھ تەرەپتىن بولغان بىر ئىشتۇر، ــ دېدى. بۇ سۆزلەر بولۇنۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھنىڭ شىپالىق بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى قايتا كۆرىدىغان بولدى. ئاللاھغا ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمەيدىغان مۇشرىكلار يەنە «بۇ مۇھەممەدنىڭ سېھىرلىرىنىڭ بىرىدۇر» دېيىشتى.

ھۇبەيب ئىبنى كۇئەيبە بىلەن نىكاھلانغان ئۇمەيمە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللارنىڭ بەيئىتى توغرىسىدا بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانىدى. بۇ ئايالدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى تابىئىنلاردىن بولغان ئۇلۇغ ئىمام مۇھەممەد ئىبنى مۇنقەدىر بايان قىلغان.

# سەلما بىنتى ئۇمەيس (ر.ئەنها)

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىردە مۇسۇلمان بولغان ئايال ساھابە.

سەلما (ر.ئەنها) ھىند ئىسمى بىلەن تونۇلغان خەۋلە بىنتى ئەۋفنىڭ قىزىدۇر. ئۇ ھەمشىرىسى ئەسما بىنتى ھۇمەيس (ر.ئەنها) بىلەن بىرلىكتە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىردە مۇسۇلمان بولغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلب دۇنياسىدا ئاجايىپ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە تاغىسى ھەمزە بىلەن نىكاھلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇمارە ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ھەمزە (ر.ئەنھۇ) قىلىچىنىڭ ھەققىنى بېرىپ شېھىت بولغاندىن كېيىن ئەسما (ر.ئەنها) تۇل، قىزى بولسا يېتىم قالدى. ئەلى (ر.ئەنھۇ) قازا ئۆمرىسىنى قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەندە سەلما بىلەن قىزى ئۇمارەنى (ر.ئەنھۇما) مەدىنىگە ئېلىپ كېتىپ ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئالماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب (ر.ئەنھۇما) ئۇمارە (ر.ئەنها) گە ھامىي بولۇش تەلىۋىدە بولدى. مەسىلە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارتىشىش دەرىجىسىگىچە چوڭايدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى: «مەن ھامىيلىق قىلىشىم كېرەك» دېيىشىپ ھەمزە (ر.ئەنھۇ) نىڭ تەۋەرۈكى بولغان بۇ قىزچاققا ئىگە بولۇشقا تىرىشاتتى. ئاخىرىدا ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە قاراتتى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئايالى ئۇمارەنىڭ ھاممىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمارەنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى ئۈچۈن تاپشۇردى ۋە «ھەرقانداق بىر ئايال ئۆزىنىڭ ھاممىلىرى بىلەن بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا بىرگە بولسا بولمايدۇ» دېدى.

مەككىدە ناھايىتى نۇرغۇن مەجبۇرلاشلارغا دۇچ كەلگەن سەلما (ر.ئەنها) مەدىنىدىمۇ

ئۇرغۇن مۇشكۈلچىلىكلەرگە كۆكسىنى كېرىپ چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتىنى ئىزھار قىلغانىدى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن شەددات بىلەن نىكاھلانغان سەلما (ر.ئەنھۇما) نىڭ ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار.

# ھەۋۋا بىنتى زەيد (ر.ئەنھا)

> ئىمانى يولىدا دۇچ كەلگەن ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمىگەن ئايال ساھابە.

ھەۋۋا (ر.ئەنھا) ئابدۇل ئەشئەل قەبىلىسىدىن بولغان ئەقرەب بىنتى مۇئازنىڭ قىزى، بەدر ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان رافىئ ئىبنى يەزىد (ر.ئەنھۇ) نىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. مەككىدە مۇسۇلمان بولۇپ بەيئەت قىلغانلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ھەۋۋا (ر.ئەنھا) نى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچرىتىمىز. ھەممە ئىمان كەلتۈرگەن بۇ دىن يولىدا ناھايىتى كۈچلۈك غەيرەت بىلەن تەلۋىلەرچە تىركەشكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ دەۋردە دىن يولىدىكىلەرگە توسالغۇلۇق قىلىدىغانلار بولغىنىدەك، بۇتپەرەسلەردىن قەيس ئىبنى خەتىم ئۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلاتتى. ھەۋۋا (ر.ئەنھا) نىڭ بەيئەت قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ياشىشىغا پۇرسەت بەرمەيتتى. ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا يامانلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تەكرار بۇتپەرەسلىككە قايتىشقا مەجبۇرلايتتى. ھەۋۋانىڭ بۇ ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرمەنكىلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، مەككىدە قۇرۇلغان زۇل مەجاز يەرمەنكىسىگە قەيس ئىبنى خەتىممۇ كەلگەنىدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئۇلارغا تەبلىغ قىلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيسنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سەرپ قىلدى. قەيس:

ـ سەن مېنى دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ دىن ھەقىقەتەن ناھايىتى گۈزەل بىر ئىش. ئەمما ئۇرۇش مېنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىمغا توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋىتىدە چىڭ تۇرغىنىچە ئۇمۇ ئاشۇ سۆزلەرنى تەكرارلاۋەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەۋۋا (ر.ئەنھا) غا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئەسلىتىپ:

ــ ئاگىلىشىمچە سەن ئايالىڭغا يامانلىق قىلىدىكەنسەن، سېنىڭ دىنىڭنى تاشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا زۇلۇم سېلىۋېتىپسەن، ئاللاھتىن قورققىن، ماڭا سۆز بەرگىنكى بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلما، ــ دېدى. قەيس:

ــ ماقۇل، مەن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن ۋە ئۇ خوش بولىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن، ــ دەپ ۋەدە بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزلەرنى قىلىشقان ۋاقىتتا بولسا ھەۋۋا مەدىنىدە، قەيس مەككىدە ئىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن قەيس مەدىنىگە كېلىپ ھەۋۋا (ر.ئەنھا) غا:

ــ دوستۇڭ مۇھەممەدنى كۆردۈم، ئېلىپ كەلگەن دىن خاتىرىسى ئۈچۈن ساڭا زۇلۇم قىلماسلىقىم ھەققىدە مەندىن ۋەدە ئالدى، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، سەن ئەمدى خالىغىنىڭ بويىچە ياشىساڭ بولىدۇ، قەسەم قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن مەن ساڭا ھېچبىر ئەزىيەت يەتكۈزمەيمەن، ــ دېدى. بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان ھەۋۋا (ر.ئەنھا) مۇسۇلمانلىقىدىن يوشۇرغان ھەممە نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. شۇندىن ئېتىبارەن قەيستىن ئەڭ كىچىك بىر كەيپسىزلىنىشمۇ كۆرمىدى.

# هىند بىنتى ئۇتبە (ر.ئەنها)

ھەققىي بەخت قولدىن چىقىپ كېتەي دېگەندە قايتىدىن ئېرىشكەن ئايال ساھابە.

ھىند (ر.ئەنها) ئۇتبە ئىبنى رەبىيئەنىڭ قىزى، ئەبۇ سوفيان (ر.ئەنهۇ) نىڭ ئايالىدۇر. ئەبۇ سوفياننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن كېيىنلا، يەنى مەككە فەتھ قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولغان. ئۇ ئەر- ئايال ئىككىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدا پەقەت بىر كۈنلا پەرق بار ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھنى يېڭىلىدى.

ھىند (ر.ئەنها) ئىززەتلىك ۋە ئېسىل نەسەبلىك ئايال ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئەقىللىق ۋە پىكىرلىرىنى ناھايىتى پاساھەتلىك ئۇسۇلدا بايان قىلىدىغان ناتىق ئايال ئىدى. ئۇ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا مۇشرىكلار تەرىپىدىن قاتناشقان ئىدى.

مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى كېچىدە ھىند بىلەن ئەبۇ سوفيان (ر.ئەنهۇما) ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى سۆھبەتلەرنىڭ بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

— مەن مۇھەممەدكە بەيئەت قىلاي دەيمەن، ئەبۇ سوفيان:

— سەن تۈنۈگۈنلا ئۇنى يالغانغا چىقىرىۋاتاتتىڭ؟ ھىند:

— ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ كېچىدىن بۇرۇن بۇ مەسچىتتە ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىنغىنىنى كۆرمىگەنىدىم. ساھابىلەر، بۇ كېچىنى مەسچىتتە ئۆتكۈزدىلەر ۋە ناماز ئوقۇغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇشتى، — دېدى. ئەبۇ سوفيان:

— سەن مۇسۇلمان بولغىدەكسەن، ئەمدى ھېچكىم سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ،

ــ دېدى.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئاياللارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى. بەيئەت جەريانىدا «ئوغرىلىق قىلماسلىق ۋە زىنا قىلماسلىق شەرتى بىلەن...» دېگەن يەرگە كەلگەندە ھىند (ر، ئەنھا):

ــ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئايال كىشى يەنە زىنا ۋە ئوغرىلىق قىلارمۇ؟ ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «باللارنى ئۆلتۈرمەسلىك شەرتى بىلەن...» دېگەندە ھىند (ر.ئەنھا):

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا تەربىيەلەپ چوڭ قىلغاندا ئۆلتۈرىمىزمۇ؟
ــ دەپ سەممىي بىر شەكىلدە بەيئەت قىلدى.

ھىند (ر.ئەنھا) بىر قېتىم كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېرى ئەبۇ سوفيان ھەققىدە:

ــ ئەبۇ سوفيان بەكلا بېخىل، نە ماڭا نە باللارغا يەتكۈدەك ئوزۇقلۇق بەرمەيدۇ، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنىڭ مېلىدىن ئۇيغۇن بىر شەكىلدە ئۆزىڭىزگە ۋە بالىلىرىڭىزغا يەتكۈدەك ئالسىڭىز بولىدۇ،ــ دېدى.

ئانىمىز ئائىشە (ر.ئەنھا) مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ھىند (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن يەر يۈزىدىكى ھېچبىر ئائىلىنىڭ گۇمران بولۇشىنى سېنىڭ ئائىلەڭنىڭ گۇمران بولۇشىدەك ياخشى كۆرمەيتتىم، بۈگۈنگە كەلگەندە يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ ئىززەتلىك بولۇشى سېنىڭ ئائىلەڭنىڭ ئىززەتلىك بولۇشىدەك سۆيۈملۈك تۇيۇلمايدۇ، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەممە نەرسەم ئىلكىدە بولغان قۇدرەتلىك زات بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ دەل شۇنداق ئىكەنلىكىزگە قايىلمەن، ــ دېدى.

ئىبنى ھەجەر: «بۇ ھەدىستە ھىندىنىڭ نەقەدەر ئەقىللىق ئىكەنلىكى ۋە بۇنى ئۆز سۆزىدە ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بىر ئىشارەت بار» دەيدۇ.

ھىند (ر.ئەنھا) مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۆتكەنكى كۈنلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئارزۇسىدا ئىسلامىي ھاياتىنى ناھايىتى گۈزەل ئۆتكۈزدى. ھەمزە (ر.ئەنھۇ) غا قىلغانلىرى سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە بەكلا خىجىل بولاتتى. يەرمۇك ئۇرۇشىغا ئۇ ئېرى ئەبۇ سوفيان بىلەن بىرلىكتە قاتناشتى. بۇ قېتىم ئۇھۇد ئۇرۇشىدا قىلغانلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە مۇسۇلمانلار سېپىدە تۇرۇپ ئەتراپىدىكىلەرنى رۇم ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئاجايىپ ناتىق تەشۋىقاتلىرى بىلەن ھۇجۇمنىڭ شىددەتلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.

ئۇ، ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) خەلىپىلىك قىلىۋاتقان دەۋردە ئەبۇ بەكرىنىڭ (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغان كۈنى ۋاپات بولدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

# ئائىشە بىنتى سەئد (ر.ئەنها)

ئۇ زىننەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال ساھابىلەردىن بىرى ئىدى.

ئائىشە بىنتى سەئد (ر.ئەنها) مەشھۇر ساھابە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس (ر.ئەنهۇ) نىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى زەينەب بىنتى هارىسەدۇر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!)

ئۇ، كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆيلىرىگە پات ــ پات كېلىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بەزى ئاياللىرى ھەتتا ئۇنى قۇچاقلىرىغا ئولتۇرغۇزۇېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بەرىكەتلىك دۇئالارنى قىلىشاتتى. ئۇنىڭ بۇ زىيارەتلىرى كېيىنكى خېلى زامانلارغىچە داۋام قىلدى. ئۇ ئانىلىرىمىز ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئالتىسىنى كۆردۈم، ئۇلار بىلەن بىرگە بولدۇم، ھېچبىرىنىڭ ئاق رەڭلىك كىيىم كىيگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇلار ئاق رەڭلىك كىيىملەردىن باشقا رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىشەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ قېشىغا بىرەرسى ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىپ كېلىپ قالسا ھەرگىز ئەيىپلىمەيتتى. يەنە بىر قېتىم مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا زىننەتلىنىپ باردىم، ئەمما ئۇلار مېنىڭ زىننەتلىنىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ماڭا بۇ ھەقتە ھېچ ئىبغىز ئاچمىدى ياكى مېنى ئەيىپلىمىدى. ئۇ بۇلارنى سۆزلەپ بەرگەندە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭدىن:

ــ سىز قانداق زىننەتلەنگەن ئىدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى. ئائىشە (ر.ئەنها):

ــ مەن بوينۇمغا ئالتۇن بۇلاپكا ۋە باشقا ئالتۇن جابدۇقلارنى تاقىغان ئىدىم، ــ دېدى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چاغلاردا تېخى ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى يېپىشى توغرىسىدا ئايەت نازىل بولمىغان ئىدى. شۇڭا ئاياللار زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاشكارا تاقاپ يۈرەتتى.

ھەبىب ئىبنى ئەبى مەرزۇق (ر.ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن: «مەن مەسچىتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر مۇنچە ئاياللار بار ئىدى. ئۇلار مەسچىتتىن بىللە چىقىۋاتقان ئىكەن، ئۇ ئايالنىڭ ئۇستىدىن پار- پۇر نۇرلار چاقنايتتى. ئۇ ئايالنىڭ كىملىكى ھەققىدە سورالغاندا ‹ئۇ ئايال سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس (ر.ئەنھۇ) نىڭ قىزىدۇر› دېگەن جاۋابنى بەردى.»

ئائىشە (ر.ئەنھا) كىچىك بارماقلىرىغا ئىككى تال ئالتۇن ئۈزۈك تاقايتتى. تاھارەت ئالغاندا سۇنىڭ تەگكىشى ئۈچۈن ئۈزۈكلەرنى ئايلاندۇراتتى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) دىن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئاتىسى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس (ر.ئەنھۇ) دىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان، شۇنداقلا ئۆزى ھەققىدىمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىدى.

# زەينەب بىنتى ئەبۇ سەلەمە (ر.ئەنھا)

ئىلىم نۇقتىسىدىن ئەينى زاماندىكى ئايال ساھابىلەر ئىچىدە ئەڭ ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشكەندى.

زەينەب (ر.ئەنھا) مەخزۇم ئايمىقىدىن ئەبۇ سەلەمەنىڭ قىزىدۇر. ئۇنىڭ ئانىسى بولسا مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) دۇر. ئۇممۇ سەلەمە بۇرۇنقى ئېرى ئەبۇ سەلەمە (ر.ئەنھۇما) بىلەن بىرگە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلاردىن بولۇپ، زەينەب ھەبەشىستاندا دۇنياغا كەلگەندى. ئانىسىنىڭ سۈتى ئۇنى تويغۇزالمىغاندا ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما (ر.ئەنھۇما) ئۇنى ئېمىتتى ۋە ئۇنىڭ سۈت ئانىسى بولۇپ قالدى.

ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىز (ر.ئەنھا) نىڭ ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولۇشى بىلەن زەينەب (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەي قىز بولدى. مۇبارەك ئائىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز ئالدىدا ئىسلامىي تەربىيە بىلەن ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى بەررا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسمىنى زەينەبكە يۆتكىدى.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بىۋاستە تەربىيەسى ئاستىدا چوڭ بولغان زەينەب ئىلىم ساھەسىدە ئۆز زامانىنىڭ ئايال زاتلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى فىقھى ئىلمىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئاياللار توغرىسىدا سۆز بولغاندا تۇنجى بولۇپ زەينەبنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ. بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلمۇزەنى: «مەن مەدىنىدىكى فىقھى ئىلمىدە تولغان ئاياللارنى تىلغا ئالماقچى بولسام پەقەتلا زەينەب بىنتى سەلەمەنى تىلغا ئالىمەن» دەيدۇ.

زەينەب (ر.ئەنھا) ئۆزىنىڭ بىر ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«مېنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غۇسۇل تاھارىتى ئالماقچى بولۇپ ئۆيگە كىردى. ئانام ماڭا: ‹سەنمۇ ئىچىگە كىرگىن› دېدى. مەن ئۆيگە كىرىشىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يۈزۈمگە سۇ سەپتى ۋە ‹بولۇڭ، كەينىڭىزگە بۇرۇلۇڭ› دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنىڭ يۈزىگە سۇ سەپكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، يۈزىنىڭ گۈزەللىكى ھېچ سولمىغان ئىدى.

زەينەب، ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە (ر.ئەنھۇما) بىلەن نىكاھلانغانىدى. ئۇلارنىڭ بەش ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنتى بولدى.

پەيغەمبەر ئائىلىسىدە ئۆسۈپ - يېتىلىشتەك نېمەتتىن تولۇق بەھرىلەنگەن، بۇنىڭدىن تولۇق نېسىۋىسىنى ئالغان زەينەب (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇنلىغان ھەدىسلىرىنى يادقا ئالدى ۋە ئۇنى رىۋايەت قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بولغان ئائىشە، ئۇممۇ ھەبىبە ۋە باشقىلاردىن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ھەدىس رىۋايەت قىلدى. تابىئىنلارنىڭ ئىماملىرى ۋە ھەدىس ئالىملىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئەتا، مەرراك ئىبنى مالىك، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، زەينەل ئابىدىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزىدىن رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان ئىدى.

ھىجرەتنىڭ 83ـ يىلىدا ۋاپات بولغان زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ ياشىغان پاك، ئىلىم ۋە ئىرپانغا تولغان ھاياتى ئىسلامنىڭ ئۆرنىكى بىلەن ياشاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسەتمەكچى بولغان ئاياللار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۈلگىدۇر.

## ئۇممۇ سۇلەيم (ر.ئەنھا)

ئېرىنى توغرا يولغا باشلاپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ساھابىلەردىن بولۇشىغا ۋاستە بولغان ئايال ساھابە.

ئۇممۇ سۇلەيم مەشھۇر ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىك (ر.ئەنھۇما) نىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ ئايال ساھابىنىڭ ئەسلى ئىسمى ھەققىدە ئىسلام تارىخىدا بەزى ئوخشىمىغان قاراشلار بولۇپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۇنى ‹سەھلا› ياكى ‹رەملە› دېسە، بەزىلىرى ‹مۇلەيكە› ياكى ‹رۇمەيسە› دەيدۇ. ئۇممۇ سۇلەيم (ر.ئەنھا) ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەنەسنىڭ ئاتىسى مالىك ئىبنى نەدىر بىلەن نىكاھلانغان ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەپتىن نەدىر ئۇنىڭغا ئاچچىغلانغان ھالدا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ شام تەرەپكە كەتتى. كېيىن ئۇ يەردە ۋاپات بولدى. ئۇندىن كېيىنكى يىللار ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېدايەت ئىشىكى ئېچىلغان يىللار بولدى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ ئايال ساھابىلەرنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى. ئۇ ھاياتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە كۆپلىگەن غازاتلارغا قاتناشتى.

ئەنسارىلاردىن بولغان مەشھۇر ساھابە ئەبۇ تەلھە (ر.ئەنھۇ) مۇسۇلمان بولمىغان ۋاقتىدىلا ئۇممۇ سۇلەيمگە توي قىلىش تەكلىۋىنى قويىدى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭ تەلىۋىنى بىر شەرت ئاستىدا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئى ئەبۇ تەلھە! ئەسلىدە سەن تەلىۋى رەت قىلىنىدىغان بىرى ئەمەسسەن، سەن مېنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن، سەن بولساڭ كاپىر ھالىتىڭدىسەن، شۇنداقلا سەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىلاھ، يەردىن ئۈنۈپ چىققان بىر دەرەخنىڭ ياغىچىدىن يونۇپ ياسالغان تاختاي پارچىسىدىن ئىبارەت، خالاس. سەن بىر تاختاي پارچىسىغا ئىبادەت قىلىشتىن خىجىل بولمامسەن؟ ماڭا قارا، مۇسۇلمان بولساڭ مەن سېنىڭ تەلىۋىڭنى قوبۇل قىلىمەن ۋە مېھىر ھەققى ئۈچۈن سەندىن باشقا بىر نەرسە تەلەپ قىلمايمەن» دېدى. ئەبۇ تەلھە ئۇنىڭغا: «ماڭا بىرئاز ۋاقىت

بېرىڭ، مەن بىر ئۆيلىنىۋالاي» دەپ كەتتى. ئارىدىن بىر مۇددەت ئۆتۈپ ئۇ يەنە كەلدى ۋە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئۇممۇ سۇلەيم (ر.ئەنھا) يەنە ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىسمى تىپىلىدىغانلارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئالاقىدار نۇرغۇن ھەدىسلەرنى رىۋايەتلەر قىلغان. مەسىلەن، ئەنەس (ر.ئەنھۇ) رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇممۇ سۇلەيم (ر.ئەنھا) بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئوغلۇم ئەنەس سېنىڭ خىزمىتىڭدىدۇر، ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئەنەسنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ۋە ئەۋلادىنى كۆپ قىلىپ بەر، ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ھەر نەرسەڭنى مۇبارەك قىل.» دەپ دۇئا قىلدى. تارىخچىلارنىڭ دېيىشچە، ئەنەس (ر.ئەنھۇ) يۈزدىن ئارتۇق نەۋرە ــ چەۋرىلىك بولغان.

ئۇممۇ سۇلەيم (ر.ئەنھا) ئىنتايىن قىممەتلىك بىر ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ھەم ناھايىتى پاراسەتلىك بىرى ئىكەنلىكىمۇ بايان قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى نىكاھلانغان ئەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا باشلاپ ئەڭ ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ سېپىغا قېتىلىشقا ۋاستە بولغان خەيرلىك ئايالدۇر.

# ئۇممۇ ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى سايىسىدا ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن ئايال ساھابە.

ئۇممۇ ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئەنھا) ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلامىيەت كۆكلىرىدە پارلاتقان يۇلتۇز ھالقىلىرىدىن بىر ھالقىسىغا ئۇلانغان ئايال ساھابىلەردىن بىرى ئىدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇشرىكلىك ھاياتىنى ياشىغان بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغىلا خاس قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابىتى بىلەن ئىسلامغا كىرىش شەرىپىگە نائىل بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىش جەريانىنى ئوغلى ئەبى ھۇرەيرە (ر.ئەنھۇ) دىن ئاڭلايلى:

«ئانام مۇشرىك ئايال ئىدى. مەن ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتىم، بىر كۈنى يەنە بۇ دەۋىتىمنى تەكرارلىدىم، ئۇ ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ناھايىتى ناچار سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئانامنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ كېلىۋاتاتتىم، ئۇ بولسا مېنىڭ دەۋىتىمدىن يۈز ئۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن يەنە ئۇنى دەۋەت قىلسام ئۇ سەن توغرىلىق يامان سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ئانامنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن بىر دۇئا قىلغان بولساڭ› دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانام ئۈچۈن: ‹ئى پەرۋەردىگارىم، ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئانىسىغا ھىدايەت ئاتا قىلغىن› دەپ دۇئا قىلدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدىن سۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئىشىگىدىن كىرىشىمگىلا ئانام ئاياق تاۋۇشىمنى ئاڭلاپ: ‹ئى ئەبا ھۇرەيرە جايىڭدا تۇرۇپ تۇرغىن› دېدى. مەن ئىچكىرىدىن سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ كىيىمىنى ۋە يېپىنچىسىنى ئالدىراپ كىيگىنىچە ئىشىكنى ئېچىپ: ‹ئى ئەبا ھۇرەيرە! مەن شاھادەت ئېيتىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر،

يەنە شاھادەت ئېيتىمەنكى، مۇھەممەد ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر› دېدى. مەن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ھەمدە ئېيتتى ۋە ‹خەيرلىك بولسۇن› دېدى.»

شەك ــ شۈبھىسىزكى، دۇئانىڭ سىرى ئىنتايىن ئۇلۇغدۇر. پۈتۈن دۇئالارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قىلغان ۋە ئۇنى بىزگە ئۆگەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بولسا رەت قىلىنمايدىغان دۇئادۇر. ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇشرىك ئانىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ھاقارەتلىرىگە چىداشلىق بېرەلمىگىدەك ھالغا كەلگىچە سەۋر قىلىشى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بىز دۇچ كېلىۋاتقان توغرا يول كۆرسۈتۈش نوقتىسىدىن قارىغاندا ئىنتايىن ياخشى بىر ئۈلگىدۇر. بىز ئەبۇ ھۇرەيرەگە ئوخشاش سەۋر قىلغان ھالدا دۇئا قىلالىساق، ئاللاھ خالىسا بەلكى ئەتراپىمىزدىكى كۆپلىگەن ئىنسانلار ھىدايەتكە باشلىنىپ قېلىشى ئېھتىمالدۇر.

# ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئانامدىن كېيىنكى ئانام» دەپ ئېلشىپات كۆرسەتكەن ئايال ساھابە.

ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنها) نىڭ ئەسلى ئىسمى بەرەكە بىنتى سەئلەبە بولۇپ، بۇ ساھابە ئايال ئۇزۇن يىللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاش ــ تاماقلىرىنى ئېتىپ، خىزمىتىنى قىلغان، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەھلى بەيتلەردىن ساناپ: «ئۇ ئانامدىن قالسا ئانامدۇر» دەپ ئىلتىپات كۆرسەتكەن ئىسلامدىكى ئۇلۇغ ئاياللارنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنىلا ئامىنەنىڭ قېشىدا قېلىپ، ئۇنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئامىنە ئۇنى ۋە ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنها) نى ھەمرا قىلغان ھالدا مەدىنىگە ئېرى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئېلىپ بارغانىدى. ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنها) ئۇ يەرگە بارغان چاغدىكى بىر ئەسلىمىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئىككىسى يېنىمغا كېلىپ: ‹بىزگە ئەھمەدنى ئېلىپ چىقىپ بەر› دېدى. مەن ئۇنى ئېلىپ چىقتىم، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن زەڭ سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن: ‹بۇ بالا پەيغەمبەردۇر، بۇ يەر بولسا ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىپ كېلىدىغان يېرىدۇر، بۇ دۆلەتتە ناھايىتى چوڭ ئۇرۇشلار بولىدۇ.› دېيىشتىلەر.»

ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنها) ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى ۋە قايتار يولدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ يېتىمنى مەككىگە قايتقاندىن كېيىن بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبكە تاپشۇرۇپ بەردى، ئەمما ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى تاشلىمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 يېشىدا خەدىچە (ر.ئەنها) ئانىمىز بىلەن نىكاھلاندى. ئۇ ئۆزىنى

شەپقەتلىك باغرىغا باسقان بۇ ئانىنىمۇ ھېچ ئۇنتۇپ قالماي، ئۇنىڭغا دائىم ھەر تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەملەردە بولۇپ تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلىپ ئىنسانلارنى دىنغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان ھامان ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنھا) ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى خوش قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنھا) ئالدى بىلەن ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئىككى ھىجرەتنىڭ ئەجرىنى ئالدى. ھىجرەت سەپىرىدە رەۋھە دېگەن يەرگە كەلگەن كېچىسى ئۇ ناھايىتى بەك ئۇسساپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر تامچىمۇ سۇ يوقتى. ئەمما ئۇ ھېچ ئەنسىرەپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھقا بولغان ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. دېگەندەك ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ كېلىشىمۇ كېچىكمىدى. ئاسماندىن بىر كۆپىنىڭ ئاق رەڭلىك بىر ئاغامچىغا باغلاپ ساڭگىلىتىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاللاھقا ھەمد ۋە شۈكۈر ئېيتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپىنىڭ يېنىغا باردى. كۆپىنىڭ ئىچى سۈپسۈزۈك ۋە مۇزدەك سۇغا تولدۇرۇلغان ئىدى. ئۇ سۇدىن قانغىچە ئىچتى. بۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلغان ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنھا): «مەن شۇندىن كېيىن ھېچ ئۇسساپ باقمىدىم» دېگەن ئىدى. ئۇ ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا باشلىدى.

ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنھا) نىڭ ئېرى ئۇبادە (ر.ئەنھۇ) ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. ئۇممۇ ئەيمەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇرقىنى ھېچ بۇزماي، شېھىتنىڭ ئايالى بولۇشتەك شەرەپكە ئېرىشكىنى ئۈچۈن سەۋر قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئانىسىنىڭ ھالى بىلەن كارى بولماي تاشلاپ قويمىدى. بىر كۈنى ئۇ ساھابىلەرگە: «جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئايال بىلەن توي قىلىشنى خالىغانلار ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن توي قىلسۇن» دەپ خىتاب قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىۋىگە بىرىنچى بولۇپ ئىپادە بىلدۈرگىنى زەيد ئىبنى ھارىسە (ر.ئەنھۇ) بولدى. ئۇ ياشتا ئۇممۇ ئەيمەن (ر.ئەنھا) دىن خېلىلا كىچىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇلۇغ ساھابە بىلەن ئانىسىنىڭ ئورنىدىكى ئانىسىنىڭ نىكاھىنى قىلدى. ئۆز ئاتىسىغا ئوخشاش ئۇلۇغ بىر ساھابە بولغان ئۇسامە ئىبنى زەيد مانا بۇ مۇبارەك نىكاھدىن دۇنياغا كەلگەن ئىدى.

## ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا)

ھەققىدە ئايەت نازىل بولغان ئايال ساھابە.

ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك دۈشمىنى بولغان ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيتىنىڭ قىزى، ئوسمان ئىبنى ئەففان (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئانا بىر ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى ئەرۋا بىنتى قۇرەيز (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىدۇر. ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) مەككىدىكى چاغلىرىدىلا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاتىسى ۋە باشقا مۇشرىكلارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرىغا دۇچ كەلگەن. دىنىدىن يېنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلىنغان مەجبۇرلاشلارنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئۆز ئەقىدىسىدىن قىلچىلىكمۇ تەۋرەنمىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، ئۇممۇ كۇلسۇممۇ ھىجرەت قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان ئىدى. ئەمما ئاتىسىنىڭ رۇخسەت قىلماسلىقى بىلەن مەككىدە قېلىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆز يۇرتىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ ئۆزىگە ھىجرەت قىلىشقا پۇرسەت بېرىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھقا دائىم دۇئا قىلاتتى. ئېغىر پەرىشانلىق ئىچىدە يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدى. ئاخىرىدا ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىشقا پۇرسەت ئاتا قىلدى. ئۇ خۇددى دائىم بېرىپ تۇرىۋاتقان يەرگە كېتىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ بىلەن مەككىدىن ئايرىلدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئەسلىدىلا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، كىشىنى ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىدىغان بۇ ئۇزاق ۋە جاپالىق سەپەردىن كېيىن مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەمدى بۇرۇنقى ئازاپلىق، پەرىشانلىق كۈنلەر ئارقىدا قالغان، ئۇنىڭ ئورنىغا گۈزەل كۈنلەر باشلانغان ئىدى. ئۇ بۇ شېرىن خىيال لەززەتلىرى ئىچىدە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەندىشە ئىچىدە ساقلاشقا باشلىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈشكەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ بىر ماددىسىدا مۇشرىكلار

ئىچىدىن كىمكى مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە كەلسە، ئۇلارنى مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى ماقۇللانغان ئىدى. بىرئازدىن ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كەلدى. ئۇ بۇ پىداكار ساھابىنىڭ كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنگەن ھالدا: « كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز» دېدى. ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى يوشۇرالمىغان ھالدا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن دىنىم ئۈچۈن سىېنىڭ يېنىڭغا ھىجرەت قىلىپ كەلدىم، مېنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بەرمە، ئۇلار مېنى قىيناپ دىنىمدىن قايتىشقا مەجبۇرلايدۇ، نېمىلا بولمىسۇن مەن بىر ئايال كىشى، بىلىسەنكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ئاجىزلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.» دەپ ھال ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئۇلۇغ رەببىم چوقۇم ئاياللار ھەققىدىكى بۇ ئەھدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ ھالەتنى ئۇ ھۆكۈمنىڭ سىرتىدا تۇتار» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى. بىر ئازدىن كېيىن ئىمتىھان قىلىنغان ئايال مەنىسىدە كەلگەن سۈرە مۇمتەھىنەنىڭ ئونىنچى ئايىتى نازىل بولدى: [ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس] ئايەت نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) غا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) خوشاللىقتىن يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ مەدىنىدە قېلىشى قارار قىلىنىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زەيد ئىبنى ھارىس (ر.ئەنھۇ) غا نىكاھلاپ قويدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرگە ئۆتكەن ۋاقتى ئۇزۇن بولمىدى. چۈنكى، زەيد ئىبنى ھارىس (ر.ئەنھۇ) مۇئتە ئۇرۇشىدا شېھىت بولدى. ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) تەقدىرگە رازى بولدى. ئېرىنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى چىدام ۋە سەۋر بىلەن كۈتىۋالدى. ئارىدىن بىر مۇددەت ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئانىسى ئەرۋا (ر.ئەنھا) مۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھىجرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) نى تولىمۇ سۆيۈندۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەتلىرىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر قانچە ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: »كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ياخشى گەپ قوشقان ياكى ياخشىلىقنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىگەن ئادەم يالغانچى ئەمەس. « دېگەن ھەدىسىدۇر. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

# ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن «جەننەتتىكى ھۆرلەرنىڭ بىرى» دەپ سۈپەتلەنگەن ئايال ساھابە.

ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ ئەبۇ بەكرى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئائىشە ئانىمىز ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئابدۇراھمان (ر.ئەنھۇما) دىن ئىبارەت ئىككى پەرزەنتلىك بولدى. ئۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرى مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ يولىدا تارتقان جەۋرى-- جاپالىرىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سادىق دوستى ئەبۇ بەكرى بىلەن دائىم دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ تارقىلىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات-- پات بېرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان بۇ دەۋەت ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلەرنىڭ بولۇشى، ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) نى ناھايىتىمۇ بەك خوش قىلاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قولىدىن كېلىشىچە ھۆرمەت ۋە ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن ئۆيىنىڭ شەرەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن دائىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

خەدىچە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بىلەن نىكاھلىنىش توغرىسىدىكى ۋەھيى كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بەختلىك ئائىلىگە زىيارەتكە بارغىنىدا ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) غا: «ئائىشەگە ياخشى قاراپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ» دەپ تەۋسىيە قىلدى. ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسىدە چوقۇم بىر ھېكمەتنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىزغا تېخىمۇ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى.

ئارىدىن بىر مۇددەت ئۆتۈپ ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئايالى خەۋلە (ر.ئەنھۇما) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئائىشە (ر.ئەنھا) بىلەن نىكاھلىنىش تەكلىپىنى بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، قىزى ئائىشە (ر.ئەنھا) بىلەن نىكاھلىنىش تەكلىۋى ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) نى ئىنتايىن خوش قىلىۋەتتى. ئۇ قىزىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە لايىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق غەيرىتىنى كۆرسەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) قىزى ئائىشە (ر.ئەنھا) نى ئېلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) ئىبادەتكارلىقى بىلەن تونۇلغان بىر ئايال ئىدى. نامازنى كۆپ ئوقۇيتتى. بىر قېتىم ئۇ ناماز ئوقۇۋېتىپ يېنىك تەۋرەندى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ نامىزىنىڭ ئاخىرلىششىنى كۈتۈپ تۇردى ۋە ئۇنىڭ نامازدا تەۋرىنىشىنى توغرا كۆرمىگەن ئاساستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەردىن بىرىڭلار نامازغا تۇرغىنىدا بىرەر ئەزاسىنى مىدىرلاتمىسۇن، يەھۇدىيلاردەك تەۋرەنمىسۇن، ناماز تەۋرەنمەستىن جىمجىت تۇرۇپ تاماملىنىدۇ.» دېگەن ھەدىسىنى سۆزلەپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە قېيىنئانا بولغان بۇ ئايالنى ناھايىتى بەك ھۆرمەتلەيتتى؛ بىر پەرزەنت ئانىسىنى قانداق ھۆرمەت قىلىشى كېرەك بولسا شۇنداق ھۆرمەت قىلاتتى.

بۇ ئۇلۇغ مۇسۇلمان ئانا ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىۋاستە ئارىلاشتى. ئۇ ئۇنىڭ جەسىدىنى قەبرىگە ئۆزى قويدى ۋە مۇنداق دېدى: «كىمكى جەننەت ھۆرلىرىدىن بىرىگە قاراپ خوش بولۇشنى خالىسا ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) غا قارىسۇن، ئى ئاللاھ! ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) نىڭ سېنىڭ يولۇڭدا ۋە پەيغەمبىرىڭنىڭ يولىدا نېمە كۈلپەتلەرگە دۇچار بولغىنى ساڭا سىر ئەمەستۇر.»

ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) پەيغەمبەرگە لايىق بولغان بىر ئايال يېتىشتۈرۈشتە ئەۋلادلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك يېتىشتۈرۈش مەقسىدىدىكى ئاياللار ئۈچۈن ياخشى ئۈلگىدۇر. دىنىمىزنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (ر.ئەنھا) ئۇلۇغ بىر ساھابە ئىدى. ئۇنى مۇشۇنداق قىلىپ تەربىيلەپ چىققان ئانىسى ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) غا بىزنىڭ مىننەدارلىق بۇرچىمىز باردۇر.

## ئۇممۇ ۋەرەقە (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن «شېھىت» دېگەن نامغا نائىل بولغان ئايال ساھابە.

ئۇممۇ ۋەرەقە (ر.ئەنھا) ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىسنىڭ قىزىدۇر. مۇسۇلمان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ شېھىت بولۇش ئىشتىياقىدا ياشىغان بىر ئايال ساھابىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدر ئۇرۇشىغا چىقىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئۇممۇ ۋەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەنمۇ سىز بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ يارىدارلارنى داۋالاپ، كېسەللەرنى باقسام، بەلكىم ئاللاھ مېنى شېھىتلىككە نائىل قىلىشىمۇ مۇمكىن،- دېدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرگە ئۇرۇشقا چىقىشقا ھېچبىر ئايالغا رۇخسەت قىلمىغان ئىدى، بۇ سەۋەپتىن ئۇممۇ ۋەرەقەگە مۇنداق بىر خوش بىشارەت بەردى: «سىز ئۆيىڭىزدە قېلىڭ، چۈنكى ئاللاھ سىزگە شېھىتلىكنى نېسىپ قىلىدۇ.»

شۇ كۈندىن بېرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قەيەردە ئۇچراتسا: «ئى شەھىدە!» دەپ چاقىراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە باراتتى. بىر كۈنى ئەنسارىلاردىن بىر ئايال ئۆلۈپ قالدى. ئۇممۇ ۋەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئۆلگەندىن كېيىن بىر- بىرىمىزنى كۆرەلەيمىزمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جان دەرەخكە قونغان بىر قۇشقا ئوخشايدۇ، قىيامەت كۈنى ھەر جان ئۆز جەسىدىگە قايتۇرۇلىدۇ، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇممۇ ۋەرەقە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭدىن:

ــ مەن ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئەنھۇ) بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭدىن قان ئالدۇرۇشنىڭ ھۆكمىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا: ‹مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: قان ئالدۇرۇش ئىنسانلار داۋالىنىدىغان داۋالىرى ئىچىدىكى ئەڭ پايدىلىقىدۇر.› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قان ئالدۇرارمىدى؟ ــ دەپ سورىدى.

ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹مىراج كېچىسى ھەر بىر پەرىشتىلەر توپىدىن ئۆتكىنىمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا: ئى مۇھەممەد! قان ئالدۇرغىن! باشتىن ئېلىنغان قان ساراڭلىق، ئاق كېسەل، ناماز شام قارغۇسى ۋە باش ئاغرىقى... دەك كېسەللەرگە شىپادۇر، دېيىشكەندى› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم.

ئۇممۇ ۋەرەقە (ر.ئەنھا) دىنىي مەسىلىلەردە چوڭقۇر بىلىم ئىگىسى ئىدى. ئىسلامىي ھاياتنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياشايدىغان ۋە ئائىلىلەرنىڭ مۇشۇنداق ياشىشىغا ياردەم بېرىدىغان بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئەر ۋە بىر ئايال بولۇپ، ئىككى قۇلى بار ئىدى. ئۇ ئۆزى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى ئازات قىلىۋېتىشكە ۋەسىيەت قىلغانىدى. بىر ئاز بولسىمۇ بۇرۇنراق ھۆرلۈككە چىقىشقا ھېرىس قىلىپ قالغان بۇ ئىككى قۇل ئۇممۇ ۋەرەقەنى شېھىت قىلدى. بۇ ۋەقە ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە يۈز بەرگەنىدى. خەلىپە ئۆمەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلار ــ ئاڭلىماس: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرا ئېيتقانىدى. قېنى بىز شېھىتنىڭ زىيارىتىگە بارايلى.» دېدى.

ئۇممۇ ۋەرەقە (ر.ئەنھا) نىڭ شېھىت قىلىنىشى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى قايغۇغا سالدى. خەلىپە ئۆمەر جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ، دەرھال جازا بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. جىنايەتچىلەر تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلۈش ئارقىلىق جازالىرىنى ئالدى. مەدىنىدە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن جىنايەتكارلار پەقەت مۇشۇ ئىككى قاتىل بولدى.

ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) دائىم يېنىدىكىلەرگە: «تۇرۇڭلار، بىز ئاشۇ شەھىدەنىڭ قەبرىسىنى بىر زىيارەت قىلىپ كېلەيلى!» دەپ ھەممىسى بىللە ئۇممۇ ۋەرەقەنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلاتتى.

## نەسىبە ئۇممۇ ئۇمارە (ر.ئەنھا)

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قالقان بولغان ئايال ساھابە.

نەسىبە (ر.ئەنھا) كەئب ئىبنى ئەمەرنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى رەباب بىنتى ئابدۇللاھتۇر.

مەدىنىدىكى دەسلەپكى مەزگىلدە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇلار 75 كىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز يۇرتلىرىغا چاقىرىش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئايالمۇ بار بولۇپ، بۇ شەرەپلىك ئاياللارنىڭ بىرى نەسىبە ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئۇممۇ ئۇمارە (ر.ئەنھا) ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى مەدىنىگە كېلىشتىن بۇرۇن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير (ر.ئەنھۇ) نى مەدىنىگە دىنني دەۋەت ئۈچۈن ئەۋەتتى. نەسىبە (ر.ئەنھا) بولسا، مۇسئەبنىڭ دەۋىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇ، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىمانغا ئىگە ئىدى. بۇ كۈچلۈك ئىمانى سەۋەبلىك ھەممە نەرسىنى ئىسلام ئۈچۈن پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئۇنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭ روشەن دەلىلى ئىدى.

ئۇممۇ سەئد (ر.ئەنھا) ئۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى مەن نەسىبەنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا «ئۇھۇد ئۇرۇشى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەمسىز؟» دېدىم. نەسىبە (ر.ئەنھا) ئۇ كۈن ھەققىدە توختىلىپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

«ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۇھۇدقا باردىم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق

ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي دەيتتىم. يېنىمدا سۇمۇ ئېلىۋالغانىدىم. مەن ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېقىن يەرگىچە باردىم. ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇ چاغدا غەلىبە مۇسۇلمانلار تەرەپتە ئىدى. ئەمما ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولۇش تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەر تەرەپكە قاچاتتى ۋە بەزىلىرى شېھىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا بەكلا ئاز ئادەم قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر خەتەرنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلىدىم. يېنىمدا ئېرىم ۋە ئوغۇللىرىممۇ بار ئىدى. قىلىچ ۋە ئوقلار بىلەن مۇشرىكلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇناتتۇق. ئاتلىق دۈشمەندىن بىرى ماڭا ھۇجۇم قىلدى. مەن يارىلاندىم. مەن قالقان بىلەن ئۆزەمنى مۇداپە قىلغاچ ئېتىنىڭ پۇتىغا قېلىچ چاپتىم. ئات دۈمبىسىنى يەرگە قىلغىنىچە يىقىلدى. ئۈستىدىكى ئادەممۇ يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغلۇمغا: ‹ئى ئۇممۇ ئۇمارەنىڭ ئوغلى، ئاناڭغا ياردەم قىل› دېدى.»

نەسىبە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا خۇددى قالقاندەك تۇرۇپ ئۇنى قوغداشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇممۇ ئۇمارە! سەن چىدىغان، بەرداشلىق بەرگەن نەرسىگە ھەبەشلەر چىدالارمۇ، بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ...» دېگەچ ئۇنىڭغا بولغان ئىلتىپاتىنى ئىپادىلىدى.

مۇشرىك ئىبنى قامىرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىككى تال چىشىنى سۇندۇرۇۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك يۈزىنىڭ قان ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرگەن نەسىبە (ر.ئەنھا) ئىبنى قامىرانىڭ ئۈستىگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇنىڭغا بىر قانچە زەربە بەردى. ئەمما ئۇ مۇشرىكنىڭ زەربىسى بىلەن دولىسىدىن يارىلاندۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يارلانغانلىقىنى كۆرگىنىدە ئۇممۇ ئۇمارە (ر.ئەنھا) نىڭ ئوغلى ئابدۇللاھغا: «ئاناڭنىڭ يارىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئال!» دېگەچ ئۇممۇ ئۇمارە (ر.ئەنھا) ھەققىدە مۇنداق بىر خۇش بىشارەتنى بەردى: «ئاللاھنىڭ

بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن، ئانىنىڭ مەرتىۋىسى پالانى، پالانىلارنىڭ مەرتىۋىسىدىن يۇقىرىدۇر. ئاتىنىڭ مەرتىۋىسى پالانى، پالانىلارنىڭ مەرتىۋىسىدىن يۇقىرىدۇر. سىزنىڭ مەرتىۋىڭىز بولسا پالانىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەرتىۋىسىدىن يۇقىرىدۇر.» دېدى. نەسىبە (ر.ئەنھا) بۇ ئىلتىپاتلىق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا دۇئا قىلغىن، مەن جەننەتتە ساڭا قوشنا بولاي.» دەپ ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالقانلىرىنى ئېچىپ: «رەببىم، بۇلارنى جەننەتتە ماڭا قوشنا ۋە دوستلىرىمدىن قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. بۇ دۇئادىن ئىنتايىن بەك سۆيۈنۈپ كەتكەن نەسىبە: « ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، ئەمدى ماڭا مەيلى قانداق بىر مۇسىبەت كەلسە كېلىۋەرسۇن، بۇ ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس.» دەپ خۇرسەنلىكىنى تىلىدا ئىپادىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىسىدا ئۇممۇ ئۇمارە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىدىن ئۇمىمىتىگە خەۋەر بېرىپ: «ئۇھۇد كۈنى ئوڭ ۋە سولۇمغا ئۆرۈلسەممۇ ئۇممۇ ئۇمارەنى ھەر تەرەپىمدە، باش تەرىپىمدە چېپىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم.» دېدى.

نەسىبە (ر.ئەنھا) نىڭ بۇ ئۇرۇشتا ئون ئىككى يېرىدىن يارىلانغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق تەككەن زەربە مۈرىسىدىكى زەربە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتايىتەن زىيارەتكە كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن نەسىبە (ر.ئەنھا) ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن باشقا خەيبەر ۋە ھۇنەين كۈنىدىكى ئۇرۇشلارغىمۇ ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن بىرلىكتە قاتناشتى. ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەنە ئۆمرە قىلىشقىمۇ بىرگە بارغانىدى. ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىققان مۇسەيلەمە كەززاپقا قارشى خالىد ئىبنى ۋەلىد (ر.ئەنھۇ) نىڭ قوماندانلىقىدا تەييارلانغان قوشۇن ئىچىدە نەسىبە (ر.ئەنھا) يەنە ئوغلى ئابدۇللاھ بىلەن بىرگە بار ئىدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى يەمامىدە ئۇچراشتى. بۇ شىددەتلىك ئۇرۇشتا ئۇممۇ ئۇمارە (ر.ئەنھا) شىجائەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ بىر قانچە يېرىدىن يارىلاندى. مۇسەيلەمە كەززاپ ئۆلتۈرۈلۈپ، قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. مۇسەيلەمەنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى ئاڭلىغان نەسىبە (ر.ئەنھا) شۈكۈر

سەجدەسىگە يىقىلدى ۋە ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمد ئېيتتى. قوشۇن مەدىنىگە قايتقىنىدا ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) بۇ قەھرىمان ئايالدىن ھال سوراش ئۈچۈن كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىززەت ۋە ئىكرام كۆرسەتتى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك زامانىدا ئۇنىڭمۇ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەن نەسىبە (ر.ئەنھا) نىڭ قاچان ۋە قەيەردە ۋاپات بولغىنى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار تېپىلمىدى.

# ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا)

شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئايال ساھابە بولۇپلا قالماي، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېمىلدەش ھاممىسىدۇر.

ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) نىڭ قەبرىسى قىبرىستا بولۇپ، «ھالە خانىش» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ھاممىسى ۋە ھەرام ئىبنى مىلھان (ر.ئەنھۇما) نىڭ ھەمشىرىسىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ شەرەپلىك تۇغقاندارچىلىقىنىڭ يەنە بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىقى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىلىرى تەرەپتىن بولغان تۇغقىنى، شۇنداقلا ئېمىلداش ھاممىسىدۇر.

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئامر ئىبنى قەيس بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغان ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) ئىسلام قۇياشى مەدىنە ئۇپۇقلىرىنى يورۇتقىلى باشلىغاندا، يۈنىلىشىنى ئۇ قوياشقا يۈزلەندۈرۈپ مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇ ئېرىنىڭمۇ بۇ ياخشىلىقتىن نېسىۋىلىنىپ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى ۋە ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى. ئەمما بۇ تىرىشچانلىقلار بىرەر نەتىجە بەرمىدى. ئۇنىڭ ئېرى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئورنىغا كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى تاللىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تاللىشىنى كۆرگەن ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) مۇشرىك بىلەن بىرگە ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلدى ۋە مەشھۇر ساھابە ئۇبادە ئىبنى سامىت (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېمىلدەش ھاممىسى ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيىگە پات ــ پات كېلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا

چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇ ئۆيدە ئۇخلايتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى. ئويغانغاندا بولسا يۈزلىرىدە تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبەسسۇمنى كۆرگەن ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا):

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا‑ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! نېمىگە كۈلدۈڭ؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ:

ـ ئى ئۇممۇ ھەرام! مەن ئۈممىتىمنىڭ بىر قىسمىنىڭ كېمىلەردە ئولتۇرۇپ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ماڭغانلىقىنى كۆردۈم،ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) نىڭ ئىچىگە ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ بولۇش ئارزۇسى كىرىۋالدى. ئۇ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دۇئا قىلغىن ــ دە، مەنمۇ شۇلاردىن بىرى بولاي، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! بۇنى ئاشۇلاردىن قىل!» دەپ دۇئا قىلدى ۋە يەنە قايتىدىن مۈگدەشكە باشلىدى. ئاردىن يەنە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە تەبەسسۇم ئىچىدە ئويغاندى. ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) بۇنىڭمۇ سەۋەبىنى سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم: «ئۈممىتىمدىن بىر قىسمىنىڭ پادىشاھلارنىڭ تەختىلىرىگە ئولتۇرغان ھالدا غازاتقا مېڭىشقانلىقىنى كۆردۈم.» دېدى. ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) پەيغەمبەرىمىزدىن قايتا بىر قېتىم ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى قوبۇل قىلماي: «سەن ئاۋالقىلاردىنسەن.» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) نىڭ ئېرى ئۇبادە ئىبنى سامىت (ر.ئەنھۇما) ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئېلىپ ھۇمۇسقا ئەۋەتىلدى. ئۇممۇ ھارام (ر.ئەنھا) مۇ ئېرى بىلەن بىرلىكتە ھۇمۇسقا كېلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ كۆڭۈللەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىشى ئۈچۈن غەيرەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە شام ۋالىيسى مۇئاۋىيە (ر.ئەنھۇ) ستراتېگىيىلىك مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا قىبرىس ئارىلىنى پەتھى قىلىش ئارزۇسىدا بولدى. ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ بۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر كېمە يۈرۈشىگە تەييارلىق كۆرۈلۈپ، قوشۇن تەرتىپكە سېلىندى. بۇ قوشۇندا ئۇبادە ئىبنى سامىت بىلەن ئايالى ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھۇما) بار ئىدى. ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) ئۇ چاغلاردا 86 ياشتا ئىدى.

قىبرىسقا قىلغان سەپەر مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى قېتىم دېڭىز سەپىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سەپەر جەريانىدا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەرگەن خۇش بىشارىتىنى ئەسلەيتتى ۋە بۇ خوش بىشارەتنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ شېھىتلەرگە ئاتا قىلىدىغان ئېھسانلىرىنى ئويلىغاچ بېشىدىن كەچۈرگەن جاپا ــ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەتتى. ئۇرۇش باشلىنىپ قىسقا بىر مەزگىلدىن كېيىنلا رۇم دېڭىز ئارمىيىسى مەغلۇپ قىلىندى. رۇملار بۇنىڭدىن ئارتۇق قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلىپ، سۈلھىلىشىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنداق قىلىپ ھىجرەتنىڭ 28ــ يىلى قىبرىس پەتھى قىلىندى.

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام قوشۇنلىرى شامغا قايتماقچى بولغاندا، ئۇممۇ ھەرام شېھىتلىكنىڭ تەمىنى تېتىيالماي قالغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇشقا باشلىدى. ھالبۇكى بۇ مۇبارەك ئايالغا ئەسلىدە شېھىتلىك نېسىپ قىلىنغان، تەقدىرىگە يېزىلغان ۋە ئۇ ئەمەلىيەتكە ئايلانغان ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا ئۇنىڭ ئېتىنىڭ خۇيى بۇزۇلدى. ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ھاياتى بويىچە ئارزۇ قىلغان شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ «شېھىتلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار» دەپ تەرىپلىگەن شېھىتلەر كارۋىنىغا قوشۇلدى.

ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) نىڭ قەبرىسى لارناكاغا يېقىن بولغان تۇز كۆلىنىڭ قىيىسىدىدۇر. بۇ قەبرە دائىم زىيارەت قىلىنىپ تۇرۇلماقتا. ئوسمانىيلار دەۋرىدە ئۇممۇ ھەرام (ر.ئەنھا) نىڭ قەبرىسى قايتىدىن قوپۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا تولۇق باغلاندى ۋە

ئۇنىڭغا «ھاله خانىش» ئىسمى بېرىلدى. خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلەردە ئۇنىڭغا ھۆرمەت توپى ئېتىشنى داۋام قىلىشقانلىقلىرى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەرگەنلىكلىرى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

# ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنها)

> ھەق تائالانىڭ ئالاھىدە لۇتپىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئايال ساھابە.

ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنها) نىڭ ئەسلى ئىسمى غەزىيە بىنتى جابىر بولۇپ، ئۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە بۇ ئەقىدە يولىدا مىڭ بىر ئەزىيەت ۋە جاپالارغا چىداشلىق بەرگەن بەختىيار ئايال ساھابىدۇر. بېشىدىن ئۆتكەن قىيىن شارائىتلار ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى زەررىچىلىك تەۋرىتەلمىدى. ئاللاغا بولغان تەسلىم بولۇش ۋە تەۋەككۇلچىلىكنىڭ سەۋەبى بىلەن قىيىنچىلىقلانىڭ ھەممىسىگە كۆكسىنى كېرىپ چىقالىغان ئىدى. بۇ مۇبارەك ئايال ھاياتىدا بىر قانچە قېتىم ئاللاھ تائالنىڭ لۇتپى ۋە ئىكراملىرىغا ئېرىشكەندى. ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىش جەريانىدا ئېرىشكەن بىر لۇتپى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنها) ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولدا ئۆزىگە سەپەرداش بولغۇدەك بىرەرىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، مەدىنىگە بارماقچى بولغان بىر يەھۇدىي ئائىلىسىگە قېتىلىپ، شۇلار بىلەن بىرگە سەپەر قىلماقچى بولدى. سەپەر جەريانىدا ئېلىنىۋالغان سۈيى تۈگەپ كەتتى. ئۇ يەھۇدىي ئائىلىسىدىكىلەردە بولسا سۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇ يەھۇدىي بۇنى بىر كوزىرىغا ئايلاندۇرىۋېلىپ، ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنها) دىنىدىن يانمىغىچە ئۇ سۇدىن بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايالىغا ھەم: «سەن ئۇنىڭغا سۇ بېرىدىغان بولساڭ سېنى بوش قويىۋەتمەيمەن» دەپ تەھدىد سالدى. ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىدىن ئىبارەت بۇ قىيىنچىلىق ئۇستىگە ئۇسسۇلۇق ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنها) نى ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەندى. مېڭىۋىرىپ ھەتتا گەپ قىلغۇدەك ھالى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنسېرى ئۇ يەھۇدىي تېخىمۇ ئۈمىدلىنىپ، ئۇنىڭ بىرئازدىن كېيىن دىنىدىن ياندىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنها) نىڭ ئىمانى پانىي دۇنيانىڭ بىر تامچە سۈيىنى ئەبەدىي ئاخىرەتتىكى جەننەتنىڭ كەۋسەرلىرىگە تېگىشمىگۈدەك

دەرىجىدە كۆچلۈك ئىدى. ئۇنىڭغا نىمەت بەرگەن ھەق تائالانىڭ ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. ھەقىقەتەنمۇ كېچە كېلىشى بىلەن ئۇ، ئاللاھغا بولغان تەۋەككۇلىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆردى. ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەن بىر ۋاقىتتا كۆكسىنىڭ ئۈستىگە بىر مىقتار سۇنىڭ قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ سۇنى ئېلىپ قانغىچە ئىچتى. ئارىدىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ، سەپەرداشلىرىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئاۋازىنى چىقاردى. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان يەھۇدىي: ‹مەن بىرىنىڭ سۇ ئىچكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم› دەپ ھەيران بولدى ۋە ئايالنى سوراشتۇرۇپ، ئاچچىقلاپ ۋاقىراپ كەتتى. ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنھا) سۇنى ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بەرمىگەنلىكىنى، ھەق تائالانىڭ لۇتپىغا ئېرىشكەنلىكىنى دەپ بەردى. يەھۇدىي كۆرگەن بۇ كارامەت قارشىسىدا شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنھا) ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىمانى بىلەن ئۆز ئىمانىدىن تەۋرەنمەيلا قالماي، ئۆزىنى يەھۇدىي دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان بىرىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇش نېمىتىگە ئېرىشىشكە ۋاستە بولغان ئىدى.

ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنھا) ئىمكانى يار بەرگەن ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بىر قېتىم ئۆزىمۇ يەپ باقمىغان بىر ماينى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن يىغدى ۋە خىزمەتچىسىنى چاقىرىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرىدى. خىزمەتچى ئۇ ياغنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاپىرىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنھا) نىڭ بۇ ھەدىيەسىدىن بەكمۇ رازى بولدى ۋە خىزمەتچىگە ياغ قاچىلىغان تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى باغلىماسلىقنى تاپىلىدى. خىزمەتچى ئۇ تۇلۇمنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ، بىر يەرگە ئېسىپ قويدى. ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنھا) ئىچكىرىگە كىرىپ تۇلۇمنىڭ ياغ بىلەن تولغان ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە خىزمەتچىسىگە ئاچچىقلانغان ھالدا: «مەن ساڭا بۇ ياغنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاپىرىپ بەر! دېمىگەنمىدىم.» دېدى. خىزمەتچى ياغنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا راستىنلا ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى، ئەمما ھازىر بۇ تۇلۇمنىڭ يەنىلا ياغقا تولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، ئېيتتى. ئىككەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالدىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان ئىھسانى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى باغلىماسلىقلىرىنى تاپىلىدى. ئۇممۇ شەرىك (ر.ئەنھۇ) ناھايىتى سۆيۈنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى. بۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھەدىيىسىنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ياخشى كۆرۈشىنىڭ نەق مۇكاپاتىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

# ئۇممۇ ھاكىم بىنتى ھارىس (ر.ئەنھا)

> ھەق تائالانىڭ ئالاھىدە لۇتپىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئايال ساھابە.

ئۇممۇ ھاكىم (ر.ئەنھا) قۇرەيشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن بولغان ھارىس ئىبنى ھىشام ئەل مەغزۇمىنىڭ قىزى، ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىلنىڭ ئايالى، شۇنداقلا يەنە ئايال ساھابىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغانلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ قەلبى مەككە پەتھى قىلىنغان كۈن پەتھلەنگەنىدى. ئىچكى دۇنياسىدا ئىمان مەشئەللىرى يالقۇنجاپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بولسا مۇشرىك ھالىتىدە تۇرغان ئىكرەمە بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققان ئىدى.

مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولغان ئاياللار بەيئەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن يالغان سۆزلىمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش... قاتارلىقلاردىن بەيئەت ئالغاچ قولىنى بىر قاچىنىڭ ئىچىگە تىقتى. ئاندىن ئاياللارنىڭ قوللىرىنى بۇ قاچىنىڭ ئىچىگە تىقىشلىرىنى بۇيرىدى. بەيئەت مۇشۇ ئۇسۇلدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى تىققان قاچىغا قولىنى تىققان ئۇ ئاياللار ئىچىدە ئۇممۇ ھاكىم (ر.ئەنھا) مۇ بار ئىدى.

ئۇ كۈنى ئىكرەمە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ يەمەن تەرەپكە قاراپ قاچقانىدى. ئۇممۇ ھاكىم ئېرى ئۈچۈن ئامانلىق تەلەپ قىلدى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردى. ئىمانىنىڭ ياخشىلىقىنى ھېس قىلغان ۋە ئېرىنىڭمۇ بۇ ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلغان ئۇممۇ ھاكىم (ر.ئەنھا) ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئىكرەمەگە بىر كېمىگە چۈشۈشكە تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە يېتىشتى. ئۇ ئېرىگە:

ــ قايتقىن، قۇتۇلغىن،ــ دېدى. ئىكرىمە:

ــ قۇتۇلۇشىم ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك،ــ دېدى. ئۇممۇ ھاكىم (ر.ئەنھا): ئالالاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دېگىن،ــ دېدى. ئىكرىمە:

ــ مەن بۇنى دېمەسلىك ئۈچۈن قېچىۋاتقان تۇرسام،ــ دېدى. ئۇممۇ ھاكىم (ر.ئەنھا):

ــ ئىنسانلارغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، تۇغقاندارچىلىق ھەققىنى ئەڭ كۆپ نەزەردە تۇتىدىغان ۋە ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ خەيرلىك بولغان بىرىنىڭ يېنىدىن كېلىۋاتىمەن، مېنىڭ بىلەن كەلگىن، ئۆزەڭنى خەتەرگە ئاتما،ــ دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامدىن ئىكرىمە ئۈچۈن كېپىللىك ئالغانلىقىنىمۇ دېدى. ئىكرىمەمۇ مۇسۇلمان بولۇشقا قارار بەردى.

ئۇممۇ ھاكىم بىلەن ئىكرىمە مەككىگە يېقىنلاشقىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ئۇچرىغانلا يەردە ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر بېرىپ:

ــ ئەبۇ جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە مۇھاجىر بولغان ھالدا كېلىۋاتىدۇ،ــ دېدى ۋە ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرغىنىچە قارشى ئالدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇشرىكلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان ئۇممۇ ھاكىم (ر.ئەنھا) ھەق تائالانىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ بەرگەن ياخشى پۇرسەتلىرىدىن ئەڭ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىپ، باتىللىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىنىڭ ئورنىنى ھەق يولدا تولدۇرۇش ئۈچۈن پۈتمەســ تۈگىمەس غەيرەت كۆرسەتتى. ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە خالىد ئىبنى ۋەلىد (ر.ئەنھۇ) نىڭ قوماندانلىقىدا ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن ئېلىپ بارغان يەرمۇك ئۇرۇشىغىمۇ قاتناشتى. بۇ ئۇرۇشتا ئىكرىمە (ر.ئەنھۇ) شېھىت بولدى. ئۇممۇ ھاكىم (ر.ئەنھا) شۇنىڭدىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىد (ر.ئەنھا) بىلەن تۇرمۇش قۇردى. ئۇ جەرياندا ئەجنادىن ۋەقەسى يۈز بەردى. ئۇممۇ ھاكىم بۇ ئۇرۇشقىمۇ قاتناشتى ۋە بۇ ئۇرۇش بولغان كۈنى يەتتە دۈشمەننى ئۆلتۈردى.

ئىماننىڭ كۈچى بىلەن ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ ”قەھرىمانلار“ دەپتىرىگە ئىسمىنى يازدۇرغان بۇ ساھابە ئايال ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىر ھايات مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

# ئۇممۇ ئىسھاق غازنۇييە (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن نەسىۋە ئالغان ئايال ساھابە.

ئۇممۇ ئىسھاق (ر.ئەنھا) مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۆنچىلەر چاچرىغان سۆھبەتلىرىدىن نېسىۋىسىنى ئالغان بىر ئايال ساھابىدۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ياشىغان يەردە ياشاش ئىشتىياقىدا كۆيۈپ يانغان ئۇممۇ ئىسھاق (ر.ئەنھا) مۇشرىك ئېرى پاسىقدىن قۇتۇلۇپ قېچىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. ئاخىرى بىر كۈنى بۇ پۇرسەتمۇ كەلدى. بىر تۇغقان قېرىندىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ھىجرەت سەپىرى ئۈچۈن مەككىدىن چىقتى. ئەمما بىر خېلى يول يۈرگەندىن كېيىن، قېرىندىشى يولغا تەييارلىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۇممۇ ئىسھاق (ر.ئەنھا) غا: سەن بۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرغىن،ـ دەپ مەككىگە ئوزۇقلىقنى ئالغىلى ماڭدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكىچە قايتىپ كەلمىگەن ئۇممۇ ئىسھاق (ر.ئەنھا) ئەندىشە ئىچىدە قالدى. مەككىدىن چىققان بىرى ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ تۇرغانلىقىنى سورىدى. ئۇممۇ ئىسھاق (ر.ئەنھا) ئۇنىڭغا بۇ يەردە قېرىندىشىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ ئادەم:

ــ ئەمدى سېنىڭ ئۇ ئىنىڭ يوق. ئېرىڭ ئۇنى مەككىدىن چىقىۋاتقاندا تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى،ـ دېدى.

بۇ سەرگۈزەشتىسىنىڭ داۋامىنى ئۇممۇ ئىسھاق (ر.ئەنھا) مۇنداق بايان قىلىدۇ: مەن " ئىننا لىللاھى" دېگەچ كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ مەدىنىگە قاراپ كەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ر.ئەنھۇ) نىڭ قىزى ھەفسە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيىدە

تاھارەت ئېلىۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـ ئاتا‎ــ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قېرىندىشىم ئىسھاقنى ئۇلار ئۆلتۈرۈۋەتتى،ـ دېدىم ۋە يىغلاشقا باشلىدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا دىققەت بىلەن قارىدى ئاندىن قولىغا بىر ئوچۇم سۇ ئېلىپ يۈزۈمگە چاچتى.‹‹

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نان بىلەن شورپا ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىلىنغان بىر تاماق كەلتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇممۇ ئىسھاق (ر.ئەنھا) مۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇ تاماقنى بىللە يىدى. ››زۇل يەدەيىن‹‹ دەپ ئاتىلىدىغان بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەنە باشقا بىر خىل تاماق بەردى ۋە:

ــ ئى ئۇممۇ ئىسھاق، سىز بۇنىڭدىنمۇ يەڭ،ـ دېدى. ئۆزىنىڭ روزا تۇتىۋالغانلىقىنى پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا ئېسىگە ئالغان ئۇممۇ ئىسھاقنىڭ تاماققا سونۇلۋاتقان قولى توختاپ قالدى. يا ئالدىغا سۇنالمايتتى يە قولىنى قايتۇرۇۋالالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ــ سىزگە نېمە بولدى؟ـ دەپ سورىدى. ئۇممۇ ئىسھاق:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن روزا تۇتىۋالغان ئىدىم،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆزىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ››زۇل يەدەيىن‹‹ دەپ نام بېرىلگەن كىشى:

ــ روزىدارلىقىڭىز قورسىقىڭىز تويغاندىن كېيىن ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ روزىڭىزنى تۇتۇپ تاماملىۋېتىڭ، بۇ ئاللاھنىڭ ئەۋەتكەن بىر رىزقتۇر،ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆڭلىنى يايرىتىدىغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئۇممۇ ئىسھاق ئەينى زاماندا روزىدار تۇرۇپ، ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ ــ ئىچىپ قالغانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ بۇيرىقى بويىچە قانداق قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى ئۆگىتەتتى.

> پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن: ”ئى ئەسما! سىزگە ئىككى بەلۋاغ بېرىلدۇ“ دېگەن خوش بىشارەت بېرىلگەن ئايال ساھابە.

ئايال ساھابىلەر ئىچىدە بىر قىسىم چولپان مىسالى ئاياللار بار بولۇپ، ئۇلار سائادەت زامانىنىڭ ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە پەرىشانلىقلىرىغا كۆكسىنى كەرگەن ھالدا ئىسلامنى ئۆگىنىشكە تىرىشقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھاياتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئەبۇ بەكىرنىڭ قىزى ئەسما (ر.ئەنھۇما) ئەنە شۇنداق ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى.

ئەسما (ر.ئەنھا) نىڭ ئاتىسىدىن ئالغان ئىمان دەرسى ۋە ئىسلامىي ئەخلاقى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى بولغان ۋە ئۇنى پەزىلەتلىك بىر مەرتىۋىگە ئېلىپ چىققان ئىدى.

ئەسما (ر.ئەنھا) نىڭ ئەڭ دەسلەپتە كۆرسەتكەن خىزمىتى ھىجرەت داۋامىدا كۆرۈلدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ سۆيۈندى. ئاتىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولدا يەيدىغان ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىشىغا ياردەملەشتى. كېرەكلىك ئوزۇقلۇق تەييارلاندى. ئەمما ئوزۇق تۈلۈكنى ۋە سۇ قاچىلىغان قاپاقنى باغلايدىغان بىر نەرسە تاپالمىغان ئىدى. ئۇ دەرھال بېلىدىكى ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بەلبېغىنى چىقاردى. ئۇنى يېرىپ ئىككى پارچە قىلىپ، بىرىدە ئوزۇقلۇق قاچىلىغان تولۇمنى، يەنە بىرىدە سۇ تولۇمنىڭ ئاغزىنى باغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسمانىڭ جان پىدالىق بىلەن قىلغان بۇ سەممىي خىزمىتىدىن سۆيۈنگەن ھالدا:

”ئى ئەسما! سىزگە جەننەتتە ئىككى بەلۋاغ بېرىلىدۇ،“ دېگەن خوش بىشارەتنى

بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەسما (ر.ئەنھا) ” زاتەن نىتاقەين“ يەنى ” ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى“ دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى.

ئەسما، ھىجرەت ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى ئېلىپ مېڭىپ، ئۆيىدىكىلەرگە ھېچنېمە قويۇپ قويمىغانلىقىغا ئاچچىغى كەلگەن ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئاتىسى ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئاچچىغىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇششاق تاشلارنى تېرىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت رەخ پارچىسى بىلەن يېپىپ قويۇپ بوۋىسىنىڭ قوللىرىنى ئۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدىن سىلاتقان ھالدا: ئى بوۋا، ئاتام بىزگە بۇ نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى،- دېدى. بوۋىسىنىڭ كۆزلىرى كۆرمەيدىغان بولغاچقا ئۇ تاشلارنى قالدۇرۇلغان مال دەپ ئويلاپ: بۇلارنى قويۇپ كەتكەن بولسا مەيلى،- دېگىنىچە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىلىق نارازىلىق سۆزلىرىنى قىلمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەسمانىڭ ئاتىسى ئەبۇ بەكرى غاردا يوشۇرۇنۇپ ياتقان كۈنلەردە ئەسما مەككىدىن ئۇلارغا خەۋەر ئېلىپ كەلگەچ تاماق توشىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسمانىڭ ھىجرەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۇ خىزمىتىگە مۇكاپات ئورنىدا ئۇنى: ”ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن پىداكارى بار، مېنىڭ پىداكارىم زۇبەيردۇر“ دەپ ماختىغان ساھابىسى زۇبەير (ر.ئەنھۇ) بىلەن نىكاھلاندۇردى.

ئەسما (ر.ئەنھا) دائىم دېگۈدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىپ ياشىغان ساناقلىق ساھابە ئاياللارنىڭ بىرى ئىدى. بۇنىڭدا يەنە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېينىھەمشىرىسى بولغانلىقىنىڭمۇ پايدىسى بار ئىدى. ئۇ بىر قېتىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېينىئاغام بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق كىيىنسەم ھېچنېمە بولماس، دەپ ئويلاپ) ئۈستىگە نېپىز بىر كىيىمنى كىيگەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ دەرھال يۈزىنى ئۆرىدى. ئاندىن كېيىن ئۇنى غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان:“ ئى ئەسما! بىر ئايال زاتى بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن (ئۇنىڭ قولى بىلەن يۈزىنى ئىشارەت ئەتكەن ھالدا) ماۋۇ، ماۋۇ ئەزالىرىدىن باشقا يەرلىرىنى كۆرسىتىشى جائىز ئەمەس“ دېگەن سۆزلەرنى قىلدى. ئاشۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن ئەسمانىڭ كىيىنىشى دائىم بۇ تەۋسىيەگە ئۇيغۇن ھالدا بولدى.

ئەسما تولىمۇ ھايالىق بىرى ئىدى. كۆز ـ قارنى توق، قولى ئوچۇق، مەرت ئىدى. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ”ئى ئەسما! قولىڭىزنى باغلىۋالماڭ ( يەنى بېخىللىق قىلىپ يۇمىۋالماڭ) ئەگەر ئۇنداق قىلسىڭىز ئاللاھ تائالاھ سىزگە قىلىدىغان ئېھسانلىرىنى بەرمەيدۇ“ دېگەندىن كېيىن، ئۇ ھېچكىم يېتەلمەيدىغان بىر مەرتلىكنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى. يېنىدا ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئېلىپ قالمايتتى. ھەممە نەرسىسىنى پېقىر ـ مىسكىنلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۆزى غۇربەتچىلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

بۇ ئۇلۇغ مۇسۇلمان ئايال قانائەتچانلىقى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ ئۆزىگە بېرىلگىنىگە رازى بولاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرى قىلاتتى. بۇنىڭدىن ئارتۇقىنى تەلەپ قىلمايتتى. ئىقتىسادچانلىققا ئەڭ قاتتىق رىئايە قىلاتتى. كېرەكسىز خىراجەتلەرنى ھەرگىز قىلمايتتى.

ئەسما (ر.ئەنھا) ئېرى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى بىر ئايال بولۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ياخشى بىر ئانا ئىدى. ئۇ ئېرى زۇبەيردىن بەش ئوغۇل، ئۈچ قىز بولۇپ سەككىز پەرزەنتلىك بولدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ساھابىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير (ر.ئەنھۇ) ۋە تابىئىنلاردىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرلاردەك مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈلگىلىك شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

ئەسما (ر.ئەنھا) ھىجرىيەنىڭ 73 ـ يىلى 100 يېشىدا ۋاپات بولدى.

# فاتىمە بىنتى ئەسەد (ر. ئانھا)

> پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جىبرىئىل بۇ ئايال جەننەت ئەھلىدىندۇر، دەپ خەۋەر بەردى» دەپ خوش بىشارەت بەرگەن ئايال ساھابە.

فاتىمە (ر.ئەنھا)، ئەلى ئىبنى (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدىغان، يېتىم ۋە پېقىرلارغا پاناھلىق بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان پىداكار ئايال ئىدى. نۇرغۇن جان سانىغا ئىگە بىر ئائىلىنىڭ يۈكى ئېرى ئەبۇ تالىب بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىدە ئىدى. ئۇلار تۇرمۇشنى ناھايىتى تەستە قامدايتتى. بۇنىڭدىن سىرت ئەبۇ تالىبنىڭ ئاتىسى ئەبۇ ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ ئىنىسى بولغان ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئۇنىڭغا ئامانەت قىلىنغان ئىدى. فاتىمە (ر.ئەنھا) بۇ ئائىلىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان بۇ كىچىك مېھمانغا ئانىسىنىڭ يوقلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتەتتى. ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئۆز بالىلىرىنىڭ ئالدىدا يېدۈرۈپ ئىچۈرەتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، چاچلىرىنى تاراپ قويايتتى. ئۆزىنىڭ يېقىندىن كۆيۈنىشى بىلەن ئۇنى ئانا سۆيگۈسىدىن مەھرۇم قالدۇرماسلىققا تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى تۇرمۇش قۇرغىچە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە تۇرغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان زۇلۇملىرى فاتىمە (ر.ئەنھا) نى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. ئەبۇ تالىب بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ھىمايە قىلىپ، دەرت ــ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشاتتى. بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ مۇسۇلمان بولدى. ئانىسىنىڭ ئورنىدا ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئايالنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تولىمۇ خوش قىلىۋەتتى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىش ساۋابىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ساۋادىتىگە ساۋادەت قوشقان يەنە بىر ئىش، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”مەندىن بىر پارچە“ دېگەن سۆزى بىلەن تەرىپلىگەن قىزى فاتىمە (ر.ئەنھا) غا قېيىنئانا بولۇشى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇرسەت تاپسىلا فاتىمەنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورايتتى. ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا ياردەم قىلاتتى، ئۇنى ئانام دەپ بىلەتتى ۋە ” ئانا“ دەپ چاقىراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە يەرلەشكىنىگە تۆت يىل بولغان چاغ ئىدى. بىر كۈنى ھەر دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قايغۇسىنىڭ سەۋەبىنى: ” بۈگۈن ئانام ۋاپات بولدى“ دەپ چۈشەندۈردى. بۇ مۇبارەك ئايال باشقا بىرى ئەمەس دەل فاتىمە بىنتى ئەسەد (ر.ئەنھا) ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىكىنى سېلىپ بەردى. چۈنكى ئۇ ئۆز كۆڭلىكىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن كېپەن بولۇشىنى خالىغان ئىدى. جىنازا نامىزىنىمۇ ئۆزى ئوقۇدى. فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ تاۋۇتى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىندى. قېزىلغان قەبرە كەڭرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرە ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەردە بىردەم ياتقاندىن كېيىن چىقتى، كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى. ياشلىرى قەبرىگە تامچىلىماقتا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرى فاتىمە (ر.ئەنھا) ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىدىن ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تەنلىرى تېگىشكەن قەبرە جەننەت باغچىلىرىنىڭ بىرى بولاتتى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنچىلىق يېقىنلىق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سىزنىڭ باشقا بىرىگە بۇ ئايالغا كۆرسەتكەندەك يېقىنلىق كۆرسەتكىنىڭىزنى ھېچ كۆرمىدۇق،ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ مېنىڭ ئانام ئىدى. ئۆزىنىڭ باللىرى ئاچ قالسىمۇ، ئالدى بىلەن مېنىڭ قۇرسىقىمنى تويغۇزاتتى. ئۆز باللىرىنىڭ ئۈستى ــ باشلىرى توپا ـ توزاڭ ھالەتتە تۇرسىمۇ، ئالدى بىلەن مېنىڭ چېچىمنى تاراپ، گۈل ياغلىرى بىلەن مايلاپ قوياتتى.

ئۇ مېنىڭ ئانام ئىدى. تاغام ئەبۇ تالىبتىن باشقا ماڭا بۇ ئايالدەك ياخشىلىق قىلغان بىرىنى كۆرمىدىم، ئۇنىڭغا ئاللاھ جەننەتنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرسۇن دەپ، كۆڭلىكىمنى ئۇنىڭغا كېپەنلىك قىلدىم، قەبرە ھاياتى ئۇنىڭغا ئاسان ۋە ئارامبەخش بولسۇن دەپ، بۇ قەبرە ئىچىدە بىر ئاز ياتتىم،ـ دېدى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۈستىگە توپا قويۇلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئانىسى ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلدى: " ئاللاھ سىزگە مەرھەممەت قىلسۇن ۋە سىزگە ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن، ئانامدىن كېيىن سىز ماڭا ئانا بولدىڭىز، ئۆزىڭىز ئاچ تۇرۇپ مېنى تويغۇزدىڭىز، بۇنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى ئۈمىد قىلىپ، شۇنداق قىلغان ئىدىڭىز. ئى پەرۋەردىگارىم! ئانام فاتىمە بىنتى ئەسەدنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭرى قىلىپ بەرگىن، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ ھۆرمىتى ۋە مەندىن بۇرۇن كەلگەن پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن."

بىرئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ۋە ئۇ يەردە تۇرغانلارغا مۇنداق خۇش بىشارەت بەردى: "جىبرىئىل ماڭا: بۇ ئايال جەننەتتىكىلەردىندۇر،ـ دەپ خەۋەر بەردى. بۇندىن باشقا ئۇلۇغ ئاللاھ پەرىشتىلەردىن يەتمىش مىڭىنى بۇ ئايالنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بۇيرىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇدى."

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلغان، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغان، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكنىڭ مۇكاپاتىدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بىزلەرنى جەننەتتە بۇ ئەزىز ئايال ساھابە بىلەن قوشنا قىلسۇن!

# ئەسما بىنتى يەزىد ئەشھەلىييە (ر.ئەنھا)

ئايال ساھابىلەرنىڭ سۆزچىسى ئىدى.

ئەسما بىنتى يەزىد (ر.ئەنھا) ئەبدۇلئەشھەل قەۋمىدىن ۋە ئەنسارىلاردىن بولغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سۆزنىڭ ئوچۇق ۋە جەسۇرانە ھالىتى ئۇنى ئاياللارنىڭ ۋەكىلى ئورنىغا كۆتۈرگەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئايال ساھابىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئاياللارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئالدىڭغا كەلدىم، ئۇلۇغ ئاللاھ سېنى ھەم ئەرلەرگە، ھەم ئاياللارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، بىز ساڭا ۋە سەن ئىشەنگەن ئاللاھقا ئىشەندۇق. پەقەتلا بىز ئاياللار بىر ئاز ئۆيلىرىمىزگە مەھكۇم قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن ھالدا ياشىماقتىمىز. بىز ئەرلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى بېقىپ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىۋاتىمىز. ئەرلەر بولسا بەزى جەھەتلەردە يەنى، جۈمە نامىزى ۋە جامائەت نامازلىرىنى ئوقۇش، كېسەللەرنى يوقلاش، جىنازە نامازلىرىغا قاتنىشىشتەك، ھەج قىلىشنى خالىسا ھەج قىلىشتەك ۋە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتەك ئىشلاردا بىزدىن ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە. شۈبھىسىزكى، ئەرلىرىمىز ھەج، ئۆمرە ۋە ياكى جىھاد ئۈچۈن يولغا چىقىپ كەتسە، بىز ئۆيلىرىمىزدە قېلىپ ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ساقلاپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى تىكىپ، بالىلىرىنى تەربىيەلەپ ئولتۇرىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىز ئەرلەر بىلەن ئەجىر ۋە ياخشىلىقتا تەڭ بولالايمىزمۇ؟- دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى تەرەپكە قايرىلدى ۋە:

ــ دىنغا ئائىت تېمىدا سىلەر بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل سوئاللارنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ـ دېدى. ساھابىلەر:

ــ بىز مۇنچىلىك سەۋىيەلىك ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلالايدىغان باشقا بىرى بار دەپ قارىمايمىز،ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسما بىنتى يەزىدكە بۇرۇلۇپ:

ــ ئى خانىم! سىز شۇنى بىلىۋېلىڭ ۋە باشقا ئاياللارغا يەتكۈزۈپ قويۇڭكى، بىر ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشى، ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە ئۆتۈشى، ئەرلەر ئۈستىدە سىز دەپ ئۆتۈپ كەتكەن بارلىق ئەجىرلەردە ئورتاق بولغانلىقتۇر،ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەسما مەمنۇن بولغان ھالدا ئۇ يەردىن قايتىپ كەتتى. دېمەك، بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر بىلەن ئايال كىشىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ خەير ۋە ياخشىلىقتىكى ئەجىر ۋە ساۋاپتا ئەرلەر بىلەن شېرىك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى. ئايال كىشىنىڭ ئائىلىۋىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ساھەلەرنىڭ ئاشكارا تەرەپلىرىدە گەرچە ناھايىتى يەڭگىل بىر ۋەزىن تۇتقاندەك ھالەتتە كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئەھمىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ.

# سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب (ر.ئەنها)

● پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هاممىسىدۇر.

سائادەت زامانىدا ئىسلام مەشئەلىنى قولىدىن چۈشۈرمىگەن، ئىسلامىيەتنىڭ قەلبلەرنى پەتهى قىلىشى ئۈچۈن جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن كۆرەش قىلغان، بۇ جەهەتلەردە ئەرلىرىدىن، باللىرىدىن ئارقىدا قالمىغان ئاياللار بار ئىدى. دۇنيا مەۋجۇدلا بولىدىكەن قەلبلەردە، كۆڭۈللەردە ياشايدىغان ساهابىلەردىن بىرى پەيغەمبەرىمىزنىڭ هاممىسى سەفىيە (ر.ئەنها) ئىدى.

سەفىيە (ر.ئەنها) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك ۋاقتىلىرىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ئانىلارچە مېھرىبانلىق قىلغان، باغرىغا بېسىپ، كۆپ شەپقەت كۆرسەتكەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلىپ، ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندا ئۇ ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار سېپىدىن ئورۇن ئالدى. جىيەن ئوغلىغا بولغان ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەملىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى. ئوغلى زۇبەيرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىداكارى بولغىدەك دەرىجىدە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشتى. ئۇ ناھايىتى قاتتىق قول بىر ئانا ئىدى. ئۇنىڭدىن پەرزەنتىگە بۇنداق قاتتىق قول بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا:

ئۇنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، چۈنكى ئۇ، قوشۇنلارغا قوماندان بولىدۇ.- دەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ تەربىيەلەپ چىققان زۇبەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن: " ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ بىر پىداكارى باردۇر، مېنىڭ پىداكارىم زۇبەيردۇر" دەپ ئۇنىڭغا روھىي مەدەت بەرگەن بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە

ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بىشارەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن سەفىييە (ر.ئەنھا) جەننەت بىلەن خوش بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرىنىڭ ئانىسى بولۇشتەك شەرەپكە ئېرىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا سەفىييەمۇ ئوغلى زۇبەير (ر.ئەنھۇما) بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشتى.

سەفىييە (ر.ئەنھا) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھاياتىنى سېلىپ بېرىشتىن يانمايتتى. ئىسلام تارىخىدا كاپىرنى ئۆلتۈرگەن مۇسۇلمان ئايال دېگەن نامغا ئىگە بولغان ئىدى. بۇ ۋەقەلىك ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد ئۇرۇشىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئاياللىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ھەسسان (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويدى. ھەسسان (ر.ئەنھۇ) ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىمۇ ئېلىپ ماڭماي ئۆيدە قالدۇرۇپ قويغانىدى.

ئەرلەرنىڭ يوقلىقىنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلگەن بىر يەھۇدىي بۇ ئۆيگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى. ئۇ بۇ يەردىكى مۇداپىئەسىز كىشىلەرنى شېھىت قىلىپ، ئاندىن ئۆز ئەقلىچە بىر قەھرىمانلىق قىلماقچى بولغان ئىدى. بۇ ۋەقەلىكنىڭ داۋامىنى سەپىيە (ر.ئەنھا) نىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلايلى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر بىزگە ياردەمگە كېلەلىگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، ھەسسان (ر.ئەنھۇ) قېرى ۋە ئاغرىقچان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىنىڭ ئېغىرى ماڭا چۈشكەنىدى. بىزدە ھېچقانداق قورال يوق ئىدى. قولۇمغا ناھايىتى چوڭ بىر ئوتۇن پارچىسىنى ئالدىم، ئاستا تۆۋەنگە چۈشۈپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە زەرب بىلەن بىرنى ئۇردۇم، ئۇ ئادەم يەرگە يېقىلدى، مەن ئۇنى تاكى ئۆلگىچە ئۇردۇم.

دېمەك سەفىييە (ر.ئەنھا) مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق چوڭ بىر خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كېسەللىكىگە دۇچار بولغاندا، ئۇنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي يىغلايتتى. ئاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ۋە قىزى فاتىمە (ر.ئەنھۇما) گە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى: ”ئى مۇھەممەدنىڭ

قىزى فاتىمە! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھاممىسى سەفىييە! ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ماڭا يۆلىنىۋېلىشنى ئويلىماڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايمەن.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى.

سەفىييە (ر.ئەنھا) چىداملىق ۋە قەھرىمان بولۇپلا قالماي يەنە شائىرلىقى بىلەنمۇ تونۇلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتاپ مەرسىيە يازغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئون يىل ياشىغان سەفىييە (ر.ئەنھا) ھىجرىيەنىڭ 20ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولدى ۋە بەقىيئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

# خەنسا بىنتى ئامر (ر.ئەنھا)

تۆت شېھىتنىڭ ئانىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ۋە تۆت شېھىتنىڭ ئانىسى بولغان خەنسا (ر.ئەنھا) ئەۋلادلىرىغىمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن خۇددى مال ــ مۈلۈككە ئوخشاش بىر ئامانەت دەپ قارايتتى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئامانەتنى ھەقىقىي ئىگىسىگە بېرىش كېرەكلىكىگە ئىشىنەتتى.

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان سۆيگۈسى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىتائىتى ۋە باغلىنىشىنى ھېچنېمە توسۇپ قالالمايتتى. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جېنىدىن، مېلىدىن، پەرزەنتلىرىدىن كېچەلەيتتى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئوغۇللىرىنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئىشتىياقىغا تولغان قەلبكە ئىگە قىلىپ يېتىشتۈردى.

ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك زامانىدا ئىراننى پەتھى قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خەنسا (ر.ئەنھا) تۆت ئوغلى بىلەن بىرلىكتە بۇ قوشۇنغا ئۆزلىكىدىن قوشۇلدى. ئۇ بىر ئانا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بالىلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇللىرىنىڭ شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشىدىن ئارتۇق بەخت يوق ئىدى.

ئۇ، ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىردى. ئۇ، ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەكچى ۋە ئۇلارنى روھلاندۇرماقچى ئىدى. خەنسا (ر.ئەنھا) بىر شائىرە ئىدى. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك مۇشائىرىلەرگە قاتناشقان ۋە ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. شۈڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ سۆزى ناھايىتى تەسىرلىك ئىدى. ئۇ ئوغۇللىرىغا قىلغان سۆزلىرىدىن شۇ

دۇردانىلەر تۆكۈلدى: سىلەر ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان مۇجاھىدسىلەر، سىلەر ئاللاھنىڭ ئاتا قىلىدىغان ساۋابىنى بىلىسىلەر، ئەبەدىي بولغان ئاخىرەت يۇرتىنىڭ پانى بولغان بۇ دۇنيادىن تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىسىلەر، ئاللاھنىڭ: [ئى مۆمىنلەر! تائەت ـــ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھ دىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)] [2] دېگەنلىكىنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار، زەپەرنى قولغا كەلتۈرەلىسەڭلار غەنىمەت بىلەن ئۈچرىشىسىلەر، شېھىت بولساڭلار جەننەتكە كىرىسىلەر، ئاللاھنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىسىلەر.

خەنسانىڭ ئوغۇللىرى بىر ئاز بولسىمۇ بۇرۇنراق شېھىت بولۇپ ئانىسىنى خوش قىلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇرۇش ئىنتايىن شىددەت بىلەن باشلاندى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى باشقا مۇجاھىدلارغا ئوخشاش جان تىكىپ ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى شېھىتلىك مەرتىۋىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇرۇش غەلبە بىلەن ئاخىرلاشتى. تۆت ئوغلىنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى خەنسا (ر.ئەنھا) غا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بۇ خەۋەرنى قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي قېلىشقاندى. خەۋەرنى يەتكۈزگەنلىرىدە ئۇنى پەرياد سېلىپ يىغلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاشقانلار ئۇنىڭ تەمكىن ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بەكلا ھەيران قېلىشتى. چۈنكى ئۇلار قايسى يول بىلەن بىلدۈرۈشتە كۆپ ئارسالدى بولغان بۇ خەۋەرنى خەنسا (ر.ئەنھا) نىڭ بىر خوش خەۋەرنى ئاڭلىغاندەك ئاڭلىغانلىقىنى كۆرۈشكەنىدى.

تەقدىرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتناشقان، پەرزەنتلىرىنى مۇشۇنداق بىر ۋەزىپە ئۈچۈن تەربىيەلەپ چىققان ئانا ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئۇلۇغ بىر خوش بېشارەتنىڭ بارلىقىنى كىممۇ تەخمىن قىلالىسۇن؟

ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈنىشلىرىنى: باللىرىمنى شېھىتلىككە نائىل قىلىش بىلەن مېنى شەرەپلەندۈرگەن ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن، مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە رەھمىتى ئاستىغا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە تىلەيمەن، دېگەن دۇئا بىلەن ئىپادىلىدى.

2 ئال ئىمران سۈرىسى 200ـ ئايەت.

## ھەلىمە (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىكئانىسى.

ھەلىمە (ر. ئانھا) بەنى سەئد قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، كائىناتنىڭ ئۇستازى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنىكئانا بولۇش ۋە ئۇنى ئېمىش شەرىپىگە ئىگە بولغان بىر ئايالدۇر.

مەككىنىڭ ھاۋاسى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەردىكىلەر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن چۆللەردە ياشايدىغان ئىنىكئانىلارغا ئېمىشقا بېرەتتى. ئىنىكئانا بولماقچى بولغان ئاياللار يىلدا ئىككى قېتىم مەككىگە كېلىپ، كىچىك بالىلارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشاتتى. ھەلىمەمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلى ئۇ مەككىگە بىر ئاز كېچىكىپ كەلدى. ئۇ كەلگەندە، بارلىق بالىلار ئېلىپ كېتىلىپ بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بالا قالمىغان ئىدى. ھەلىمە (ر.ئەنھا) بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھېچكىم ئالمىغان ئىدى. چۈنكى ئىنىكئانىلار بالىلارنىڭ ئاتىلىرىدىن پۇل ئېلىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئېمىتىپ بېرەتتى. ئابدۇلمۇتتەلىب ھەلىمەنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ يېتىم بالىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەلىمە ئېرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئېرى: ئالماسلىقىڭغا بىرەر سەۋەپ يوق، بەلكى ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بەرىكەت تېپىپ قېلىشىمىز مۇمكىن،- دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەلىمە ئوڭ كۆكسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، سول كۆكسىدە ئۆز ئوغلىنى ئېمىتىشكە باشلىدى. ھەلىمەنىڭ سۈتى بۇندىن بۇرۇن ئۆز ئوغلىنىمۇ تويغۇزالمايتتى. ئەمدىلىكتە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېمىتىش بىلەن بەرىكىتى ئاشقانىدى، ھەر

ئىككىسىلا توياتتى. بەرىكەت پەقەتلا ئۇنىڭ سۈتىدىلا بولمىدى. ئۆيىدىكى ناھايىتى ئاز سۈت بېرىدىغان تۆگىسىنىڭمۇ سۈتى كۆپىيىپ، بۇ كەمبەغەل ئائىلىنى تولىمۇ خوش قىلىۋەتتى. ھەلىمەنىڭ ئېرى: ئى ھەلىمە! بىلگىنكى سەن مۇبارەك ۋە بەرىكەتلىك بىر بالا ئېلىپسەن، ـ دېدى. ئۇ يىلى بەنى سەئد قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا ناھايىتى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغان ئىدى. ھايۋانلار تويغۇدەك ئوت ــ چۆپمۇ ئۆسمىگەن ئىدى. ئەمما ھەلىمەنىڭ قويلىرى قورساقلىرى توق، يېلىنلىرى سۈتكە تولغان ھالدا ئوتلاپ كېلەتتى. ئۇ يەردىكى كىشىلەر بۇ موللۇق ۋە بەرىكەتكە شاھىت ئىدى. بۇ موللۇق ۋە بەرىكەتنىڭ يېتىم دەپ ئالمىغان بۇ بالىنىڭ سەۋەبىدىن كەلگەنلىكىنى بىلەتتى ۋە بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈندىن ــ كۈنگە چوڭ بولۇپ سۈتتىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالغان ئىدى. ھەلىمە (ر.ئەنھا) ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا يەنە بىر مەزگىل تۇرۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنە ئوغلىنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر مەزگىل ئۇ يەردە قېلىشىغا ماقۇل بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەلىمە (ر.ئەنھا) نىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئېمىلدىشى ئابدۇللاھ بىلەن بىرلىكتە قويلارنى ئوتلاتقىدەك بولغىچە تۇردى. بىر كۈنى ئۇ قويلارنىڭ قېشىدا تۇرغان بىر ۋاقىتتا، ئىككى كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەرگە ياتقۇزۇپ كۆكسىنى يېرىپ، يۈرىكىدىن قان ئۇيۇتمىسىغا ئوخشاش بىر نەرسىنى ئېلىپ: بۇ سەندە بولغان شەيتانغا ئائىت بىر نەرسىدۇر، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئىككى ناتونۇش كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەرگە ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە قىلغان ئىشلىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كېلىپ ئاتا ــ ئانىسىغا: تېز بولۇڭلار، قۇرەيشلەر قېرىندىشىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ـ دەپ ۋاقىردى. ھەلىمە (ر.ئەنھا) بىلەن ئۇنىڭ ئېرى دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىشتى. ئۇلار يېتىپ بارغاندا پەيغەمبەرىمىز ئۆرە تۇراتتى. يۈزلىرى ساغرىپ كەتكەنىدى. ئەمما كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ساڭا نېمە ئىش بولدى؟ـ دەپ سورىغاندا: ”ئاق كىيىملىك ئىككى كىشى كېلىپ مېنى يەرگە ياتقۇزدى. ئاندىن قورسىقىمدىن مەنمۇ بىلمەيدىغان بىر نەرسىنى ئىزدىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەلىمە بىلەن ئۇنىڭ ئېرى قورقۇپ كەتكەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا بىرەر ئىش كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تىنچ ۋاقتىدا ئۇنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ، ئۇنى ئانىسىغا ئاپىرىپ بەردى.

ئارىدىن يىللار ئۆتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى، ئارقىدىن بوۋىسى ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۆزىمۇ چوڭ بولۇپ ئۆيلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم دېگۈدەك ئېنىك ئانىسىنى يوقلاپ بېرىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرگەن ھامان: ئانا!ـ دەپ چاقىراتتى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ئۈستىدىكى ئارتۇق كىيىملىرىنى سېلىپ ئۇنىڭ ئاستىغا سېلىنچا قىلىپ بېرەتتى. بىرەر ئېھتىياجى بولسا، ھەل قىلىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى ھەلىمە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگىلى كەلدى. بەنى سەئد قەبىلىسىدە قۇرغاقچىلىق بولغانلىقىنى، ھايۋانلار ئارىسىدا كېسەل تارقاپ، ئۆلۈپ كېتىپ بارغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىدەك ئارتۇق بىر نەرسىسىمۇ يوق ئىدى. ئەمما خەدىجە (ر.ئەنھا) نىڭ كۆڭلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېنىكئانىسىنى قورۇق يولغا سېلىپ قويۇشقا ئۇنىمىدى. ئۇ ئۆزىگە تەۋە بولغان قىرىق قوي بىلەن بىر تۆگە بەردى. ھەلىمە (ر.ئەنھا) بۇ ئىلتىپاتلاردىن ناھايىتى رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۆيىگە قايتتى.

ئاخىرقى يىللىرىدا مۇسۇلمان بولۇپ ساھابە بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ھەلىمە (ر.ئەنھا) جەننەتۇل بەقىيئە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

# ھەمنە بىنتى جەھش (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېينھەمشىرىسى.

ھەمنە (ر.ئەنھا) نىڭ ھامىسى بولغان ئۇمەيمە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى بولغان زەينەب بىنتى جەھش (ر.ئەنھا) نىڭ قىز قېرىندىشى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېينھەمشىرىسى ھېسابلىناتتى.

ئىسلام چاقىرىقلىرى مەككە ئاسمانلىرىدا ياڭراشقا باشلىغان زامانلاردا، ئۇ بۇ چاقىرىقلارغا ئاۋاز قوشقان ۋە دەسلەپكى يىللاردا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ ساھابە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىسلامىي پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن ئائىلە مۇھىتى بار ئىدى. ھەمنە (ر.ئەنھا) ئىنىسى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇ) بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ”پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆلتۈرۈلدى“ دېگەن خەۋەر تارقالغاندا، ھەمنە (ر.ئەنھا) دەرھال ئۇرۇش بولىۋاتقان يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئۇسساپ كەتكەنلەرگە سۇ بېرىپ، يارىلانغانلارنى يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىش ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا ھەمنە (ر.ئەنھا) نىڭ ئېرى مۇسئەب بىلەن ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللاھ ۋە تاغىسى ھەمزە (ر.ئەنھۇم) لار شېھىت بولغان ئىدى. يېقىنلىرىنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزى يەتكۈزدى ۋە:

ــ ئى ھەمنە! سەۋر قىلغىن، ئاللاھدىن ئەجر بېرىشىنى ئۈمىد قىلغىن!ـ دېدى. ھەمنە:

ــ كىم ئۈچۈن سەۋر قىلىمەن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

ــ تاغاڭىز ھەمزە ئۈچۈن،ـ دېدى. ھەمنە بۇنىڭغا بويسۇنغان ھالدا:

ــ بىز ئاللاھنىڭ قۇللىرىمىز، ئۇ تەرەپكە قايتىمىز، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!

ئۇنى شېھىتلىك ساۋابى بىلەن رازى قىلسۇن ۋە خوش بىشارەت بەرسۇن،- دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

- ئى ھەمنە! سەۋر قىلىڭ، ئاللاھدىن ئەجىر بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىڭ!- دېدى. ھەمنە:

- كىم ئۈچۈن سەۋر قىلىمەن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قېرىندىشىڭىز ئۈچۈن،- دېدى. ھەمنە يەنە سەۋرى قىلغان ھالدا:

- بىز ئاللاھنىڭ قۇللىرىمىز، ئۇ تەرەپكە قايتىمىز، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇنى شېھىتلىك ساۋابى بىلەن رازى قىلسۇن،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىم:

- ئى ھەمنە! سەۋرى قىلىڭ ۋە مۇكاپاتىنى ئاللاھدىن ئۈمىد قىلىڭ!- دېدى. ھەمنە بىر ئاز ھاياجانلانغان ھالدا:

- كىم ئۈچۈن سەۋر قىلىمەن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئۈچۈن،- دېگەندىن كېيىن ئاخىرغىچە چىداملىقىدا ھېچ بىر تەۋرىنىش كۆرۈلمىگەن ھەمنە (ر.ئەنھا) ئاندىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغان يېتىم باللىرىنى ئويلاپ:

- ۋاي ماڭا كەلگەن بۇ مۇسىبەتلەر!- دەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇنىڭغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھېچ شۈبھىسىزكى ئايال كىشى ئۈچۈن ئېرىنىڭ ئۆزگىچە ئورنى باردۇر، ھەمنە تاغىسىنىڭ ۋە قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈمىگە چىداشلىق بېرەلىدى، ئەمما ئېرىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن چىداملىقلىقىنى ساقلاپ قالالمىدى،- دېدى.ئاندىن كېيىن ھەمنە (ر.ئەنھا) ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا ياخشى بىر چىقىش يولى بېرىلىش ئۈچۈن ئاللاھغا دۇئا قىلدى.

ھەمنە (ر.ئەنھا) ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئالدىنقىلىرىدا كۆرسەتكەندەك چىدامچانلىقىنى كۆرستەلمىگەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئېتىراز بىلدۈرمىدى. ئۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ۋە تەسەللىسى بىلەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىن ئۇنىڭغا ئوتتۇز ۋەسەق خورما بەردى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتتۈپ ئۇ جەننەتتىن خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان تەلهە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ (ر.ئەنها) بىلەن ئۆيلەندى ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى بالىلىق بولدى. ئۇ بالىلىرىغا ئاللاھغا يۈزلىنىش روھىنى شۇنچىلىك سىڭدۈرگەن ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ناھايىتى كۆپ ناماز ئوقۇيدىغان ۋە كۆپلەپ سەجدە قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ”سەججاد“ دەپ ئاتاشتى. بۇ ساھابە ئايالدا بار بولغان گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ۋە خىسلەتلەرنىڭ ئوخشىشىنىڭ بىزدىمۇ بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

# شەيما بىنتى ھارىس (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېمىلدەش ھەمشىرىسى.

شەيما (ر.ئەنھا) نىڭ يەنە بىر ئىسمى خۇزافە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېنىكئانىسى ھەلىمە ئەسسەئدىييە (ر.ئەنھا) نىڭ قىزى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېمىلدەش ھەمشىرىسىدۇر. شەيما (ر.ئەنھا) كىچىك ياشلىرىدىن باشلاپلا ئانىسىغا ياردەملىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باقاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلىپ مەككە ۋە مەدىنىدە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى داۋام قىلىۋاتقان يىللارمۇ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مەككىنى پەتھى قىلىش نېمىتىنى ئاتا قىلدى. مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى بىلەن ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەمدى ئۇدۇل بىز تەرەپكە كېلىپ بىزنى بويسۇندۇرىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى. بۇ قورقۇش سەۋەبى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېمىتكەن كىشىلەرمۇ بار بولغان سەئد ئىبنى بەكىر قەۋمىنىڭ ئادەملىرىنى، ھەۋازىن، سەقىف ۋە نەسىر قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرىنى توپلاپ ئۆزلىرى بىلەن بارلىق مال ـ دۇنياسىنى، خوتۇن بالىلىرىنى ئېلىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەييارلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، ھەۋازىن دېگەن يەردە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا بىرمۇنچە غەنىمەت ۋە ئەسىرلەر ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشتى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىچىك ۋاقتىدا باققان ئېمىلدەش ھەمشىرىسى شەيما (ر.ئەنھا) مۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسھابىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ مەن سىلەرنىڭ خوجايىنىڭلارنىڭ ھەمشىرىسى بولىمەن، ـ دېدى.

ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشكىنىدە، ئۇ يەنە پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا:

ــ مەن سېنىڭ ئېملىدەش ھەمشىرەڭ شەيما بولىمەن،ــ دېدى. ئاردىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەن بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تونىيالماي قالغان ئىدى. شەيما (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئېملىدەش قېرىنداشلىرى بولغان ئابدۇللاھ بىلەن ئەنسەنى تىلغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنداقتا بۇنىڭغا دەلىل بولغىدەك بىرەر ئالامەت بارمۇ؟ــ دېدى. شەيما (ر.ئەنھا):

ــ دۈمبەمدە يەرگە يېقىلغاندا قالغان بىر تاتۇق ئىزى بار. سىللەر جىلغىسىدا بىز ئائىلىمىزنىڭ پادىلىرىنى ئوتلىتاتتۇق، ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ئاتام سېنىڭمۇ ئاتاڭ، مېنىڭ ئانام سېنىڭمۇ ئاناڭ ئىدى. مەن ساڭا قارايتىم، ئەمدى ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!ــ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ تاتۇق ئىزنى كۆرۈپلا ئۇنى تونىدى ۋە ”كەلگىنىڭنى قارشى ئالىمىز“ دېگىنىچە ئۆزىنىڭ تونىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ مۇبارەك كۆزلىرىگە ياش تولدى. ئېنىكئانىسى ۋە ئېنىكئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. شەيما (ر.ئەنھا) ئۇلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ”ئەگەر قەۋمىڭىزنىڭ قېشىغا قايتىشنى خالىسىڭىز، سىزنى يولغا سېلىپ قوياي، خالىسىڭىز ئېتىبارلىق ۋە ياخشى كۆرۈلگەن بىرى بولۇپ، بۇ يەردە قېلىڭ،ــ دېدى. شەيما (ر.ئەنھا): مەن قايتىشنى خالايمەن، ماڭا مەن ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بېرىپ، مېنى قەۋمىمنىڭ قېشىغا قايتۇرۇۋەتكىن،ــ دېدى ۋە مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈندۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا غەنىيمەتلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن نەرسە بەردى ۋە ئۇنى قەۋمىنىڭ قېشىغا يولغا سېلىپ قويدى. شەيما (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باققان چاغلاردا ئۇنى ئويناتقاندا ئوقۇپ بېرىدىغان:

رەببىمىز! مۇھەممەدنى قالدۇر بىزگە،
ئۇنىڭ نەۋقىرانلىقىنى بىر كۆرەي.

باشقىلارنىڭ ئۈنىڭغا،
باش ئەگكەنلىكىنى بىر كۆرەي.

ھەسەتكار، دۈشمەنلەرنىڭ،
تىزلانغىنىنى بىر كۆرەي.
ئۈنىڭغا بەر ئەبەدىي شەرەپ،
ئۈنىڭ ئىززىتىنى بىر كۆرەي.

دېگەن قوشاقنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئېسىگە سېلىپ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بەردى.

شەيما (ر.ئەنھا) نىڭ كىچىك چاغلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۈچۈن ئوقۇغان بۇ قوشىقى ۋە دۇئاسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى ئۈنىگمۇ كۆرۈشكە نېسىپ قىلغان ئىدى.

# زىننىرە ئەررۇمىييە (ر.ئەنھا)

> ئىمانى ئۈچۈن نۇرغۇن قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن ئايال ساھابە.

زىننىرە (ر.ئەنھا) ئەسلى رۇملاردىن بولۇپ، ئابدۇددار قەۋمىنىڭ ئازات قىلىنغان قۇلى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققە قىلغان دەۋىتىنى ئاڭلاپ، بۇ دەۋەتكە ئاۋاز قوشۇپ مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلارغا سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى كۆرۈپ تۇرغان ھالدا، بېشىغا كېلىدىغان ھەرخىل قىيىن ـ قىستاقلارغا پىسەنت قىلماي ئىمان ئېيتقان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بىر قۇل بولغىنى بىلەن مەنىۋىي جەھەتتە ھۆر بولۇشتەك سۆيۈنۈش ئىچىدە ياشىدى.

زىننىرە (ر.ئەنھا) نىڭ خوجايىنى بولسا مۇسۇلمان بولغانلارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىنقىلىرىدىن ئىدى. زىننىرە (ر.ئەنھا) نىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ساراڭنىڭ ئۆزىلا بولدى. ئۇنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئۇسۇلنى ئىشقا سېلىشتىن يانمايتتى. ئىنسان چىداپ بولالمايدىغان قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچار قىلىش ئارقىلىق زىننىرەنى قايتا بۇتلارغا ئىبادەت قىلدۇرماقچى بولدى. ئەمما ئۇ ئىمان ئېيتقان بىر مۆمىن ئۈچۈن قايتا باتىللىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا قايتىشنىڭ بۇ ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلاردىنمۇ ئېغىر مۇسىبەت ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟

زىننىرە (ر.ئەنھا) غا قىلغان بۇنچىلىك قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلىرىغا قارشى ئۇنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ئالدىدا ئۆزىنىڭ يالغۇز كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان خوجايىن، ئەبۇ جەھىلنى ياردەمگە چاقىردى. زىننىرە (ر.ئەنھا) گە قىلىنغان قىيىن ـ قىستاقلارغا ئەمدى ئەبۇ جەھىلنىڭ زۇلۇمى قوشۇلغان ئىدى. ئەمما ئۇلار، زىننىرە (ر.ئەنھا) دا مۇستەھكەملىكتىن باشقا بىر ئىنكاسنى كۆرمىدى. زىننىرە (ر.ئەنھا) ‘‘ئىمان بىر نۇر ھەم

قۇۋۋەتتۇر، ئىنسان مۇسىبەت ۋە بېسىملاردىن ئىماننىڭ قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك ئاجىزلىقىغا قارىتا قۇتۇلىدۇ“ دېگەن ھەقىقەت ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى بىر ئۈلگە بولغان بولسا، ئەبۇ جەھىل بىلەن باشقا مۇشرىكلار ئاجىز ۋە ھېچكىمى بولمىغان بىر ئايالغا قىلغان بۇنچىۋالا زۇلۇملىرى بىلەن ”كۇفۇر، ئىنساننى ئىنتايىن ئاجىز بىر جانىۋارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ“ دېگەن ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىشاتتى.

قاتتىق قىيناشلار نەتىجىسىدە زىننەرە (ر.ئەنھا) نىڭ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئۈمىدلەنگەن ھالدا:

سەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلماي تاشلىۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىلاھلىرىمىز لات ۋە ئۇززا سېنىڭ كۆزلىرىڭنى قارىغۇ قىلىپ قويدى، مۇسۇلمانلىقىڭدىن ۋاز كەچ، ئىلاھلىرىمىز سېنىڭ كۆزۈڭنى ساقايتىپ قويسۇن،- دەپ زىننىرەنى دىندىن ياندۇرماقچى بولدى. كۆڭۈل كۆزى ئىماننىڭ نۇرى بىلەن تولغان زىننىرە (ر.ئەنھا) بولسا تاش ۋە دەل ـ دەرەخلەردىن ياسالغان، ئاجىز، ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزۈش ياكى زىيان سېلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان بۇتلارنىڭ ئۆزىگە زىيان سالالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر ئىمتىھان ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئەبۇ جەھىلگە:

ياق، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ئىلاھ بىلىپ ئىبادەت قىلغان ئۇ بۇتلىرىڭلار تاش ۋە ئوتۇن پارچىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ ھەرگىزمۇ ماڭا زىيان سالالمايدۇ، بۇ بولسا پەقەتلا پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن بولغاندۇر، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قادىردۇر،- دېيىش ئارقىلىق ئەبۇ جەھىلنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

ھالبۇكى ئۇلار سەھەرنىڭ تۇنجى نۇرلىرى بىلەن تەڭ زىننىرە (ر.ئەنھا) نىڭ كۆزلىرىنىڭ قايتا كۆرەلەيدىغان بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئۇنى قىيناش ئۈچۈن يىغىنلاشقان مۇشرىكلار ئۇنىڭ كۆزىنىڭ كۆرۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. بەزىلىرى ھەتتا ئىمان ئېيتىشقا ئازلا قالدى. ئەمما خۇددى ئەتراپىنىمۇ قەلبىگە ئوخشاش زۇلۇم ۋە كۇفۇر بىلەن تولدۇرماقچى بولغان ئەبۇ جەھىل:

مۇھەممەدنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋاتقان ئاشۇ ئەقىلسىزلارغا ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟

ئەگەر ئۇ ئىلىپ كەلگەن نەرسە ھەقىقەت بولغىنىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىشتە بىز ئەلۋەتتە بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتۇق، زىننىرە توغرا يولنى تېپىشتا بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن بولدىمۇ؟- دەپ يېنىدىكىلەرنى ئىمان ئېيتىشتىن ۋاز كەچتۈردى. ۋە:

بۇمۇ مۇھەممەدنىڭ سېھىرلىرىدىن بىرىدۇر،- دېدى. بۇ ۋەقە ھەققىدە ئەھقاف سۈرىسىنىڭ تۆۋەندىكى مەنىدىكى 11ـ ئايىتى نازىل بولدى:

[كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئىشەنمىگەن بولاتتى» دېدى، ئۇلار قۇرئان بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، «بۇ قەدىمكى ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ}

بۇ ئايەتنىڭ نازىل قىلىنىشى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەننىڭ ئەكسىچە، كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىرىدا تېخىمۇ چووڭقۇرلىشىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە كۇفۇر مۆھۈرىنىڭ بېسىلىشىغا سەۋەپ بولدى. ئۆزى دۇچ كەلگەن بارلىق جاپاـ مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمىگەن زىننىرە (ر.ئەنھا) نى ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭ خوجايىنىدىن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋەتتى.

# ئەرۋا بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىدۇر.

ئەرۋا (ر.ئەنها) ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى بولۇپ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇمەير ئىبنى ۋەھەب بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن تۇلەيب ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغان ئىدى. ئۇ ئۇمەيردىن كېيىن ئەرتاب ئىبنى ئەبدۇ مەنناب بىلەن تۇرمۇش قۇردى ۋە ئۇنىڭدىن فاتىمە ئىسىملىك بىر قىزى بولدى.

ئەرۋا (ر.ئەنها) نىڭ ئوغلى تۇلەيب (ر.ئەنهۇ) ئانىسىدىن بۇرۇن؛ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئەرقەمنىڭ ئۆيىدە دەۋەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن يۈگۈرگەن پېتى ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ مەن مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) گە ئەگەشتىم، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولدۇم،ــ دېدى. ئەرۋا (ر.ئەنها):

ــ سەن مۇھەممەدنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى بولغاندىن كېيىن ئۇنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ ياردەم بېرىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشى سەن،ــ دېدى ھەمدە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

ــ ناۋادا ئەرلەردەك بولالىغان بولسام ئىدىم، مەن سېنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشىڭگە ياردەم قىلغان بولاتتىم،ــ دېدى. تۇلەيب (ر.ئەنهۇ):

ــ ئى ئانا! سىزنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەرگە ئەگىشىشىڭىزگە نېمە توسالغۇ بولىۋاتىدۇ؟ قاراڭ، قېرىندىشىڭىز ھەمزە (ر.ئەنهۇ) مۇ مۇسۇلمان بولدى،ــ دېدى. ئەرۋا (ر.ئەنها):

ــ قېرىنداشلىرىمنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈۋاتىمەن، مەنمۇ بىر كۈنى ئۇلاردىن بىرى بولىمەن،ــ دېدى. تۇلەيب (ر.ئەنهۇ):

ــ شۈبھىسىزكى! مەن سىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولۇشىڭىزنى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشىڭىزنى، ئۇنى ئەستىقلاش بىلەن بىرگە قوللىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن،ــ دېدى. ئەرۋا (ر.ئەنھا) مۇ:

ــ ئاللاھدىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ھازىرلا گۇۋاھلىق بېرىمەن،ــ دەپ مۇسۇلمان بولدى.

ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن دائىم دېگۈدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرەتتى ۋە ئوغلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللاپ، بارلىق ئىشلاردا ھەمدەم بولۇشىنى تەۋسىيە قىلاتتى. بىر قېتىم تۇلەيب (ر.ئەنھۇ) ئەۋۇف ئىبنى سەبرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاپ ھاقارەتلىگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ، ئۆلگەن تۆگىنىڭ چىش سۆڭىكى بىلەن ئەۋفنى ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسلام كەلگەندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ مۇشرىكنىڭ قېنىنى ئېقىتقان مۇسۇلمان بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئەرۋا (ر.ئەنھا) غا: ئوغلىڭىزنىڭ قىلغانلىرىنى كۆردىڭىزمۇ؟ــ دېگەندە، ئۇ: ئوغلۇمنىڭ كۈنلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئانىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا ياردەم بەرگەن كۈنىدۇر،ــ دېدى.

ئەبۇ لەھەب ھەمشىرىسى بولغان ئەرۋا (ر.ئەنھا) نىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئازار بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئەرۋا (ر.ئەنھا) ئۇنىڭغا:

ــ سەن ئەسلىدە قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنى قوللىشىڭ كېرەك ئىدى،ــ دېدى. ئەبۇ لەھەب:

ــ بىز مۇھەممەدنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان دىنى ئۈچۈن قوزغالغان ئەرەبلەرگە تەڭ كېلەلەمدۇق؟ــ دېدى. ئەرۋا (ر.ئەنھا) جاۋابەن مۇنداق قوشاق توقۇپ جاۋاب بەردى:

تۇلەيب تاغىسىنىڭ ئوغلىغا بېرىدۇ ياردەم،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايىمايدۇ مېلى، جېنىنى ھەم.

ئەرۋا (ر.ئەنھا) مەككىدە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. ئۇ، ھاياتى بويىچە پەرزەنتلىرىنى ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدىغان قىلىپ تەربىيەلەشتە ئۈلگە بولۇپ ياشىدى.

## دۇررە بىنتى لەھەب (ر.ئەنھا)

> پېقىرلارغا تاماق بېرىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئايال ساھابە.

دۇررە (ر.ئەنھا) ھاياتى بويىچە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە لەنەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان شەكىلدە ھايات كەچۈرگەن، ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ دۈشمىنى ئەبۇ لەھەبنىڭ قىزىدۇر. ئانىسى بولسا ئۇممۇ جەمىلدۇر. تىكەنلەر ئارىسىدا ئۈسۈپ يېتىلگەن گۈلدەك، زۇلمەتكە تولغان بىر ئائىلە مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگىنى بىلەن، ئاللاھنىڭ نۇرى تەرىپىگە يۈگرەپ كېلىپ ئىمان ئېيتقان ۋە مەنىۋىيىتىنى ئىسلام بىلەن نۇرلاندۇرغان بىر ئايال ساھابىدۇر.

دۇررە (ر.ئەنھا) دەسلەپتە ھارىس ئىبنى نەۋفەل بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئىدى. لېكىن ھارىس بەدر ئۇرۇشىدا كاپىرلار تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلدى ۋە كاپىرلار قاتارىدا ئۆلدى. شۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دۇررە (ر.ئەنھا) مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مەدىنىگە كەلگىنىدە رافىئ ئىبنى مۇئەللا (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشتى ۋە دىھيە ئىبنى خەلىفە ئەلكەلبى (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇردى. بىر قېتىم زۇۋۇيكەلىك ئاياللار دۇررە (ر.ئەنھا) غا:

— سىز ئەزىز ۋە جەللە جەلال بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن "ئەبۇ لەھەبنىڭ قولى قۇرۇسۇن، ئەمەلىيەتتە قۇرۇپ كەتتى" دەپ تەسۋىرلەنگەن ئەبۇ لەھەبنىڭ قىزىسىز. سىزنىڭ ھىجرەت قىلغىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى بار؟- دېيىشتى. دۇررە كۆڭلى ناھايىتى ئازار يېگەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇ ئاياللارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "سىز ئولتۇرۇڭ" دېدى ۋە ئۆزى تۇرۇپ جامائەتكە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. مۇنبەردە بىرئاز ۋاقىت ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئى جامائەت! بەزى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن مېنىڭ نەسەبىم ۋە ئۇرۇغ — تۇغقانلىرىمنىڭ سەۋەبى بىلەن ماڭا ئازار بېرىدۇ؟ شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى، كىمكى مېنىڭ نەسەبىمدىكىلەرگە ۋە ئۇرۇغ — تۇغقانلىرىمغا ئازار بەرسە، ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، كىمكى ماڭا ئازار بەرسە ئاللاھقا ئازار بەرگەن بولىدۇ،- دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئۆلۈكلەر سەۋەبىدىن تىرىكلەرگە ئازار بېرىلمەس،- دېدى. ئاردىن بىرى تۇرۇپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەيرلىك كىشى كىمدۇر؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قۇرئاننى كۆپ ئوقۇيدىغان، ئاللاھتىن بەك قورقىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان ۋە سىلە — رەھىمنى كۆپ قىلىدىغان كىشىدۇر،- دېدى.

دۇررە (ر.ئەنھا) پېقىرلارغا تاماق بېرىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئايال ساھابىنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقىغا ئائىت بىرەر مەلۇمات يوق.

## ھەسسانە ئەلمۇزەننىيە (ر.ئەنھا)

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە (ر.ئەنھا) نىڭ يېقىن دوستى ئىدى.

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ”جەسسانە“ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ”ھەسسانە“ گە ئۆزگەرتىۋەتكەن. ھەسسانە (ر.ئەنھا) خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ يېقىن دوستى بولغاچقا، دائىم دېگۈدەك ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئۆيلىرىگە كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ئىمان دەۋىتى يەتكۈزۈلگەن ھامان ئۇنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇنىڭ خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بىلەن بولغان دوستلىقىغا ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ قوشۇلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ دوستلۇقلىرى تېخىمۇ چىڭىغان ئىدى. ئۇلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دىنىي قېرىنداشلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى. خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسسانە (ر.ئەنھا) نى خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىزدىن قالغان بىر خاتىرە ئورنىدا ناھايىتى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنى پات_ پات يوقلاپ، ھال_ ئەھۋال سوراپ تۇراتتى.

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (ر.ئەنھا) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

_ بىر كۈنى ئۆيگە ياشانغان بىر ئايال كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

__سىز كىم بولىسىز؟_ دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:

_ مەن جەسسانە ئەلمۇزەننىيە بولىمەن،_ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

__ ياق، بەلكى سىز ھەسسانەسىز، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ بىز كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟_ دەپ سورىدى. ئۇ:

_ ساڭا ئاتا_ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ياخشى كېتىپ بارىمەن، ئى ئاللاھنىڭ

پەيغەمبىرى!- دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ ئايال قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن قىلىۋاتقان ئىشىڭنىمۇ تاشلاپ قويۇپ بۇ ئايال بىلەن ئەھۋالىشىپ كەتتىڭغۇ؟- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ خەدىچە ھايات ۋاقتىدا ئۇ دائىم ئۆيىمىزگە كېلىپ ــ كېتىپ تۇراتتى، ئەڭ ياخشى دوستلۇق ئىماندىدۇر،- دېدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك (ر.ئەنھا) دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر يەردىن سوۋغات كەلسە: ''بۇنىڭ بىر قىسمىنى ھەسسانە (ر.ئەنھا) غا ئاپىرىپ بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ خەدىچە (ر.ئەنھا) نىڭ دوستى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ خەدىچە (ر.ئەنھا) نى ياخشى كۆرەتتى،- دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلتىپات ۋە ھۆرمەتلىرىگە ئېرىشكەن ھەسسانە (ر.ئەنھا) ئۇ مۇبارەك ئائىلىگە بولغان يېقىنلىقىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكەن.

# سەففانە بىنتى ھاتەم (ر.ئەنھا)

قېرىندىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئايال ساھابە.

سەففانە (ر.ئەنھا) نىڭ ئىسلام بىلەن تونۇشۇپ مۇسۇلمان بولۇشىغا تۆۋەندىكى ۋەقە سەۋەپ بولغان ئىدى. ئىبنى ئىسهاقتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتلىق قوشۇنى تاي قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇم داۋامىدا ھاتەمنىڭ قىزى سەففانە (ر.ئەنھا) نى ئۇچراتتى ۋە ئۇنى تاي قەبىلىسىنىڭ ئەسىرلىرى ئارىسىغا قوشۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە تەقدىم قىلىپ، مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ھويلىغا قويۇپ قويۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا سەففانە دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق بىر ئايال ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتام ئۆلدى، تايىنىدىغان ئادىمىم يوق بولدى، ماڭا ئىلتىپات قىل، ئاللاھ ساڭىمۇ ئىلتىپاتتا بولسۇن،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىزنىڭ يۆلەنچۈكىڭىز كىم؟ـ دەپ سورىدى. سەففانە (ر.ئەنھا):

ــ ئەدىي ئىبنى ھاتىم،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن قاچقان ھېلىقى ئەدىي ئىبنى ھاتىممۇ؟ـ دېدى ۋە سەففانە (ر.ئەنھا) نى تاشلاپ كېتىپ قالدى. داۋامىنى سەففانە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايلى:

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا ئۈچ قېتىم كەلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئادەم ماڭا: ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، گەپ قىلىڭ،ـ دەپ ئىشارەت قىلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئاۋۋالقى تەلىپىمنى تەكرارلاپ:

ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتام ئۆلدى، يولەنچۈكىم يوق بولدى، ماڭا ئىلتىپات قىل، ئاللاھ ساڭىمۇ ئىلتىپاتتا بولسۇن،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

" بولدى، شۇنداق قىلدىم، ئەمما سىزنى يۇرتىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويغۇدەك ئىشەنچلىك بىرىنى تاپقىچە بۇ يەردىن ئايرىلماڭ،ـ دەپ ماڭا رۇخسەت بەردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىدا ماڭا ئىشارەت قىلغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى سورىدۇم، ماڭا: ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (ر.ئەنھۇ)،ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. نىھايەت بىر مەزگىلدىن كېيىن بىر كارۋان كەلدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە:

مېنىڭ قەۋمىمدىن بىر جامائەت كەلدى،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا يول خىراجىتى بەردى. مەن ئۇ يەردىن ئايرىلىپ شامغا قېرىندىشىم ئەدىي ئىبنى ھاتىمنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئەدىي مەندىن:

ئۇ ئادەمگە قانداق قارايسىز؟ـ دەپ سورىدى. مەن: سەن ئۇنىڭغا بوي سۇنغىن،، ئەگەر ئۇ بىر پەيغەمبەر بولسا، ئۇنىڭغا ئالدىدا بارغانىنىڭ پەزىلىتى بار. ئەگەر ئۇ بىر ھۆكۈمدار بولسا، دائىما يەمەنىنىڭ ئەڭ تاللانغان كىشىلىرىدىن بولىمىز. ئەمدى ئۆزۈڭ قارار قىل،ـ دېدىم. ئەدىي ئىبنى ھاتەم يولغا چىقتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى.

سەففانە (ر.ئەنھا) بۇنىڭ بىلەن ھەم ئۆزىمۇ ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى تاپقان، ھەم قېرىندىشى ئەدىي ئىبنى ھاتىمنىڭ بۇ نۇر ھالقىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىشىگە سەۋەپ بولغان ئىدى.

# ئەسما بىنتى ئۇمەيس (ر.ئەنھا)

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى مەيمۇنە (ر.ئەنھا) نىڭ ھەمشىرىسى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېينھەمشىرىسىدۇر.

ئەسما بىنتى ئۇمەيس (ر.ئەنھا) ھىند بىنتى ئەۋفنىڭ قىزى بولۇپ، ھەبەشىستان ۋە مەدىنىگە قىلغان ئىككى قېتىملىق ھىجرەتنى سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ماختالغان ئايال ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالى بولۇپ، ھەر ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى ئەرقەمنىڭ ئۆيىدىكى دەۋەتنى باشلاشتىن بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. دەسلەپكى قەدەمدە مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ بەدىلىنى ئۆتىگەن ھالدا نۇرغۇنلىغان قىيىن ـ قىستاق ۋە ئازاپلارنى باشلىرىدىن كەچۈرگەن ئىدى.

ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتكە ئۇلارمۇ قوشۇلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، جەئفەر بىلەن ئەسما (ر.ئەنھۇما) ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرىتىنى مەدىنىگە قىلدى ۋە مەدىنىدە ياشىدى. ئەسما (ر.ئەنھا) بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاياللىرىدىن بىرى بولغان مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە (ر.ئەنھا) نىڭ قېشىغا باردى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۆمەر (ر.ئەنھا) كەلدى ۋە قىزى ھەفسە (ر.ئەنھا) دىن:

ــ بۇ كىم بولىدۇ؟ـ دەپ سورىدى. ھەفسە (ر.ئەنھا):

ــ بۇ ئەسما بىنتى ئۇمەيس،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ):

ــ ھە، ھېلىقى سۇ يولى بىلەن كەلگەن ھەبەشىستانلىقمۇ؟ـ دېدى. ئەسما (ر.ئەنھا):

ــ شۇنداق،ـ دېدى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ):

ــ ھىجرەتتە بىز سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىمىز، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سىلەردىن بەكرەك يېقىنمىز،ـ دېدى. ئەسما بۇ سۆزلەرگە كايىغاندەك قىلىپ:

ــ ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئاچلارنى تويغۇزغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدىڭلار، بىز بولساق، يىراق بىر يەردە، ھەبەشىستاندا ئىدۇق، بىز ئۇ يەرگە ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كۆچكەنىدۇق، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، دېگەنلىرىڭنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە يەتكۈزمەستىن ھېچنېمە يەپ ـ ئىچمەيمەن،ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆمەر مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى قىلدى،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ماڭا سىلەردىن يېقىنى يوقتۇر، ئۇۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ پەقەت بىر قېتىملىقلا ھىجرىتى بار، ئى كېمە يولچىلىرى! سىلەرنىڭ بولسا ئىككى ھىجرىتىڭلار بار،ـ دېدى. ئەسما (ر.ئەنھا) مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ھەدىسنى سوراش ئۈچۈن ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى (ر.ئەنھا) بىلەن كېمە بىلەن ھىجرەت قىلغانلارنىڭ توپ ـ توپى بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، مەن ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزىدىنمۇ بەكرەك سۆيۈندۈرگۈچى نەرسىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

ئەسما (ر.ئەنھا) تۇغقاندارچىلىق تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ توققۇز ھەمشىرىسى بار ئىدى.بۇلارنىڭ ئىچىدىن مەيمۇنە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئەسما (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىنھەمشىرى بولاتتى. باشقا ھەمشىرىلىرىدىن بىرى ھەمزە (ر.ئەنھۇ) بىلەن يەنە بىرى ئابباس (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئىدى.

مۇئتە ئۇرۇشىدا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب (ر.ئەنھۇ) شېھىت بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسما (ر.ئەنھا) نى ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) گە نىكاھلاپ قويدى. ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەلى (ر.ئەنھۇ) ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. ئەسما (ر.ئەنھا) نىڭ جەئفەر (ر.ئەنھۇ) دىن ئۈچ، ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) دىن بىر، ئەلى

(ر.ئەنھۇ) دىن بىر پەرزەنتى بار ئىدى.

بىر قېتىم جەئفەر (ر.ئەنھۇ) دىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنىڭ بىرى بىلەن ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) دىن تۇغۇلغان ئوغلى بىر ــ بىرىگە:

ــ مەن سەندىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىمەن، چۈنكى، مېنىڭ ئاتام سېنىڭ ئاتاڭدىن ياخشىراقتۇر،ـ دەپ ئۆز ئاتىلىرىنى ماختاشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى ئىبنى تالىب (ر.ئەنھا) ئەسما (ر.ئەنھا) غا قاراپ:

ــ قېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارمامسىز؟ـ دېدى. ئەسما، جەئفەردىن تۇغۇلغان ئوغلىغا:

ــ بالام! ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە سېنىڭ ئاتاڭدىن پەزىلەتلىك بىر ياشنى كۆرمىدىم،ـ دېدى ۋە ئەبۇ بەكرىدىن تۇغۇلغان ئوغلىغا بۇرۇلۇپ:

ــ بالام، ئەرەبلەر ئىچىدە سېنىڭ ئاتاڭدەك قالتىس بىرىنى كۆرمىدىم،ـ دېدى. ئەلى (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭغا: بىزگە بىر نەرسە قالدۇرمىدىڭىز، ناۋادا بۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەرسە دېگەن بولسىڭىزكەن، سىزگە ئاچچىغلانغان بولاتتىم،ـ دېدى. ئەسما (ر.ئەنھا):

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى سەن ئۈچ ياخشى كىشىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقىسەن،ـ دېدى.

ئەسما (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغاندى. ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد، جىيەن ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ئىبنى مۇسەييەب (ر.ئەنھۇم) قاتارلىق مۇبارەك زاتلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار بۇ ئايال ساھابىدىن ھەدىس ئالغان ئىدى.

# ئۇمەييە بىنتى قەيس (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئايال ساھابە.

ئۇمەييە (ر.ئەنها) قەيس ئىبنى ئەبۇ سەئىدنىڭ قىزىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا رەھمەت، مەرھەمەت، ئېھسانلىرى بىلەن تۈگىمەس نېمەتلىرىنى ئاتا قىلغان مۇقەددەس زاتقا يۈزلىنىشكە دەۋەت قىلىشقا باشلىغان زامانلار ئۇمەييە (ر.ئەنها) نىڭ باللىق دەۋرىدىن ھالقىپ قىزلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئۇنىڭغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ھېچقانداق گۇناھ مەسىيەتلەرگە چېتىلمىغان بولۇپ، پاك ــ پاكىز قەلبىنى بۇ دەۋەت نۇرلىرى ئۈچۈن تولۇق ئېچىپ، مۆمىنلەر كارۋىنىغا قېتىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا ئۇمەييە (ر.ئەنها) مۇ ھىجرەت قىلغانىدى.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا توپ ــ توپى بىلەن كېلىپ بەيئەت قىلىشاتتى. ھەممە نەرسىلىرنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە باغلىغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ساداقەتلىرىنى بەيئەتلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن ئاشۇ ساداقەتمەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ئۇمەييە (ر.ئەنها) مۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن يەھۇدىيلار بەزى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قۇترىتىشقا باشلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بۇرۇن تۇتۇش قىلىپ، يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خەيبەر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئەبۇ ھەكەم (ر.ئەنهۇ) قىلغان رىۋايەتتە ئۇمەييە (ر.ئەنها) ۋەقەلىك ھەققىدە ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

مەن غىفارىلىق ئاياللار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە ئۇنىڭغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزمۇ سەن بىلەن بىرلىكتە خەيبەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىمىز، بىز ياردارلانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلارمىز،- دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئاللاھنىڭ بەرىكىتىگە قارا! - دەپ ئۆزىنىڭ سۆيۈنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا چىقتۇق، ئۇ چاغلاردا مەن ياش بىر قىزچاق ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇن ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئاللاھ بىزگە خەيبەرنىڭ غەلىبىسىنى ئاتا قىلىپ، غەنىيمەتلىرىگە نېسىپ قىلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ غەنىيمەتلەردىن بىز ئاياللارغا ھەدىيە ئورنىدا مارجان ۋە بۇلاپكىلارغا ئوخشاش بەزى نەرسىلەردىن بەردى. مەنمۇ بوينۇمدىكى بۇ بۇلاپكىغا ئېرىشكەنىدىم.

ئۇمەييە (ر.ئەنها) ئۇ بۇلاپكىنى بويىنىدىن پەقەتلا چىقارمىغان ئىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيبەرنىڭ غەنىمىتى قاتارىدا بەرگەن بۇ بۇلاپكىنى قەۋرىسىگە قويۇلغاندىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە كۆمۈشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى.

## سۇئەيرە ئەلئەسەدىيە (ر.ئەنھا)

> شىپا ئورنىغا سەۋر ۋە جەننەتنى تاللىغان ئايال ساھابە.

سۇئەيرە (ر.ئەنھا) ئۆزگە خاس ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىرى ئىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى بىر ئايەتتە بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ مۇبارەك ئايالنىڭ ھالىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.

سۇئەيرە (ر.ئەنھا) يۇڭ، قىل يىغىپ، ئۇلارنى ئېگىرىپ ناھايىتى چوڭ كاللەك يىپ قىلىش ئىشى بىلەن تۇرمۇشنى قامدايتتى. بەزىدە بۇ يىپ كاللىكىنى ناھايىتى يوغان قىلىپ ئىگىرەتتى ـ دە، ئۇنى كۆتۈرەلمىسە چىرمىغان بۇ كاللەك يىپنى قايتىدىن بۇزاتتى. ئاللاھ تائالا سۇئەيرە (ر.ئەنھا) نىڭ بۇ ھالىنى قەسەم قىلغاندىن كېيىن قىلغان قەسەملىرىنى بۇزغان كىشىلەرگە مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن ھالدا نەھل سۈرىسىنىڭ 92 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېدى: [سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپنى چۇۋۇپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار] يەنى قەسەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەسەملىرىڭلارنى بۇزۇشتا يۇقىرىقى ئايالنىڭ قىلغان قىلىقىدەك ئىش قىلىپ قالماڭلار.

سۇئەيرە (ر.ئەنھا) تۇتقاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىرى ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە شىپالىق بېرىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ تۇتقاق كېسىلىم بار، ماڭا ئاللاھنىڭ شىپالىق بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ خالىساڭىز كېسىلىڭىزنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلاي، ئاللاھ سىزگە

شىپالىق بېرەر، ئەمما ئاللاھ سىزنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى يازىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز سەۋرى قىلىڭ، سىزگە جەننەت بېرىلىدۇ،- دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان سۇئەيرە (ر.ئەنھا) ئۇ دۇنيادا ئېرىشىدىغان مەڭگۈلۈك بەخت ئۈچۈن ھۇزۇر بىلەن كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا ھېچ ئىككىلەنمەستىن:

ــ سەۋر بىلەن جەننەتنى تاللىدىم، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!- دېگەچ ئۆزىنىڭ جەننەتكە لايىق ئىسىل سۈپىتىنى ئىپادىلىدى.

ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ ئىبنى ئابباسنىڭ ئۆزىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

ئىبنى ئابباس ماڭا: ساڭا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىرىنى كۆرسىتەيمۇ؟ دېدى ۋە ماڭا ھەبەشلىك سېرىق تەنلىك بىر ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ئەنە ئاشۇ سۇئەيرە ئەلئەسەدىيە (ر.ئەنھا) دېگەن ئايال،- دېدى.

# زائىدە (ر.ئەنھا)

ئىبادەتگۈيلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ئايال ساھابە.

زائىدە (ر.ئەنھا) ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئازات قىلىۋەتكەن دېدىكى ئىدى. ئۇ ئايال ساھابىلەر ئىچىدە ئىبادەتگۈيلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. كۇفۇردىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ ئىماننى تاپقانلىقىنىڭ ھاياجىنى ئىچىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قۇللۇقنى بىلدۈرۈش يولىدا چەكسىز تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسەتكەن ئىدى. ھەتتا كائىناتنىڭ ئەپەندىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ بۇ تەرەپتىكى پەزىلىتى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن كۆڭۈل بۆلەتتى.

ئۇنى مەشھۇر قىلغان يەنە مۇنداق بىر تەرەپمۇ بار ئىدى. ئۇ بىر قېتىم خىزىر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ئىدى. بۇ سەۋەپ بىلەن ئۇ ساھابىلەر ئارىسىدا خىزىرنى كۆرگەن كىشى تىلغا ئېلىنغان ھامان ئۇ كىشىنىڭ دەل زائىدە (ر.ئەنھا) ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدىغان بولغان ئىدى. بۇ ۋەقەلىكنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايلى:

بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردىم، ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدىم:

ــ ئەسسەلەمۇ ئەلەيكە ۋە رەھمۇتۇللاھ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۆيدە تاماق قىلىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇپ قويۇپ، ئوتۇن تېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققانىدىم. تۇيۇقسىز ئالدىمغا يۈزى ئايدەك يۇمۇلاق، خوش پۇراقلار چېچىپ تۇرغان كىيىملەرنى كىيگەن، قاشقىسى ۋە ئاياقلىرى ئاق رەڭلىك ئاتقا مىنگەن بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: ئەسسەلەمۇ ئەلەيكى، زائىدە!ـ دېدى. مەنمۇ: ۋە ئەلەيكەسسالام،ـ دېدىم.ئۇ: مېنىڭ

دېگەنلىرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەينەن يەكتۈرەمسىز؟- دېدى. مەن: ئەلۋەتتە، ئاللاھ خالىسا،- دېدىم. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقىنىڭىزدا ئۇنىڭغا مېنىڭ نامىمدا ئېيتىڭكى، مەن خىزىر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ساڭا سالام يوللاپ مۇنداق دەيدۇ— مەن ھېچ بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى سېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىڭگە سۆيۈنگەندەك سۆيۈنمىدىم. چۈنكى، ئاللاھ ساڭا، رەھمەت قىلىنغان ئۈممەت ۋە قوبۇل قىلىنىدىغان دەۋەتنى بەرگەن ۋە ساڭا جەننەتتە بىر دەريا بەرگەندۇر.

خىزىر بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى مۇشۇنداق بايان قىلغان زائىدە (ر.ئەنھا) "كۆپ ئىبادەت قىلغۇچى" دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىپ، ئاللاھغا قىلىدىغان قۇللۇق ئىبادىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكۈدەك دەرىجىدە ئالدىدا ماڭغۇچىلارغا بىر ئۈلگە بولغان ئىدى.

# لەيلا بىنتى ئەبى خاسمە (ر.ئەنها)

مەدىنىگە ھەۋدەج ئىچىدە ھىجرەت قىلغان تۇنجى ئايال ساھابە.

لەيلا (ر.ئەنها) ئامىر ئىبنى رەبىيئەنىڭ ئايالى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇنلا پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خوش بىشارەت ئالغانلاردىن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. لەيلانىڭ ئېرىنىڭ يېقىن دوستى بولغان زەيد ئىبنى نۇفەيل، كېلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى ساناۋېتىپ ئۇنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىدىن كېيىن ئۇ چىقىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى كېرەكلىكىنى تاپىلىغان ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغان لەيلا (ر.ئەنها) دەسلەپكى قەدەمدە ئېرى بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلار سېپىگە قېتىلدى. زەيد ئىبنى نۇفەيلنىڭ دېگەنلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن ئۇنى جەننەتتە كىيىمىنىڭ ئاستىلىرىنى تارتىۋاتقان ھالدا كۆردۈم،- دېدى.

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلۇملىرىدىن ياشىغىلى بولمىغىدەك ھالغا كەلگەندە لەيلا (ر.ئەنها) بىلەن ئېرى باشقا بىر توپ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاللىرىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەر قايسى يۇرتلارغا تارقىلىڭلار، چۈنكى ئاللاھ ھەممىڭلارنى بىر يەرگە جەملەيدۇ" دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا ھىجرەت يولىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەبەشىستانغا قىلىنغان ھىجرەت ئەمەلىيلەشتى. لەيلا (ر.ئەنها) ھىجرەت ئۈچۈن مەككىدىن چىقىۋاتقىنىدا تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئۇچراشتى. ئۆمەر (ر.ئەنهۇ) ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئۇممۇ ئابدۇللاھ! قەيەرگە؟ـ دەپ سورىدى. لەيلا (ر.ئەنھا) جاۋابەن:

ــ دىنىمىزنىڭ سەۋەبى بىلەن بىزگە ئەزىيەت بەردىڭلار، ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادىتىمىزدە بىزگە ئەزىيەت بەرمەيدىغان بىر يەرگە كېتىۋاتىمىز،ـ دېدى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ):

ــ ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە بولسۇن!ـ دېدى. لەيلا (ر.ئەنھا) ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۇنى يۇمشاپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، سۆيۈنگەن ھالدا ئېرىگە سۆزلەپ بەردى. ئېرى:

ــ ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇپ قالدۇ، دەپ ئۈمىدلىنىۋاتامسىز؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۆمەرنىڭ ئېشىكى مۇسۇلمان بولسا بولىدىكى، ئۆمەر مۇسۇلمان بولمايدۇ،ـ دېدى ۋە بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆمەرنىڭ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرىدىغان، ئاسانلىقچە قارارىنى ئۆزگەرتمەيدىغان بىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى.

لەيلا (ر.ئەنھا) بۇ قېتىمقى ھىجرىتىدىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىملىق ھەبەشىستان ھىجرىتىگىمۇ قېتىلدى. ئۇ ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشنىڭ ئاجايىپ ياخشىلىقىدىن نېسىۋىسىنى ئالغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. مۇھاجىرلىق ھاياتىنى قانغىچە ياشاۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ، يەنە ئىككى قېتىملىق ھەبەشىستان ھىجرىتىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغان كارۋاننىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كېتىۋاتاتتى. بۇ ھىجرەت داۋامىدا لەيلا (ر.ئەنھا) تۆگىگە مىنگەن، تۇنجى بولۇپ مەدىنىگە كاۋجۇك ئىچىدە كەلگەن ئايال ساھابە بولغان ئىدى. ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھىجرەت بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ ئايال ساھابە، مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتە يوللىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قىلغان زىيارەتلىرىدىن بىرىدە لەيلا (ر.ئەنھا) ئوغلى ئابدۇللاھقا:

ــ كەل ئوغلۇم، ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سىز ئۇنىڭغا نېمە بەرمەكچىدىڭىز؟ـ دەپ سورىدى. لەيلا (ر.ئەنھا):

ــ بىر تال خورما بەرمەكچىدىم،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىمەن دەپ قويۇپ بەرمىگەن بولسىڭىز، سىزگە بىر يالغانچىلىقنىڭ تامغىسىنى ئۇراتتىم،ـ دېدى.

نامازلىرىنى تەئدىل ئەركان بىلەن ئوقۇيدىغان ۋە سەدىقە بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان سېخى ئايال ساھابە ئىدى.

زەينەب (ر.ئەنھا) سەقىق قەبىلىسىدىن ئەبۇ مۇئاۋىيەنىڭ قىزى، ”قۇرئاننىڭ بۇلبۇلى“ دەپ نام ئالغان مۇبارەك ساھابە ئىبنى مەسئۇد (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالىدۇر. ئۇمۇ دەسلەپكى چاغلاردا ئىمان ئېيتقانلاردىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئىدى. ئېرى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (ر.ئەنھۇ) بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئاللاھ نامىدا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە غەيرىتىنى ئايىمىغانلاردىن بىرى بولغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا بىرەر ئىشنى تەۋسىيە قىلغان ھامان، ئۇمۇ دەرھال ئۇ ئىشنى ئىجرا قىلىشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلسا، ئۇمۇ ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇ تەلەپنى ئادا قىلىشقا تىرىشاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەن تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا:

ـ ئى ئاياللار جامائىتى! مەن جەننەتكە قاراپ جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەمبەغەل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، دوزاخقا قاراپ دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، ئىمكانىڭلارنىڭ يېتىشىچە زىننەت بويۇملىرىڭلارنى سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشىڭلار، ـ دېدى.

بۇ خىتابنى ئاڭلىغان زەينەب (ر.ئەنھا) ئۆيىگە بېرىپ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (ر.ئەنھۇ) غا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خىتابنى يەتكۈزدى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. ئېرى:

ــ نەگە ئېلىپ بارىسىز؟ـ دېدى. زەينەب (ر.ئەنھا):

ــ بۇنى مەن سەدىقە قىلىمەن،ـ دېدى. ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇ):

ــ ئۇنى ئائىلىگە سەدىقە قىلسىڭىز بولامدۇ؟ بىزنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجىمىز بار،ـ دېدى. زەينەب (ر.ئەنھا):

ــ ئۇنداقتا بۇنى ئائىلىگە سەدىقە قىلسام بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى سەن بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ كەلگىن،ـ دېدى. ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇ):

ــ ئۆزىڭىز بېرىپ سوراڭ،ـ دېدى.

زەينەب (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە ئوخشاش بىر مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراش ئۈچۈن كەلگەن بىر ئايالنى كۆردى. شۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىن بىلال (ر.ئەنھۇ) چىقىپ قالدى. ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا:

ــ سەن بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىك سىرتىدا ئىككى ئايال ئۆزلىرىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئەرلىرى ۋە باللىرىغا سەدىقە قىلسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سورايدىكەن دېگىن، ئەمما بىزنىڭ كىملىكىمىزنى دېمىگىن،ـ دەپ تاپىلىدى. بىلال ئىچىگە كىرىپ ئۇ ئاياللارنىڭ سورىماقچى بولغانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار كىملەر؟ـ دەپ سورىدى. بىلال (ر.ئەنھۇ):

ئەنسارلىق بىر ئايال بىلەن زەينەب،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قايسى زەينەب؟ـ دېدى. بىلال (ر.ئەنھۇ):

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار ئۈچۈن ھەم يېقىنلىرىغا سىلە ــ رەھىم قىلغانلىقىنىڭ ھەم سەدىقە قىلغانلىقىنىڭ بولۇپ، ئىككى ئەجىر باردۇر،ـ دېدى.

دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاياللار بەزى نامازلارنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە باراتتى. بىر قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەب (ر.ئەنھا) غا: خۇپتەن نامىزىغا بارغاندا، خۇشپۇراق بىر نەرسە ئىشلەتمەڭ،ـ دېدى. نامازلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان زەينەب سەدىقە بېرىشتىمۇ ئىنتايىن سېخى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىدى.

# شىفا بىنتى ئەۋف (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇت ئانىسىدۇر.

شىفا (ر.ئەنها) ئەۋف ئىبنى ئەبدۇننىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى سەلما بىنتى ئامىر ئىدى. شىفا (ر.ئەنها) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نۇرى بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان ئىنسان بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئايال ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن كېچىدە ئامىنە ئانىمىزغا تۇغۇت ئانىسى بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنياغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھامان تۇنجى بولۇپ ئۇنى كۆرگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىدىغان كېچىسى ئۇ ئامىنە ئانىمىزنىڭ يېنىدا بولغاچقا، ئۇ كېچىدە يۈز بەرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئاجايىپ ھادىسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان ئىدى. ئۇ پاراسەتلىك ئايال ئىدى. شۇڭا ئۇ، كۆرگەن ئاجايىباتلارغا قاراپ بۇلارنىڭ سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن، تۇغۇلىدىغان بوۋاقنىڭ ئۇلۇغ ۋە قىممەتلىك بىر ئىنسان بولىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمىغان ئىدى. بۇ قايىللىقىنىڭ بىر كۈنى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقىغا بولغان ئىستىكى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ بولۇش باسقۇچىدىكى بارلىق ھالەتلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇلۇغ ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى بەرگىنىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالاشمىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چىن ئىخلاسى بىلەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان ھالدا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەدە قىلغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلدى.

ھەق ۋە ھەقىقەتكە ئاشىق بىر قەلبكە ئىگە بولغان شىفا (ر.ئەنها) دەسلەپتە ئەۋف ئىبنى ئەبدۇ ئىبنى ئەۋف بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ تۆت بالىسى بولغان ئىدى.

ئەۋلاد تەربىيەلەشتە باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغىدەك دەرىجىدە خالىس ۋە ۋاپادارلىق مۇئامىلىلىرى بىلەن جەننەتتىن خوش بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفدەك پەرزەنتلىرىنى ئاللاھنىڭ رىزاسى ۋە رىزۋان خوش بىشارىتى بىلەن بىشارەتلىنىشكە لايىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەسۋەد ۋە ئىككى قىزى ئاتىكە بىلەن ئەمەتمۇ (ر.ئەنھۇم) ئىسلام خىزمىتىنىڭ ئاۋانگىراتلىرىدىن ئىدى. شىفا (ر.ئەنھا) ئىسلام يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغۇدەك ئەھۋالدا بولۇش ئۈچۈن باللىرىنى ئېلىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئۇ ھاياتىنى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ يەردە ھەق يولدا خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا ئوغلى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئانامنىڭ نامىدا بىر قۇل ئازاد قىلسام بولامدۇ؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بولىدۇ، ئازاد قىلغىن،ــ دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف (ر.ئەنھۇ) بىر قۇلنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە شىفا (ر.ئەنھا) غا لايىق بىر ئەۋلاد ئىكەنلىكىنى ئانىسىدىن كېيىن ئۇنىڭغا قىلغان ھەدىيەسى بىلەن ئىپادىلىدى.

# ھەبىبە بىنتى سەھل ئەلئەنسارىييە (ر.ئەنھا)

> ئىسلامدىكى تۇنجى نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋەقەسى ھەبىبە بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيلەشكەندى.

ھەبىبە (ر.ئەنھا) سابىت ئىبنى قەيس (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالى ئىدى. بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ۋە كېيىن ۋاز كەچكەنىدى. سابىت ئىبنى قەيس (ر.ئەنھۇ) نىڭ توي قىلىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى. سابىت (ر.ئەنھۇ) قوپال، مىجەزى چۇس بىر ئادەم ئىدى. ھەبىبە (ر.ئەنھا) ناھايىتى نازۇك تەبىئەتلىك بىرى بولغاچقا، ئېرىنىڭ ئۇ مىجەزىنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. ئاخىرى بىر كۈنى سابىت (ر.ئەنھۇ) بىر ئاز ئەۋزەيلەپ كەتتى ۋە ھەبىبە (ر.ئەنھا) نىڭ دىلىنى خېلىلا رەنجىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شىكايەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىشىنىڭكى ئەگەر ئاللاھدىن قورقمىغان بولسام ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرەتتىم، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمەكچىمەن،ـ دەپ ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن بىرگە ياشاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىزگە مېھىر ھەققى قىلىپ بەرگەن باغنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرەمسىز؟ـ دېدى. ھەبىبە (ر.ئەنھا):

ــ ھەئە، بېرىمەن،ـ دېدى.

ئۇنىڭ باغنى ئېرىگە قايتۇرۇپ بېرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى ئاجراشتۇرىۋەتتى. بۇ ئىسلامدىكى تۇنجى ئاجرىشىش ۋەقەلىكى بولۇپ قالدى. سابىتتىن ئاجراشقان ھەبىبە (ر.ئەنھا) ئۇبەي ئىبنى كەئب (ر.ئەنھۇ) بىلەن ئۆيلەندى.

ھەببە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرى ھەببە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئۆيىدىكى چېغىدا ئاڭلىغان ھەدىستۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام مۇنداق دېگەن ئىدى:

ــ مۇسۇلمان ئاتا ــ ئانىلارنىڭ ئۈچ بالىسى بالاغەت يېشىغا يەتمەستىن ئۆلۈپ كەتسە، بۇ باللار قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ، جەننەت تەرەپكە قاراپ تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە ئۇلارغا: ”جەننەتكە كىرىڭلار“ دېيىلىدۇ. ئۇلار: ”ئاتاــ ئانىمىز كىرمەستىن بىز كىرمەيمىز“ دەيدۇ. سۆھبەت ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارغا: ”سىلەر ئاتاــ ئاناڭلار بىلەن بىرلىكتە جەننەتكە كىرىڭلار دېيىلىدۇ.“ ئىئىشە ئانىمىز ھەببەدىن (ر.ئەنھۇما):

ــ سىز راستىنلا بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامدىن ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ ـ دەپ سورىغاندا ھەببە (ر.ئەنھا):

ـ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

## ئۇممۇ مۇبەششىر (ر.ئەنھا)

● ’’ئەنسارى مۇئمىنە‘‘ دەپ ئاتالغان ئايال ساھابە.

ئۇممۇ مۇبەششىر (ر.ئەنھا) بەرا ئىبنى مەغرۇرنىڭ قىزى، زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇ ساھابىلەر ئىچىدە مەشھۇر بولغان ئىسمىنى بېشىغا تاج قىلىپ تاقىغان ۋە ئۇ تاجنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان ھالدا ھايات كەچۈرگەن. ئەنسارىلىق مۆمىن ئايال مەنىسىدە كەلگەن ’’ئەنسارى مۇئمىنە‘‘ دېگەن ئىسمى ياد ئېتىلىشى بىلەن زېھنىلىرىمىزگە ئۇممۇ مۇبەششىر كېلىدۇ.

ئۇممۇ مۇبەششىرنىڭ بىر خورمىلىق بېغى بار ئىدى. ئۇ باغنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم دېگۈدەك بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتى. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇممۇ مۇبەششىردىن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى مەن خورمىلىق باغدا ئىشلەۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باغقا كەلدى ۋە:

ــ بۇ دەرەخلەرنى كىم تىكتى، مۇسۇلمان تىكتىمۇ ياكى كاپىرمۇ؟ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ مۇسۇلمان تىككەن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!ـ دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىر مۇسۇلمان بىر دەرەخ تىكسە ۋە ئۇنىڭدىن ھەر قانداق بىر جانلىق يېسە، يېيىلگەن نەرسىلەر ئۇ دەرەخنى تىككۈچى ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ.ـ دېدى.

ئۇممۇ مۇبەششىر مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. بەيئەت قىلغان دەرەخ ئاستىدا مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە (ر.ئەنھا) ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئاللاھ خالىسا بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغان ھېچكىم دوزاخقا كىرمەيدۇ،ــ دېدى. ھەفسە (ر.ئەنھا):

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!ــ دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئەيىپلىگەندەك سۆزلەرنى قىلىۋىدى ھەفسە (ر.ئەنھا) ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ: [ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، ،بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر] دېگەن ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىگە سالماقچى بولۇپ ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەفسە (ر.ئەنھا) نىڭ ئوقۇغان ئايىتىنىڭ: «ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز.»[3] دېگەن داۋامىنى ئوقۇپ بىر ئاز بۇرۇن قىلغان سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللىدى.

ئۇممۇ مۇبەششىر (ر.ئەنھا) ئۆزىنىڭ بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغىنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

ــ سىلەرگە ئىنسانلار ئىچىدىكى خەيرلىك كىشىلەردىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ــ دېگەنلىكىنى، ساھابىلەر:

ــ شۇنداق قىلغىن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!ــ دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

ــ ناماز ئوقۇغان، مېلىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلغان، ئۆزىگە تەۋە بىر نەچچە قويىنى ئېلىپ ئىنسانلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن يىراقلاشقان كىشىلەردۇر،ــ دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇممۇ مۇبەششىر (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇ) مۇ ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر.

3 مەريەم سۈرىسى 71،72ــ ئايەتلەر.

## فاتىمە بىنتى يەمانى (ر.ئەنها)

ھەمشىرلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ بەيئەت قىلىشىغا
يول كۆرسەتكەن ئايال ساھابە.

فاتىمە (ر.ئەنها) ھۇزەيفە ئىبنى ئەليەماننىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، مۇسۇلمان بولغان ھامان ئەقەبەدە بەيئەت قىلغان ئىدى. بۇ ئايال ساھابە باشقا مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن بىرلىكتە، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا زىيارەتكە باراتتى ۋە ئۇنىڭدىن ھەدىس ئاڭلايتتى. بالا ۋە مۇسىبەتلەر ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرىگە بېرىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ۋەقەلىك مۇشۇنداق بىر جامائەتنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا نېسىپ بولغان ئىدى. فاتىمە (ر.ئەنها) بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بىز بىر مۇنچە ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا زىيارەتكە باردۇق، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئېسىقلىق بىر سۇ قاپىقى بار ئىدى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سالقىندىتىش ئۈچۈن ئېسىلغان بۇ مۇبارەك قاپاقتىن ئۇنىڭ بەدىنىگە سۇ تېمىپ تۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز بولسا، قىززىتمىسى ئۆرلەپ كېتىش كېسەللىكى سەۋەبىدىن تىترەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماي:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كېسەللىكنىڭ سەندىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن، ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ،ـ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىنسانلار ئىچىدە مۇسىبەتكە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى پەيغەمبەرلەردۇر، ئۇنىڭدىن قالسا مەرتىۋىسى بىلەن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر،ـ دېدى.

ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى يېپىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇق تېخى كەلمىگەن چاغلار ئىدى. بۇ سەۋەپتىن بەزى ئاياللار بۇرۇنقى ئادەتلىرى بويىچە ئالتۇنلاردىن ناھايىتى كۆپ

زىننەتلەرنى تاقىشاتتى ۋە بۇ ئىشتا بارغانسېرى چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتاتتى. تاقايدىغان زىننەتلىرى يوقلارنىڭ ھەۋەسلىرىنى قوزغاپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىشىۋاتاتتى. فاتىمە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئىشقا ئالاقىدار بىر ھەدىسنى بايان قىلىدۇ:

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئاياللار جامائىتى! زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنى كۈمۈشتىن قىلالامسىلەر؟ ئازابقا دۇچار بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، پەقەت باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالتۇندىن زىننەت تاقىماڭلار.»

ئىمام مەنسۇر مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ئەھۋالنى ئىمام مۇجاھىدقا سۆزلەپ بەردىم، ئۇ: شۇنداق، ھەقىقەتەن ئۇ ئاياللارنى بىلىمەن، ھەتتا ئۇلاردىن بىرىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇنىڭ بېلىكىگە سالغان ئالتۇن بىلەيزۈكلىرى بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى ئورىۋالغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا پات ــ پات كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلۈشىگە ھەم ۋاستە، ھەم شاھىد بولغان فاتىمە (ر.ئەنھا) ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ، بەيئەت قىلىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىكى غەيرەت ۋە ئىشتىياقنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاياللىرىدا نامايان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# فاتىمە بىنتى قەيس (ر.ئەنها)

> ھەر بىر مەسىلىدە پىكرى ئېلىنىدىغان ئىلىملىك ئايال ساھابە ئىدى.

فاتىمە (ر.ئەنها) قەيس ئىبنى خالىد بىلەن ئامىنەنىڭ قىزى بولۇپ، ھىجرەتتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ۋە ھىجرەت قىلغۇچىلار سېپىگە قاتناشقان. فاتىمە ئەبۇ ئامىر ھەفس ئىبنى مۇغىيرە بىلەن تۇرمۇش قۇرغان.

فاتىمە (ر.ئەنها) مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامنى ئۆزىگە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەنىدى. ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمرلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، قەيەردە بىر يىغىلىش بولسا دەرھال ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، ئىلىم ھاسىل قىلاتتى. ئۆز ئۆيىنىڭ ئىلىم ئۈچۈن توپلىنىدىغان سورۇن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز ئۆيىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىمۇ بىر ئىلىم تەھسىل قىلىش ئورنىغا ئايلانغانىدى.

فاتىمە (ر.ئەنها) ئىسلامغا ئائىت ئىلمىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بارلىق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۆزى ئىمان كەلتۈرگەن ھەقىقەتلەرگە بېرىلىشى، سىر ساقلاشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇشى ۋە ئېلىنغان قارارلارنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلمىي يىغىلىشلاردىن باشقا سىياسىي مەسلىھەت يىغىلىشلارمۇ خېلى كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن. ئۇ، ئېلىنغان قارارلاردىن خەۋەردار بولۇپلا قالماي، ئۇلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۆمەر (ر.ئەنهۇ) شېھىت قىلىنغاندا بوش قالغان خەلىپىلىك ئورنىغا بىرىنى سايلاش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەسلىھەت كېڭەشمۇ دەل ئۇنىڭ ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. فاتىمە بىلىملىك، ئاڭلىق بىر ئىدى. ئۇنىڭ كۆز قاراش ۋە قايىل قىلىش جەھەتلەردە ئۇيغۇن بىرى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلىپىلىك توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىدە

ئۇنىڭمۇ پىكرى ئېلىنغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا ئۇ ئېرىدىن ئاجراشقانىدى. ئىددىتى توشماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشنى خالايدىغانلار ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇ ھەقتە پىكىرلەشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىمنى تەۋسىيە قىلسا شۇنىڭغا ماقۇل دەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇسامە ئىبنى زەيد (ر.ئەنھۇ) نى تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇشنى بۇيرىدى. فاتىمە (ر.ئەنھا)، ئۇسامە (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇشلۇق بولدى. ئۇسامە (ر.ئەنھۇ) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قايتا تۇرمۇش قۇرماي قېرىندىشى داھھاك بىلەن بىرگە ياشاپ ئۆتتى.

مەشھۇر ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير (ر.ئەنھۇ) شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن فاتىمە (ر.ئەنھا) ۋاپات بولدى. ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ پىكرى ئېلىنىدىغان مەسىلىلەر شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىكى ئىزاھاتلىرى ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىلىملىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەمەلىي پاكىتتۇر. ئۇنىڭ شىجائەت ۋە غەيرىتى ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭماقچى بولغانلار ئۈچۈن بىر ئۈلگىدۇر.

# خەۋلە بىنتى ھاكىم (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ۋە سەۋدا ئانىمىز بىلەن ئۆيلەنگەندە ئەلچىلىك قىلغان ئايال ساھابە.

خەۋلە (ر.ئەنھا) نىڭ ئانىسى دائىفە بىنتى ئەلئاس، ئاتىسى ھاكىم ئىبنى ئۇمەييەدۇر. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار ئىدى، ھاياتىدىكى ئەڭ خوش بولىدىغان ئىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا زىيارەتكە بېرىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشنى ھاياتىدىكى مۇھىم ئىش تەرتىۋىگە كىرگۈزۈۋالغان ئىدى.

خەۋلە (ر.ئەنھا) ئىسلام دىنىنى تونۇپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئىمان ئېيتقان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى چۈشەنگىدەك ۋە ئۇنى ھەقىقىي تونىغىدەك ئىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىنى ھەر كۈنى ئازراقتىن بولسىمۇ ئاشۇرۇپ، تەقۋالىققا يېتىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا "سالىھە" دېگەن سۈپەت بىلەن تونۇلغان ئىدى. ئاللاھ ئۇنى ساھابىلەر ئارىسىدا زاھىدلىقى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان ئوسمان ئىبنى مەزئۇن (ر.ئەنھۇ) بىلەن ئۇچراشتۇردى. چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان، ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بۇ ئىككى ئىنسان ئۆيلىنىپ، بەختلىك بىر ئائىلە قۇردى.

خەۋلە (ر.ئەنھا) ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇرمۇشلۇق بولماي، ھاياتىنىڭ قالغان قىسمىنى تۇل ئۆتكۈزدى.

خەۋلە (ر.ئەنھا) خەدىجە ئانىمىز (ر.ئەنھا) نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە ۋە سەۋدا (ر. ئانھۇما) ئانىلىرىمىزغا ئۆيلىنىشىدە ئەلچىلىك

قىلدى. بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن يېنىڭغا كىرىپ، خەدىجە (ر.ئەنھا) نىڭ يوقلىقىنىڭ ھەقىقەتەن بىلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شۇنداق، خەدىجە باللىرىمنىڭ ئانىسى ئىدى،ـ دەپ جاۋاب بەردى. خەۋلە بۇ جاۋابقا قارىتا:

سەۋدا (ر.ئەنھا) ئانىمىز ۋە ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنى تىلغا ئالغان ھالدا: خالىسىڭىز مەن ئەلچىلىك قىلاي،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشى بىلەن، ئۇ ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن ئەلچىلىك قىلدى.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى يادقا ئالغان خەۋلە (ر.ئەنھا) ئون بەش ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇلارنىڭ بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمكى بىرەر يەرگە" چۈشسە ئەئۇزۇ بىكەلىماتىللاھى ئەتتامماھ مىن شەررى ما خەلەق" دەپ دۇئا قىلسا، ئۇ يەردىن باشقا بىر ئورۇنغا يۆتكەلگىچە ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇنىڭغا زىيان يەتكەزەلمەيدۇ" دېگەن ھەدىستۇر.

# سۇمەييە بىنتى خەببات (ر.ئەنھا)

ئىسلامدىكى تۇنجى ئاييال شېھىت.

سۇمەييە (ر.ئەنھا) خەبباتنىڭ قىزىدۇر. ئۇ تەقدىرنىڭ جىلۋىدار ئۇبرازلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ، ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى مۇغىيرەنىڭ دېدىكى ئىدى. ئەمما ئۇ دېدەك بولۇشىغا قارىماي، خېلى ــ خېلى ئاياللارنى ئارقىدا تاشلاپ قويغۇدەك غۇرۇر ئىگىسى ئىدى. ئىسلامغا دەسلەپكى قەدەمدە كىرگەن مۇسۇلمانلارنى ئەسلىگىنىمىزدە زېھنىمىزدە سۇمەييە (ر.ئەنھا) نىڭ ئوبرازى چاقنايدۇ. بولۇپمۇ شېھىتلەر ھەققىدە سۆز بولغاندا، سۇمەييە (ر.ئەنھا) تۇنجى ئاييال شېھىت بولۇش بىلەن قەلبىمىزدە مىنەتدارلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ.

ياسىر (ر.ئەنھۇ) يەمەندىن بىر تۇغقان قېرىندىشىنى ئىزدەپ كېلىپ مەككىگە يەرلىشىپ قالغان ۋە ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن ئىدى. ئەبۇ ھۇزەيفە ياسىر (ر.ئەنھۇ) نى سۇمەييە (ر.ئەنھا) بىلەن نىكاھلاپ قويىدى. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى تىنىقلىرى يۇشۇرۇن ھېس قىلىنىشقا باشلىغاندا، سۇمەييە ئېرى ياسىر، پەرزەنتلىرى ئەممار ۋە ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇملار) قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولدى. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئوچۇق ئاشكارە ئىلان قىلغان يەتتە كىشىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنى ھېمايىسى ئاستىغا ئالغۇدەك ھېچكىشىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا بولغان غەزىپىنىڭ ئۆچىنى ئۇلاردىن ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇرۇش، ئاچ ۋە ئۇسسۇز تاشلاپ قويۇش، ئىسسىق ياز كۈنلىرىدە قىزىتىلغان ساۋۇتلارنى كىيدۈرۈش، قىززىق قۇملار ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قىيناش ئارقىلىق ئۇلارنى يېڭى دىنلىرىدىن قايتۇرماقچى بولۇشاتتى. ئەمما مۆمىن بىر قېتىملا قايتاتتى. بۇ قايتىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بولاتتى. يەنە بىر كۈنى ئۇلارنى ئاشۇنداق قىيناۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئى ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار، سىلەرنىڭ مۇكاپاتىڭلار جەننەتتۇر،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خوش خەۋىرى سۇمەييە (ر.ئەنها) ئۈچۈن، ئاجايىپ كۈچلۈك بىر قۇۋۋەت بولغانىدى. ئۇ ياشانغان ۋە ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىگە قىلىنغان شۇنچىلىك ئازابلارغا چىداشلىق بېرىپ، مۇشرىكلارنىڭ ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇشى ئۈچۈن قىلغان تەھدىتلىرىگە سەۋر بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمىدى. ئېرى ياسىر (ر.ئەنهۇ) بىلەن ئوغلى ئابدۇللاھ (ر.ئەنهۇ) قىيىن ـ قىستاقلاردا شېھىت بولۇپ كەتتى. بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل سۇمەييە (ر.ئەنها) غا:

ــ قانداق قىلىپ ئاتىلىرىڭلارنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇھەممەدنىڭ ئىلاھىغا ئەگىشىسىلەر؟ـ دېدى. سۇمەييە (ر.ئەنها):

ــ ماڭا ھېدايەت ئاتا قىلغان تۇرسا، سەن مەن بىلەن ئاللاھ ھەققىدە تالاش ــ تارتىش قىلامسەن؟ـ دېدى. ئەبۇ جەھىل:

ــ ماڭا شۇ ئىلاھىڭنى كۆرستە قېنى!ـ دېدى. سۇمەييە (ر.ئەنها): [كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر] دېگەن ئايەتنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى. ئەبۇ جەھىل:

ــ سەن مۇھەممەدكە پەقەتلا ئۇنىڭ چىرايىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئىمان ئېيتىڭ،ـ دېيىشى بىلەن، سۇمەييە (ر.ئەنها) ئۇنىڭغا ھاقارەتلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەھىل نەيزىسىنى سۇمەييە (ر.ئەنها) غا تىقىۋەتتى. سۇمەييە (ر.ئەنها) شېھىت قىلىنغان ئىدى. بۇ شېھىتلىكى بىلەن ئىسلامدىكى تۇنجى ئايال شېھىت ئۇنۋانىنى ئالغان بولدى. بەدر كۈنى ئەبۇ جەھىل ئۆلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇمەييەنىڭ ئوغلى ئەممارغا: ئاللاھ ئاناڭنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈردى،ـ دېدى.

ئىماندىن ئىبارەت نېمەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان سۇمەييە (ر.ئەنها) شېھىتلەرنىڭ باش تاجى بولغان ھالدا ئۆلۈم ئازابى تارتمىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

## ئۇممۇ ئاسىم (ر.ئەنها)

ئۆمەر ئىبنى ئەزىزنىڭ چوڭ مومىسى ئىدى.

ئۇممۇ ئاسىم (ر.ئەنها) سابىت ئىبنى ئەبۇل ئەقلاھنىڭ قىزى، ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ ھەمشىرىسىدۇر. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئاسىيە بولۇپ، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىسمىنى جەمىلەگە يۆتكىدى. ئۇ، قەلبىنىڭ گۈزەل بولۇشى بىلەن بىرگە گۈزەل بىر ئىسمىغمۇ ئىگە بولغان ئىدى. ئۇممۇ ئاسىم (ر.ئەنها) ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىللىرىدا ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇردى ۋە ئۇنىڭدىن ئاسىم ئىسىملىك بىر پەرزەنتى دۇنياغا كەلدى. ئوغلى ئاسىمنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇممۇ ئاسىم (ر.ئەنها)، دەپ ئاتالدى.

ئۇممۇ ئاسىم (ر.ئەنها) نىڭ ئۆزگىچىلىكىنىڭ بىرى ئادىللىق ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ چوڭ مومىسى بولغانلىقىدۇر. ئۇ ئىمانىنى، ئەمەلىي ھاياتىنى زىننەتلىگەن پەزىلەتلىرى بىلەن ئوغلى ئاسىمنىڭ دىلىغا تەربىيەلىرىنى نەقىش ــ نەقىش ئىشلىگەن ۋە ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش بابىدا مۇكەممەل بىر ئۈلگە ياراتقان ئىدى.

ئوغلى ئاسىمنىڭ قىزىدىن دۇنياغا كەلگەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزدىن ئىبارەت بۇ ئەۋلادىدا ئۇنىڭ تەسىرى بارلىقى قەيت قىلىنماقتا. ئۇ، مۇبارەك ئەۋلادلارنى تەربىيلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈممەت يېتىشتۈرۈشنى نىيەت قىلغانلار ئۈچۈن ئۇممۇ ئاسىم (ر.ئەنها) گۈزەل بىر ئۆرنەكتۇر.

# ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى بولۇپ، مىراج ھادىسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا يۈز بەرگەن ئىدى.

ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها) ئەبۇ تالىب بىلەن فاتىمە بىنتى ئەسەدنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ يەنە ئەلى، ئاقىل ۋە جەئفەر (ر.ئەنهۇم) لەرنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. تاغىسىنىڭ قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ناھايىتى يېقىنچىلىقى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە كېلىپ، ھاردۇقىنى ئالاتتى.

ئوغلىنىڭ ئىسمى هانى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇممۇ هانى دەپ ئاتىلاتتى؛ ئەسلى ئىسمى فاختە ئىدى. ئۇ ھۇبەيرە ئىبنى ئامر بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن تۆت بالىلىق بولغان ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولۇپ، ساھابىلەردىن بولۇش بەختىگە نائىل بولغان ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها) نىڭ ئېرى ھۇبەيرە، ئىسلامنى قوبۇل قىلماستىن نەجران تەرەپكە قاچتى ۋە ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشرىكلار تەرىپىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها) ئېرىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدە شېئىرلار توقىغان ئىدى.

مىراج هادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها) نىڭ ئۆيىدە چېغىدا يۈز بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىقىدىغان كۈنى كېچىدە ھەرەم شەرىپتىن قايتىپ، ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها) نىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن بىر بۇراق بىلەن ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها) نىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇبارەك ۋە سىرلار بىلەن تولغان مىراج سەپىرىگە تەكلىپ قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجدىن قايتقاندا، ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى ئۇممۇ هانى (ر.ئەنها)

غا سۆزلەپ بەردى ۋە بۇلارنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىغىمۇ سۆزلەپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئۇممۇ ھانى (ر.ئەنھا) ئەندىشە قىلغان ھالدا:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇلارنى باشقىلارغا ھەرگىز سۆزلەپ يۈرمە، چۈنكى ئۇلار سېنى يالغانچىغا چىقىرىپ دىلىڭنى رەنجىتىدۇ،ــ دېدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىمەن،ــ دېدى. ئۇممۇ ھانى (ر.ئەنھا) ھەبەشىستانلىق خىزمەتچىسىگە:

ــ بول، پەيغەمبەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە نېمىلەرنى سۆزلىگىنىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقۇپ كەلگىن،ــ دېدى.

بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەرسىنىڭ زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىچكەن بىر ئىچىملىكنىڭ ئېشىپ قالغىنىنى ئۇممۇ ھانى (ر.ئەنھا) غا ئىنئام قىلدى. ئۇممۇ ھانى (ر.ئەنھا):

ـ مەن روزا تۇتىۋالغان ئىدىم، ئەمما سىنىڭدىن ئاشقاننى قايتۇرۇپ بېرىش ماڭا توغرا كەلمەيدۇ،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر تۇتقان روزىڭىز رامىزاننىڭ قازاسى بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر كۈن تۇتارسىز، ئەگەر تۇتقان روزىڭىز نەفلە بولسا، بىر كۈنى ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىۋالارسىز،ـ دېدى.

ئۇممۇ ھانى (ر.ئەنھا) مۇنداق دەيدۇ: مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ، قىزى فاتىمە تۇتۇپ تۇرغان بىر پەردىنىڭ ئارقىسىدا يۇيىنىۋاتقان ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ سالام بەردىم. ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ، سەككىز رەكەت چاشكا نامىزى ئوقۇدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ھانى (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ياشىنىپ قالدىم ۋە ئاجىزلىشىپ كەتتىم، ماڭا ئولتۇرۇپ قىلغۇدەك بىرەر ئىش بولسا، ئېيتىپ بەرسەڭ،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ سىز 100 قېتىم تەسبىھ (سۇبھانەللاھ) ئېيتىڭ، چۈنكى بۇ سىزگە ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن 100 قۇلنى ئازات قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ياخشىلىق بولىدۇ. 100 قېتىم ئاللاھقا ھەمدە (ئەلھەمدۇلىللاھ) ئېيتىڭ، چۈنكى بۇ 100 ئاتلىق يۈكنى ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلغانىنىڭ ساۋابى بىلەن باراۋەردۇر. 100 قېتىم تەكبىر (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەڭ. بۇ خۇددى 100 كالا سەدىقە قىلغاندەك بىر ساۋابقا باراۋەردۇر، ئاندىن 100قېتىم كەلىمە تەۋھىدنى ئوقۇڭ،ـ دېدى.

ئۇممۇ ھانى (ر.ئەنھا) پەيغەمبىرىمىزدىن 46 ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان يېقىنلىقى سەۋەبىدىن ئىسلامنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا ئۆگەنگەن، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىشقا تىرىشقان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشتىن قىلچىلىكمۇ يېراقلىشىپ كەتمىگەن ئىدى. بۇ ئايال ساھابىلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلىشنى ئۇلۇغ ھەق تائالادىن تىلەيمىز.

# نەفىسە (ر.ئەنها)

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە (ر.ئەنها) نىڭ يېقىن دوستى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرمۇشلۇق بولىشىدا ئەلچى بولغان ئايال ساھابە.

نەفىسە (ر.ئەنها) مۇنيە بىنتى جابىر ئىبنى ۋەلىدنىڭ قىزىدۇر. ئۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى بولغان خەدىجە (ر.ئەنها) نىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلار بىر– بىرلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈشەتتى. خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشتىن ئىلگىرى نەفىسە (ر.ئەنها) بىلەن سىرلىرىنى ئورتاقلىشاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئەلچىلىك قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزنىڭ كارۋىنى بىلەن شامغا كېتىپ – كېلىپ يۈرەتتى. يەنە بىر قېتىم كېتىشىدە خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز نەفىسە (ر.ئەنها) غا كائىناتنىڭ پەخرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش خىيالىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلەشكەنىدى. نەفىسە (ر.ئەنها) بۇنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە پەيغەمبىرىمىز شامدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

– ئى مۇھەممەد! سېنى ئۆيلىنىشتىن توسۇپ تۇرغان نەرسە نېمە؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

–قولۇمدا ئۆيلەنگۈدەك پۇلۇم يوق- دېدى. ئۇ:

– سەن تۇرمۇش قۇرۇشتا مېلى، جامالى، شان - شەرىپى ۋە مۇۋاپىق بىرى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنساڭ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ كىمكەن ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ ئۇ، ئالدىن كۆرەر، توغرا پىكىرلىك، شەرىپىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە دۇرۇس خۇلۇقلىق بىر ئايال بولغان خۇۋەيلىدىنىڭ قىزى خەدىجەدۇر، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟ ـ دەپ ئۆزىنىڭ ھەيرانلىقىنى بىلدۈردى. نەفىسە (ر.ئەنھا):

ــ ئۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، ـ دەپ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىدا ئەلچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭغا قارىتا پەيغەمبىرىمىز: ئۇ ھالدا مەنمۇ دېيىلگەننى قىلىمەن، ـ دېدى.

نەفىسە (ر.ئەنھا) مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككى مۇبارەك ئىنساننىڭ تۇرمۇش قۇرۇشى ئۈچۈن ئەلچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ سەۋەبى بىلەن پات ــ پات ئۇلارنىڭ مۇبارەك خانىلىرىغا بېرىپ تۇراتتى. مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولغان نەفىسە (ر.ئەنھا) غا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈردى.

# نەھدىيە (ر.ئەنھا)

ئىمانى ئۈچۈن قىيىن- قىستاقلارغا ئۇچرىغان ئايال ساھابىلەرنىڭ بىرى.

نەھدىيە (ر.ئەنھا) نەھدى قەۋمگە قاراشلىق ئىسانىي ھۆرلۈكىدىن ئايرىلغان بىر دېدەك ئىدى. ئۇنىڭ قىزى لۇبەينەمۇ ئانىسى بىلەن دېدەك ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. ئانا بىلەن قىز ئىككىسى ئابدۇلدار قەبىلىسىدىكى بىر ئايالنىڭ مۈلكى قاتارىدا ياشايتتى.

بۇ ئايال بۇتپەرەس بولۇپ، ئۆز ئىلكىدىكى بارلىق كىشىلەرنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىدىن نەھدىيەمۇ خەۋەر تاپتى. جىسمى قۇللۇق ئاسارىتىدە بولسىمۇ، قەلبى ۋە روھى ھۆر بۇ ئايال دەۋەتنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، قىزى بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولدى.

ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئايال خوجايىن بۇنداق ئىشقا ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇلارنى يېڭى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئازاپ- ئوقۇبەت سېلىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ قىيناشلارغا ئىماندىن ئالغان قۇۋۋەت بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا تىرىشاتتى. بىر قېتىم يەنە قىيناشلارغا دۇچ كەلگەن نەھدىيە بىلەن قىزى (ر.ئەنھۇما) خوجايىنلىرىدىن ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن سالغان بۇ ئازاپلىرىدىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلدى. خوجايىنى بولسا:

- مۇھەممەدنىڭ دوستلىرىدىن بىرى سىلەرنى ئازات قىلمىغىچە، سىلەر بۇ قىيىن - قىستاقلاردىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسىلەر،- دەپ قەسەپ ئىچىپ، ئۇلارغا ئازاپنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) ئۇلارنىڭ

ئوتتۇرىسىدا بولىۋاتقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدى ۋە ئايال خوجايىنغا قاراپ:

ــ ئى پالانى! بۇ قەسەمىڭدىن ۋاز كەچكىن،ـ دېدى. ئۇ بولسا:

ــ ئۇلارنىڭ ئىتىقادىنى سەن بۇزدۇڭ، ئەگەر ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا، ئۇلارنى سەن سېتىۋېلىپ ئازات قىلمامسەن؟ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ ئۇلارنى قانچىگە ساتىسەن؟ـ دېدى. ئۇ ئايال ئۇلارنىڭ باھاسىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ):

ــ مەن ئۇلارنى سېتىۋالدىم،ـ دەپ پۇلنى ئۇ ئايالغا بەردى.

ھۆرلۈككە ئېرىشكەن نەھدىيە (ر.ئەنھا) ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى ھەمىشە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن خالىس ۋە پىداكار ھالدا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەمدەم بولۇش بىلەن ئۆتكۈزدى.

## ئۇممۇ سىنان (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئايال ساھابە.

مەنبەلەردە ئۇممۇ سىنان (ر.ئەنها) نىڭ نەسەبى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بىز نەسەبىنى بىلەلمىگەن بۇ ئايال ساھابە ئىسلامدىن خەۋەر تاپقان ھامان ئۇنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان، ئاندىن بەيئەت قىلغان بىرىدۇر. ئۇ، ئىسلام يولىدا جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ ئالەمشۇمۇل داۋانىڭ تەركىي دۇنيالىق لەززىتىنى تېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى خەيبەر ئۇرۇشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، بۇ ئۇرۇشقا قاتنىششنى تەلەپ قىلغان تۆرغۇن ئايال ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇممۇ بار ئىدى. ئۇ ئۇرۇشقا مېڭىشنىڭ ئالدىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن سەن بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا چىقىشنى خالايمەن، مەن ئۇ يەردە سۇ توشۇپ، كېسەل ۋە يارىدارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتەك ئىشلارنى قىلىشقا يارارمەن، ـ دېدى. ئۇ زامانلاردا ئۇرۇشلارغا ئاياللارمۇ قاتنىشىدىغان بولۇپ، كېسەللەرنى بېقىش، قوشۇن چۈشكۈن قىلغان يەرلەردە نەرسە ــ كېرەكلەرنى ساقلاش ۋە قوغداش، سۇ ئېھتىياجىنى قامداشتەك ئىشلارنى قىلاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سىناننىڭ بۇ تەلىۋىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا:

ــ سىزگە ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بولسۇن، سىز بىلەن بىرگە چىقىدىغان ئايال ھەمراھلىرىڭىزمۇ بار، خالىسىڭىز قەۋمىڭىزدىكىلەر بىلەن بىرگە، خالىسىڭىز بىز بىلەن بىرگە چىقسىڭىز بولىدۇ، ـ دېدى، ئۇ:

ــ سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىقىشنى خالايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنداقتا سىز ئايالىم ئۇممۇ سەلىمە بىلەن بىرگە تۇرۇڭ،ــ دېدى.

شۇنداق قىلىپ خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتنىششقا مۇيەسسەر بولغان ئۇممۇ سىنان (ر.ئەنھا): يارىلانغانلارنى ئۆيىمىزدىن ئېلىۋالغان دورىلار بىلەن داۋالىدىم، ياردارلار ئاللاھنىڭ شىپالىق بېرىشى بىلەن ياخشىلىنىپ قالاتتى،ــ دەپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا قىلغان خىزمەتلىرىنى بايان قىلدى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزىگە غەنىمەت ئورنىدا كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى، فەدەك مەخمىلى، يەمەننىڭ كىيىملىرى، چۇچىلىق سېلىنچا، تۇشتىن ياسالغان جاۋۇر ۋە كېيىنچە يەتتە دىنارغا سېتىۋەتكەن بىر تۆگىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

ئۇممۇ سىنان (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنى نىكاھىغا ئالغان كۈنى سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ چاچلىرىنى ياساپ، خوش پۇراق نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىگەن ئىدى. ئۇ بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئالدىڭدا خىجىلمەن، بىر ئېھتىياجىم ئۈچۈن كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ كاشكى قانائەتچان بولغان بولسىڭىز، بۇ سىز ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بولاتتى،ــ دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۇممۇ سىنان (ر.ئەنھا) شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمدىن بىرنەرسە تەلەپ قىلماسلىققا بەل باغلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى ياد ئالغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەن ئۇممۇ سىنان (ر.ئەنھا) دىن ئۇتبە ئىبنى خەنزەلەنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقى خاتىرلەنگەن.

# ئۇممۇ كۇھھە (ر.ئەنھا)

مىراس ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئايال ساھابە.

ئۇممۇ كۇھھە (ر.ئەنھا) مەدىنىلىك ساھابىلاردىن ئەۋس ئىبنى سابىت (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالىدۇر. ئىسلامنىڭ نۇرلىرى مەدىنىگە يېتىپ بېرىش بىلەن ئۇممۇ كۇھھە (ر.ئەنھا) ئېرى بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولدى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆيلىرىگە باشلاش ئۈچۈن ئاچقان ۋە ئۇنى مېھمان قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلاردىن ئىدى. ئۇلار گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مېھمان قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۆز يۇرتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر تۈرلۈك ياردەملەرنى قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن تىرىشقان ئىدى.

ئۇممۇ كۇھھە (ر.ئەنھا) نىڭ ئېرى ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشتى ۋە ئۇ يەردە شېھىت بولدى. ئېرى شېھىت بولغان بۇ ئايال قىزى بىلەن قالغان ئىدى. ئۇ ئېرىدىن قالغان مىراسى بىلەن جېنىنى بېقىشى ۋە قىزىغا ئانىلىق ۋە ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانلارنىڭ يامان ئادەتلىرىنىڭ بىرى، ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسىنى ئۇنىڭ ئايالى بىلەن قىزى ئالالمايتتى. بۇ يامان ئادەت بويىچە ئەۋستىن قالغان مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئەۋسنىڭ تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارغا ھېچنېمە قالدۇرمىغان ئىدى.

ئۇممۇ كۇھھە (ر.ئەنھا) ئامالسىز قېلىپ، بولغان ئەھۋاللارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردى. ئاللاھ تائالا يېتىملەرنىڭ ھەققىگە سوزۇلغان قوللارغا پۇرسەت بەرمەي، بۇ ئەھۋالغا قارىتا نىسا سۈرىسىنىڭ 7ــ ئايەتىنى نازىل قىلدى. [ئاتا ــ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى

قالدۇرغان مىراستا ئايالларنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (ئاللاھنىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ.]

بۇ ئايەتنىڭ نازىل قىلىنىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراسنى ئېلىۋالغانلارنى ئەۋسنىڭ مال ــ مۈلكىدىن قوللىرىنى يىغىشىغا ئەمر قىلدى. ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدىكى كۆڭلى يېرىملىقىغا، مىراستىن ھېچ بىر ھەسسىسىنى ئالالمىغان چاغدىكى مەھرۇملىقى قوشۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئايەت نازىل بولۇشى بىلەن ئۇ ۋە قىزى ھەقسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئازاپلىرى بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللىگەندەك بولدى. بۇ ئىشتىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، نىسا سۈرىسىنىڭ 11 ــ ئايىتى نازىل قىلىنىپ، مىراسنىڭ ئاتا ــ ئانا، قىز ــ ئوغۇل پەرزەنتلەر ۋە يېقىنلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشى بۇيرۇلدى.

ھەققىدە مىراس ئايىتى نازىل قىلىنغان ئۇممۇ كۇھھە (ر.ئەنھا) ئايەتتە بۇيرۇلغىنى بويىچە، ئېرىنىڭ مىراسىنىڭ سەككىزدىن ھەسسىسىنى ئالدى. قىزلىرى بولسا، ئومومي مالنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ قالغىنىنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا قىلىنغان ناھەقچىلىك بىتەرەپ قىلىنغان ئىدى.

# ھەببە بىنتى جەھش (ر.ئەنھا)

مىراس ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەپ بولغان ئايال ساھابە.

ھەببە (ر.ئەنھا) جەھش ئىبنى رەبىيئەنىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامممىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇمەييە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى. ھەببە (ر.ئەنھا) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەنە قوش يۇنۇلۇشلۇك بىر يېقىنلىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەمشىرىسى زەينەب بىنتى جەھش (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېينىھەمشىرىسى بولاتتى. ئەمما ئۇ، بۇ خىل يېقىنلىقلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان يېقىنلىقى يۈزىسىدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت ۋە ئېتىبار بېرەتتى. ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە يېقىندىن ئەگەشكەن، ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مۇھىت ئىچىدە ياشاشقا تىرىشقان ھالدا، ئۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە ئەبەدىي بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ياشايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە (ر.ئەنھا) غا: قىزىم، مېنىڭ سىزنىڭ ئاتىڭىز بولغانلىقىمنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن پايدىسى بولارمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭ،- دېگەن ئاگاھلاندۇرىشىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، مەڭگۈلۈك بىرگە بولۇش ئۈچۈن، نەسەب يېقىنچىلىقىنىڭ يېتەرلىك بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

ھەببە (ر.ئەنھا) سالامەتلىك جەھەتتە ناھايىتى چوڭ بىر ئىمتاھانغا دۇچ كەلگەن ئىدى. تام يەتتە يىل ھەيزدىن باشقا تۇمۇر يېرىلىش سەۋەبى بىلەن ئىستىھزا كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتتى. ئۇ بۇ كېسەللىك كۆرۈلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ،

ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلدى ۋە ئىبادەت قىلغاندا قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى سوراپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئىستىھازا كۆرگەن ئايالمەن، بۇ ھالدا ئىبادەتلىرىمنى قانداق قىلىمەن؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىستىھازا، پەقەتلا تومۇردىن ئاققان قان بولۇپ، ھېيزىڭنىڭ ھۆكمىدىن ئەمەستۇر، ھەر ناماز ۋاقتىدا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇڭ،ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بۇ خىل كېسەللىك ئەھۋالى كۆرۈلگەن ھامان، نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە تاھارەت ئېلىپ، نامازلىرىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى.

ھەببە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزى دۇچار بولغان مەزكۇر كېسەللىكنىڭ ھۆكمىنى سوراش ئارقىلىق ئۆزىدىن كېيىنكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچار بولغان ئاياللار ئۈچۈن بىر يول ئاچقان ئايال ساھابىدۇر.

ئۇ سائادەت زامانلىرىدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغان، ئەمما پەرزەنتلىك بولالمىغان ئىدى.

# خالىدە بىنتى ئەسۋەد (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا تەرەپ ھامملىرىدىن بىرى.

خالىدە (ر.ئەنھا) نىڭ ئاتىسى ئەسۋەد ئىبنى ئابدىيەغۇر، ئانىسى ئامىنە بىنتى نەۋفەل ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسى يەنى ئانا تەرەپتىن ھاممىسى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چاغدا مۇسۇلمان بولمىغان خالىدە (ر.ئەنھا) ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىگە بېرىپ، ئۇ يەردە مۇسۇلمان بولدى. ئۇ كۆنگە قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ جىيەنى ئورنىدا ياخشى كۆرۈپ كەلگەن خالىدە (ر.ئەنھا) مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن. ئۇنى تېخىمۇ كۆچلۈك مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرۈپ، ئىمان رىشتىسى بىلەن ئۇنىڭغا مەھكەم باغلاندى. بۇ رىشتىنى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش بىلەن تېخىمۇ چىڭىتتى. نەسەب جەھەتتىكى يېقىنلىقى بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ساھابىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىپ، مەڭگۈلۈك بىر يېقىنلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن جان ــ جەھلى بىلەن تىرىشتى.

ئۇنىڭ مەدىنىگە، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن بېرىشى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇ يەردە ئولتۇرغان بىر ئايالنى كۆردى ۋە ئاياللىرىدىن:

ــ بۇ ئايال كىم بولىدۇ؟ـ دەپ سورىدى. ئاياللىرى:

ــ سىزنىڭ ھامملىرىڭىزدىن بىرى بولىدۇ،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى

كۆرمىگىنى ئۈچۈن ھامىلىرىدىن قايسىسى ئىككەنلىكىنى بىلەلمەي:

ــ مېنىڭ ھامىلىرىم يەر يۈزىدە غېرىپ ھالدا ياشىماقتا، بۇ قايسى ھامام بولىدۇ؟ـ دەپ سورىدى. ئۇ يەردىكىلەر:

ــ ئۇ خالىدە بىنتى ئەسۋەد (ر.ئەنھا) بولىدۇ،ـ دېيىشتى. ھامىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن تېخىمۇ بەك خوش بولغان ھالدا: «ئۆلۈكتىن تىرىكنى چىقارغان ئاللاھنى ھەرقانداق نۇقساندىن پاك دەپ مەدھىيىلەيمەن» دېدى.

خالىدەنىڭ ئاتىسى مۇسۇلمان بولماستىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى، مۇشۇنداق بىرىدىن مۆمىن بىر ئەۋلادنى ياراتقان ھەق تائالاغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى دۇئاسى بىلەن ھەمد سانا ئېيتقانىدى.

تۇلىمۇ گۈزەل بولغان خالىدە (ر.ئەنھا) سىرتقى گۈزەللىكىنى ئىچكى دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇكەممەل بىر گۈزەللىككە ئېرىشتى. ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ”سالىھە ئايال“ دېگەن سۈپەت بىلەن تونۇلدى. ئىنسانلارنىڭ مەزكۇر ياخشى قاراشلىرىنىڭ ھەق تائالانىڭ دەرگاھىدا يالغانغا چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، قوبۇل قىلغان ئىمان ھەقىقىتىدىن يىراقلاشمىغان ۋە ئۇنىڭغا مەھكەم باغلانغان ھالدا ئىبادەت ۋە بوي سۇنۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە تىرىشىپ ياشىدى.

# ئەرۋا بىنتى قۇرەيز (ر.ئەنھا)

ئۇسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئانىسى.

ئەرۋا (ر.ئەنھا) قۇرەيز ئىبنى رەبىيئەنىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى ھاكىم ئەل بەيدادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزىغا ئۆيلىنىپ ”زىننۇرەيىن“ ( ئىككى نۇرغا ئېرىشكۈچى) دېگەن نام بىلەن لەقەبلەنگەن ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئانىسىدۇر.

ئەرۋا (ر.ئەنھا) ئەففان ئىبنى ئەبۇلئاس بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوسمان (ر.ئەنھۇ) ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىسى تۇغۇلغان ئىدى. ئەففان ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئەرۋا (ر.ئەنھا) نىڭ ئۇنىڭدىنمۇ باللىرى بولدى.

جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن نۇر بىلەن يوقىتىشقا باشلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئەرۋا (ر.ئەنھا) مۇ يۈزلەندى ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ئۇممۇ تەلھە، ئۇممۇ ئۇممارە، ئۇممۇ ئابدۇراھمان، ئۇممۇ ئەبۇ بەكىر ۋە ئۇممۇ زەيد (ر.ئەنھۇملار) بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولدى.

”مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر“ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى تەستىقلاپ بەرگەن بەيئىتىدە، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بېغىشلاپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىش بىلەن ياشايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئەرۋا (ر.ئەنھا) مۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغان بۇ يۇرتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان بۇ يۇرتتىن ھېچ چىقىپ باقمىدى. ئۇ

ئوغلى ئوسمان (ر.ئەنھۇ) خەلىپىلىك قىلىۋاتقان زاماندا 90 يېشىدا مەدىنىدە ۋاپات بولغان بولۇپ، بەقىيئە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

ئوسمان (ر.ئەنھۇ) ئانىسىنىڭ يەرلىككە قويۇلۇش ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قەبرە بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. قەبرىستانلىقتىن قايتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە كېلىپ ناماز ئوقۇدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلە (ر.ئەنھا) ئۇنىڭ نامازدىن كېيىن سالام بېرىپ بولۇپ، يەنە قايتا سەجدىگە باش قويۇپ: ئى ئاللاھ! ئانامنى مەغپىرەت قىلغىن!- دەپ ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئەرۋا (ر.ئەنھا) ئارقىسىدا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كىيئوغلى بولۇش، ھەمدە ئۇنىڭ تۆت چوڭ خەلىپىسىدىن بىرى بولۇش پەزىلىتىگە نائىل بولغان مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئوسمان (ر.ئەنھۇ) دەك بىر پەرزەنتنى قويۇپ كەتكەنىدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ئەرۋا (ر.ئەنھا) نىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا تىرىشىۋاتقان بارلىق ئانىلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا ئامانەت ئورنىدا بېرىلگەن ئەۋلاتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنتلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشلىرىگە جانابى ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىشىنى تىلەيمىز.

# ئۇممۇ مۇنزىر (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىراق تۇغقىنى، شۇنداقلا مېھمانلىرىنى ياخشى كۈتىدىغان بىرى ئىدى.

ئۇممۇ مۇنزىر (ر.ئەنھا) نىڭ ئەسلى ئىسمى سەلما ئىدى. ئۇ راغىبە بىنتى زۇرارەنىڭ قىزى بولۇپ، ئاتىسى قەيس ئىبنى ئامىردۇر. ئۇ يەنە بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ”جىسىر ۋەقەسى“ دە شېھىت بولغان سۇلەيت ئىبنى قەيس (ر.ئەنھا) نىڭ ھەمشىرىسى ئىدى.

ئۇممۇ مۇنزىر (ر.ئەنھا) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يىراق تۇغقاندارچىلىقى بار ئىدى. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى.

ئۇممۇ مۇنزىر (ر.ئەنھا) ناھايىتى مېھماندوست بولۇپ، مېھمانلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۈتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مېھماندوستلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆيىگە پات ــ پات بېرىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى زىيارەت قىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇممۇ مۇنزىر (ر.ئەنھا) مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەلى (ر.ئەنھۇ) بار بولۇپ، ئۇ ئاغرىپ قالغان ئىكەن. بىزنىڭ باراڭلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈملىرىمىز بار ئىدى. مەن ئۈزۈم ئۈزۈپ كېلىپ، ئۇنى سىقىپ سۈيىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىچەي دەپ تۇرغاندا، ئەلى (ر.ئەنھۇ) مۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ توختا ئەلى، سەن ئاغرىق، ئىچمىگىن،ـ دېدى. ئەلى (ر.ئەنھۇ) ئىچىشتىن

يالتىيىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىشنى داۋام قىلدى. ئۇممۇ مۇنزىر (ر.ئەنها) مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئەلى (ر.ئەنهۇ) ئۈچۈن ئارپا شورپىسى بىلەن باشقا بىر خىل تاماق ئېتىپ بەردىم. ئۇنىڭ تامىقى ئېلىپ كېلىنگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

" سەن بۇنى يېگىن ۋە ياراڭغا سۈر، بۇ ساڭا تېخىمۇ ياخشى كېلىدۇ، - دېدى.

قەيس ئىبنى سەئسەئە بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ئۇنىڭدىن مۇنزىر ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان ئۇممۇ مۇنزىر (ر.ئەنها) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يادقا ئېلىپ ماڭغان ئىدى. ھەدىس رىۋايەتلىرىدە ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ھەدىسلەرمۇ بار.

# سەلما (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سائادەتلىك ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولغان ئايال ساھابە.

سەلما (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاممىسى سەفىييە تەرىپىدىن ئازات قىلىنغان بىر دېدەك بولۇپ، مەنبەلەردە ئۇنىڭ نەسەبى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.

سەلما (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سائادەتمەن ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولغان ئايال ساھابىدۇر. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئەبۇ رافىئ (ر.ئەنھا) بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، ئىككىسى بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا خىزمەت قىلدى. ئىمانىنىڭ مەنىۋىي ھاۋاسىدىن بىرلىكتە نەپەس ئالغان بۇ ئىككى ئىنسان ئالەملەرگە ئەلچى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا خىزمەت قىلىشتىن چەكسىز بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى. پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياشاۋاتقان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ بەختلىك تۇيغۇسىغا چۆمۈلمىسۇن؟ سەلما (ر.ئەنھا)، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سائادەتلىك ئائىلىلىرىدە خىزمەتتە بولۇش ئارقىلىق ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلارغا ۋە ھەقىقەتلەرنى ئەسلى مەنبەسىدىن كۆرۈپ ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولاتتى.

سەلما (ر.ئەنھا) بۇ ئائىلىدىكى بىر ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ”ھازىرا“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرلۈك گۆشلۈك تاماق تەييارلىدىم، ساھابىلەردىن بەزىلىرى بۇ تاماقتىن يېيىشتى. تاماقتىن ئازراقلا قالغان ئىدى. بىر سەھرالىق ئەرەب كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى تاماقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئادەم تاماقنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا بىر قولىغا ئېلىپ يېمەكچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيسسالام:

ــ ئۇنى قويۇپ قويغىن، ــ دېدى. ئاندىن:

ــ بىسمىللاھ، دەپ ئالدى تەرىپىڭدىن ئېلىپ يېگىن، تويسەن، ــ دېدى. ھەقىقەتەن ئۇ ئادەم ئاماقتا تويدى ۋە ئۇ تاماقتىن يەنە بىر ئاز ئېشىپ قالدى.

سەلما (ر.ئەنھا) خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ۋە مارىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ تۇغۇتلىرىغا تۇغۇت ئانىلىق قىلدى. مارىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىز تۇغقاندا سەلما (ر.ئەنھا) ئېرى ئەبۇ رافىئ (ر.ئەنھۇ) نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خوش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر قۇلنى سۈيۈنچە قىلىپ ھەدىيە قىلغانىدى. سەلما (ر.ئەنھا) يەنە خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ يېنىدا بولغان، ئۇنى يۇيۇپ كېپەنلەش ئىشلىرىنى قىلغان ئىدى.

ئاللاھ يولىدا بىر ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان سەلما (ر.ئەنھا) نىڭ، جىھادقا چىقىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئاياللاردىن بىرى بولغانلىقى، ئالدىنقى سەپلەرگە چىقىشقا مۇۋەپپەق بولۇشى، ياخشى ئىشلاردا ۋە ئومۇمغا پايدىلىق خىزمەتلەردە بولۇشى، ئائىلە ئىشلىرىدا ئېرىگە ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشى، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئائىت مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان يىغىلىشلارغا قاتناشقان بولۇشى، بۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىپپەت ۋە ھاياسىدىن ھېچ بىر ئايرىلماي ياشىشى تەرەپلەردە تېخىمۇ ئەرزىگۈدەك بىر ئۈلگە بولغان بىرى ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''ئىمان يەتمىش ياكى ئاتمىش شاخچىدىن تەركىپ تاپقاندۇر'' دېيىش ئارقىلىق ئىمان بىلەن ھاياسىزلىقنىڭ بىر يەردە بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

ئايال كىشىنى ئۆز مەۋقەسىگە كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان ۋە بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار ئىدىلوگىيەلەرگە ئەگەشكەنلەرنىڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكلىرىنىڭ سەۋەبى، ئەسلىدە ئاياللارنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە بولغان ئىپپەت تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئۆزگىچە يول تۇتمىغانلىقىدۇر.

## رۇقەيقە بىنتى سەيف (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ ھاممىسى.

رۇقەيقە (ر.ئەنھا) سەيف بىنتى خىيامنىڭ قىزى، ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ ھاممىسى بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىقىدىن تاكى ياشلىق دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھاياتىغا دائىر ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ ئابدۇلمۇتتەلىبتىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەن زامانغىچە ھايات ياشىغان ئىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ھاشىمى جەمەتىدىكىلەردىن بولغان بۇ مەككىلىك مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئايال ساھابىلەر ئارىسىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر تەرىپى بار ئىدى.

ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا دىققەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئالاھىدە ھالەتلىرىدىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ بىر ئىنسان بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلاتتى. رۇقەيقە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق مەزگىلىگە ئائىت ئەسلىمىسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە خېلى يىللارغىچە قۇرغاقچىلىق ھۆكۈم سۈردى. يەرلەردىن ئوت — چۆپ ئۈنمەيتتى، ھايۋانلاردىن سۈت چىقمايتتى. ئىنسانلار يامغۇر دۇئاسى قىلىشقا چىقىش ئۈچۈن قارار قىلىشتى. ئەتىسى كۈن قىلىنىدىغان دۇئا ئۈچۈن مەنمۇ بارماقچى بولدۇم. شۇ كۈنى كېچە چۈشۈمدە بىر كىشىنىڭ ئاۋازىنىڭ بىرىچە ۋاقىراپ تۇرۇپ: ئى قۇرەيشلەر! بۇ ھەقىقىي بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭ كۈنلىرى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سايە تاشلاشقا، يۇلتۇزلىرى پارلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن بەرىكەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئالدىراڭلار، دىققەت قىلىڭلاركى، ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، گەۋدىلىك، مۇرىلىرى كەڭ، يۈزلىرىدىن تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، كېلىشكەن، شەرەپلىك بىرىدۇر. ئەمما بۇلارنى مەدھىيلەڭلار. ئىنسانلارنىڭ رىئايە قىلىشى

كېرەك بولغان بىر يولى باردۇر. قۇتۇلماقچى بولغانلار ئۇنىڭغا ئېسىلسۇن، ھەر قەبىلىدىن بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىغا بارسۇن، ئۇنىڭ سۈيىدىن ئالسۇن، دوستلىرىغا، ئۇنىڭغا يۆلەنسۇن، ئاندىن ئەبۇ قۇبەيس تېغىغا چىقسۇن، ئاندىن بىر ئادەم چاقىرسۇن، قەۋمگە ئىمان بەرسۇن، خالىغىنىڭلارچە يامغۇر ياغدۇرۇلىدۇ.- دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم.

ئىككىنچى كۈنى ئويغاندىم. پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ ئەقلىمدىن ئاداشقاندەكلا بولۇپ قالغان ئىدىم. كۆرگەن چۈشۈمنى ئەتراپىمدىكىلەرگە سۆزلەپ بەردىم. خۇددى چۈشۈمدە كۆرگىنىمدەك ھەممە ئادەم يىغىلدى. ئەبۇ قۇبەيس تېغىنىڭ بېشىغا چىقتۇق، يېنىمدا بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئابدۇلمۇتتەلىب بار ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋەسىلە قىلغان ھالدا مۇنداق دۇئا قىلىشقا باشلىدى: ئى ئاللاھ! بىزنىڭ بۇ پەرىشانلىقلىرىمىزنى كەتكۈز، يوقسىزلىقىمىزنى بىزدىن كۆتۈرۈۋەتكىن، سەن بېخىللىقنى ئەمەس، مەرتلىكنى ياخشى كۆرگۈچىسەن، بۇلار سېنىڭ قۇللىرىڭ، ھەرەمىڭ ياردەمچىلىرىدۇر. ئۇلار يوقسىزلىقلىرىدىن ساڭا شىكايەت قىلىۋاتىدۇ. ئى ئاللاھ! بىزگە يامغۇر بەر، مولۇق ۋە بەرىكەت بەر،- دېيىشىگە ئاسماندىن شاقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. جىلغىلار سۇلارغا لىق تولدى. قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرى ئابدۇلمۇتتەلىبنى تەبرىكلەشتى.

رۇقەيقە (ر.ئەنها) نەۋفەل ئىبنى ئۇخەيد بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر بالىسى بار ئىدى. ئۆزى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر كەلگەن ئىدى.

بىر كۈنى قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان رۇقەيقە (ر.ئەنها) ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ:

قۇرەيشلەر يىغىلىپ، بۇ كېچە سىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپتۇ،-دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇقەيقە (ر.ئەنها) دىن ئالغان بۇ خەۋەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى باشقا يەرگە كېتىپ ئورنىغا ئەلى (ر.ئەنهۇ) نى ياتقۇزۇپ قويغان ئىدى.

رۇقەيقە (ر.ئەنها) ھايات مەزگىلىدە ھەر دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىپ تۇردى.

# سۇدە بىنتى قۇرەيز (ر.ئەنها)

ئۇسمان (ر.ئەنهۇ) نىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەپچى بولغان ئايال ساھابە.

سۇدە (ر.ئەنها) مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۇسمان (ر.ئەنهۇ) نىڭ ھاممىسى ئىدى. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. ئۇ ئۇسمان (ر.ئەنهۇ) دىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇسمان (ر.ئەنهۇ) ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى كەبىنىڭ ھويلىسىدا ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىييەنىڭ ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتبەگە نىكاھلانغانلىقى توغرىسىدا سۆز بولدى. بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۆيگە كەلسەم، ھاممام سۇدا بىنتى قۇرەيز ئائىلىدىكىلەر بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن، ھاممامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، قۇرئانى كەرىمنى مەدھىيلەپ شېئىر ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم...

ئۇسمان (ر.ئەنهۇ) يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن چىقتىم. ئەمما ئۇ يەردە ئاڭلىغانلىرىم قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنهۇ) نىڭ نەزىرىدە مېنىڭ ناھايىتى موھىم ئورنۇم بار ئىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ يالغۇز ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ناھايىتى خىيالچان ھالىتىمنى كۆرۈپ ئەھۋالىمنى سورىدى. ئۇ ناھىيىتى نازۇك تەبىئەتلىك بىر ئىنسان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ھاممامدىن ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنهۇ) ماڭا:

ــ سەن ھەقىقەتەن ياخشى بىر ئادەمسەن، باتىلغا ئوخشىمايدىغان ھەقىقەت ساڭا ھەرگىز يوشۇرۇن قالمايدۇ، كىشىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ھېچقانداق پايدا ياكى زىيان

يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاش پارچىسى ئەمەسمۇ؟- دېدى. مەن:

ــ شۇنداق،- دېدىم. ئۇ:

ــ ھامماڭ ساڭا توغرا ئېيتىپتۇ، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالام) نى ھەقىقەتەن بارلىق مەخلۇقاتلارغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتكەندۇر، سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارامسەن؟- دېدى. مەن:

ــ ئەلۋەتتە بارىمەن،- دېدىم. دەل مۇشۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى (ر.ئەنھۇ) بىلەن بىرلىكتە كېلىپ قالدى ۋە ماڭا:

ــ ئى ئوسمان! ئاللاھنىڭ جەننىتىگە قىلغان چاقىرىقنى قوبۇل قىلغىن، مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمەن،- دېدى. مەن بۇلارنى ئاڭلىغان ھامان مۇسۇلمان بولدۇم.

ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىغان سۇدە (ر.ئەنھا) يەنە بىر شېئىر توقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۆيۈنىشلىرىنى بايان قىلدى.

ئوسمان (ر.ئەنھۇ) دەك بىر ئۇلۇغ ئىنساننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋاستە بولغان سۇدە (ر.ئەنھا) يەنە بىرمۇنچە كىشلەرنى ئىسلام تەرەپكە چاقىرىشقا تىرىشتى ۋە ھاياتىنى بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتاپ ياشىدى.

# غۇزەييە بىنتى جابىر (ر.ئەنھا)

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىمان ئېيتقان ۋە ئېرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋاستە بولغان ئايال ساھابە.

غۇزەييە (ر.ئەنھا) ئامىر ئىبنى لۇئەييا قەۋمىدىن بولۇپ، ئەبۇل ئىكرىنىڭ ئايالىدۇر. ئۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇسۇلمان بولغان ۋە ئېرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش بىلەن غۇزەييەنىڭ ئېرى ئەبۇل ئىكر دەۋس قەبىلىسى ھىجرەت قىلغان چاغدا ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئەنھۇ) بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. ئېرىنىڭ ھىجرەت قىلىپ كېتىشىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئازاپ ۋە قىيىن- قىستاقلارغا دۇچار بولغانلىقىغا دائىر كەچۈرمىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئەبۇل ئىكرىنىڭ تۇغقانلىرى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: سەنمۇ ئېرىڭنىڭ دىنىدا شۇنداقمۇ؟- دېدى. مەن:

- شۇنداق، ئەلۋەتتە مەنمۇ ئۇنىڭ دىنىدا،- دېدىم. "ئۇنداق بولسا سېنى ئېچىنىشلىق شەكىلدە جازالاپ قويايلى" دېيىشكىنىچە مېنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، بىر تۆگىنىڭ ئۈستىگە مىندۈردى. ماڭا بەكلا كۆپ نان يېگۈزدى، بىراق بىر يۇتۇممۇ سۇ بەرمىدى. چۈش ۋاقتىمۇ بولدى. قۇياش قاتتىق قىزىپ كەتتى. مېنىڭ ئىچىم ئۇسسۇزلۇقتىن ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىر يانغا ئۆتۈپ چېدىرلىرىنى تىكىشتى. مېنى بولسا ئاپتاپقا قاقلاپ تاشلاپ قويدى. قۇياشنىڭ قاتتىق قىزدۇرىشى بىلەن ئاخىرىدا ئەقلىمنى، كۆزۈمنى، ئاڭلاش تۇيغۇمنى بىر- بىرلەپ يوقاتتىم. ئۇلار مېنى ئۈچ كۈن مۇشۇ ئۇسۇلدا قىينىدى. ئۈچىنچى كۈنى ماڭا:

- دىنىڭنى تاشلا،- دېدى. ماڭا قىلىنغان قىيناشلار سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقلىرىمنى ئاڭقىرالمايتىم. پەقەتلا بارماقلىرىمنى ئاسمان تەرەپكە قارىتىپ "ئاللاھ بىردۇر" دېگەننى بىلدۈرمەكچى بولاتتىم. مەن بۇ ئازاپلار سەۋەبىدىن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. تۇيۇقسىز مەيدەمنىڭ ئۈستىدە بىر سۇ كۈپىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. دەرھال ئۇنى تۇتۇپ ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇم ئىچتىم. ئاندىن ئۇ تارتىپ ئېلىندى. مەن ئۇ كۆزنىغا قارىغىنىمدا

ئۇ ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭغا قولۇم يەتمەيتتى. كوزا ماڭا قايتا پەسلىتىلدى. ئۇنىڭدىن ئىچەر ــ ئىچمەس يەنە كۆتۈرۈلدى. ئۇ يەنىلا بوشلۇقتا ئېسىلغان ھالەتتە تۇراتتى. مەن بولسام ئۇنىڭغا قارايتتىم. ئۇچىنچى قېتىمدا كۈپ ماڭا ساڭگىلىتىلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىم مەن قانغۇچە ئىچتىم ۋە ئۇ سۇدىن بېشىمغا، يۈزۈمگە، كىيىملىرىمگە تۆكتۈم. مۇشرىكلار چېدىرلىرىدىن سىرتقا چىقىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بۇ سۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟ـ دېيىشتى. مەن:

ــ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىقانلاردۇر. سىلەرنىڭ بۇ سۇ قەيەردىن كەلدى؟ دېگەن سوئالىڭلارغا كەلسەك، بۇ ئاللاھنىڭ ئۆز دەرگاھىدىن ماڭا بېرىلگەن رىزىقتۇر،ـ دېدىم. ئۇلار دەرھال بېرىپ كوزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. كوزىنىڭ ئىچىدە سۇنىڭ تولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ھەقىقەت ئالدىدا: گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بىزنىڭمۇ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، بىز ئۇنىڭ سېنى رىزىقلاندۇرغان ۋە ئىسلامنى ئەۋەتكەن زات ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز،ـ دېيىشىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە مېنى ئېلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇ) غۇزەييەدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: غۇزەييە (ر.ئەنھا) نىڭ يېنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېلىۋالغان ئىچى ياغ بىلەن تولدۇرۇلغان ساپال قاچا بار ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ياغ يېيىلىپ تۈگىدى. باللىرى ياغ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. غۇزەييە (ر.ئەنھا) ئۇلارغا ياغنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى باللىرىغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرۇپ ساپال قاچىنى قولىغا ئالماقچى بولغاندا بۇ ساپال قاچىنىڭ ئىچىنىڭ ياغ بىلەن تولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا ياغدىن تۆكۈپ باللىرىغا يېگۈزدى. ئۇلار بۇ ياغنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە يېدى. قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ياغنى باشقا بىر قاچىغا ئېلىشى بىلەن ياغ تۈگىدى. غۇزەييە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەممىسىنى تۆككەنمىدىڭىز؟ ناۋادا تۆكمىگەن بولسىڭىز مەڭگۈ يېيىشلارغا يەتكەن بولاتتى،ـ دېدى. ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 50ــ ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئايالنىڭ غۇزەييە (ر.ئەنھا) ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغانىدى.

# سەھلە بىنتى سۇھەيل (ر.ئەنھا)

ھەبەشىستانغا ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلغان ئايال ساھابە.

سەھلە (ر.ئەنھا) ئامىر ئىبنى لۇئەي قەبىلىسىدىن بولۇپ، سۇھەيل ئىبنى ئامىرنىڭ قىزىدۇر. ئانىسى فاتىمە بىنتى ئابدۇلئۇززادۇر. مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۈشكۈل كۈنلىرى بولغان، ئىسلام دەۋتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا سەھلە (ر.ئەنھا) مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئىقتىسادىي ئىمبارگو جازاسىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن، ئېرى بىلەن بىرلىكتە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. مۇھەممەد ئىسىملىك بىر ئوغلى ھەبەشىستاندا دۇنياغا كەلدى.

سەھلە (ر.ئەنھا) ئەبۇ ھۇزەيفە (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئازات قىلغان قۇلىنى بالا قىلىۋالغان ئىدى. سالىم كىچىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ قېشىغا خالىغانچە كىرىپ چىقالايتتى. ئىبنى شىھاب ئەززۇھرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سالىم چوڭ بولغاندا سەھلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سالىمنى بالا ئورنىدا بېقىۋالغان ئىدۇق ۋە ئۇمۇ مېنىڭ قېشىمغا خالىغانچە كىرىپ ــ چىقىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ھازىر چوڭ بولۇپ قالدى، مېنى ھەر تۈرلۈك كىيىم ــ كېچەكلىرىم بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنى بەش قېتىم ئېمىتىڭ، ئۇ سىزنىڭ ئېمىتكەن ئوغلىڭىز بولسۇن ۋە يېنىڭىزغا خالىغانچە كىرىپ چىقسۇن، ــ دېدى. سالىم شۇ چاغدا بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر ياش ئىدى.

سەھلە بىر قاچىنىڭ ئىچىگە سۈتىدىن ساغدى، سالىمۇ بۇ سۈتتىن بەش قېتىم

ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن سالىم سەھلە (ر.ئەنھا) نىڭ يېنىغا خالىغانچە كىرىپ چىقالايدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال پەقەت سەھلە (ر.ئەنھا) گىلا خاس بىر رۇخسەت ئىدى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) نىڭ رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: سەھلە (ر.ئەنھا) ئىستىھزا بولاتتى. بۇ ھەقتە نامازلىرىنى قانداق ئوقۇش توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇنىڭ ھۆكمىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشنى بۇيرىدى.

ئەبۇ ھۇزەيفە (ر.ئەنھۇ) نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەسۋەد (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغان سەھلە (ر.ئەنھا)، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەسۋەد (ر.ئەنھۇ) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى باللىق بولغان ئىدى.

# فاتىمە بىنتى خەتتاب (ر.ئەنھا)

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ر.ئەنھۇ) نىڭ سىڭلىسى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ لەقىمى ئۇمەيمە، تەخەللۇسى ئۇممۇ جەمىل بولۇپ، ئاتىسى خەتتاب ئىبنى نۇفەيل، ئانىسى ھانتەمە بىنتى ھاشىمدۇر. ئۇ ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ سىڭلىسىدۇر. ئۇ جەننەت بىلەن خوش بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان سەئىد ئىبنى زەيد (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئىدى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا بولغان، بۇتلارغا ئاتاپ سويۇلغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېمەيدىغان بىر ئائىلىدە ياشايتتى. تاغىسى زەيد ئىبنى نەۋفەل بىلەن ئېرىمۇ شۇنداق كىشىلەردىن ئىدى. فاتىمە (ر.ئەنھا) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا ئىمان ئېيتتى. ئاندىن ئېرىگە پەيغەمبەرلىك ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن كەلگىنىدە، سەئىد (ر.ئەنھۇ) مۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن دەرھال ئىمان ئېيتتى.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي دەۋەت ئۈچۈن ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئىمان ئېيتىپ بولۇشقانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۆمەر تېخى ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. فاتىمە (ر.ئەنھا)، ئېرى ۋە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن باشقا مۇسۇلمانلار ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) دىن قورقاتتى. چۈنكى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى تۇرغانلارنىڭ ئەڭ قاتتىق قوللىرىدىن بىرى ئىدى. سىڭلىسى ۋە قېيىن ئىنىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىرىنى ئاڭلاپلا قالسا، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ھەرگىز يانمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئىمان ئېيتقانلىقلىرىنى يوشۇرۇن تۇتقانىدى. قوللىرىدىكى ئايەتلەرنى يوشۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئايەتلىرىنى يادقا ئالدۇرۇش ئۈچۈن ھەبباب ئىبنى ئەرەت (ر.ئەنھۇ) نى ئەۋەتەتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ)

مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى:

ھەمزە (ر.ئەنھۇ) مۇسۇلمان بولۇپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سىرتقا چىقتىم، مەخزۇم قەمىدىن يېگىدىن مۇسۇلمان بولغان بىرى ئۇچرىغان ئىدى، ئۇنىڭغا:

ــ ئاتا ــ بوۋاڭلاردىن يۈز ئۆرۈپ، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىردىڭمۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ:

ــ بۇ دىنغا مەنلا ئەمەس بەلكى، سەن ئۈچۈن ھەممىدىن بەك ئېغىر تۇيۇلۇپ كېتىدىغان بىرىمۇ كىردى، ـ دېدى. مەن:

ــ كىم ئۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ:

ــ سىڭلىڭ بىلەن قېيىنى ئېنىڭ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھامان سىڭلىم فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدىم. ئىشىككە يولەندىم. ئىشىك ئىچىدىن ئىتىلگەن ئىدى. ئىچىدىن ئاۋازلار كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئىشىكنى ئېچىش بىلەن ئۇدۇل ئىچكىرىگە كىردىم ۋە:

ــ مېنىڭ بىر ئاز ئىلگىرى ئاڭلىغىنىم نېمە ئۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. قېيىن ئىنىم: سەن ھېچنېمە ئاڭلىمىغانسەن، بىز ئادەتتىكىدەك گەپلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق، ـ دېدى. مەن ھەممىنى چۈشەنگەن ئىدىم. سىڭلىمنىڭ بېشىغا ئۇردۇم، ئۇ ماڭا:

ــ سەن خالىمىساڭمۇ بىز بەرىبىر مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلدۇق، ـ دېدى. بېشىدىن ئاققان قاننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. ماڭا شۇ كىتابنى ئېلىپ كېلىڭلار، ـ دېدىم. ئۇلار قۇرئاننى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ دىلىم يۇمشاپ كەتتى. مەن ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولدۇم.

ئۆمەر (ر.ئەنھا) نىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن فاتىمە (ر.ئەنھا) بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئىنتايىن سۆيۈنگەن ئىدى. كېيىن ئۇلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

# ئاتىكە بىنتى زەيد (ر.ئەنھا)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ): كىم شېھىت بولۇشنى خالىسا، ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلەنسۇن، دەپ كۆرسەتكەن ئايال ساھابە.

ئاتىكە (ر.ئەنھا) زەيد ئىبنى ئامر ئىبنى نوۋفەلنىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىرنىڭ قىزى ئۇممۇ قۇرەيز ئەلھەدرەمىييەدۇر. ئۇ جەننەت بىلەن خوش بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان سەئىد ئىبنى زەيد (ر.ئەنھۇ) نىڭ ھەمشىرىسىدۇر.

ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز ئىسمىدا مەلۇم نېسىۋىسى بولغىنىدەك، ئۇممۇ ئىسمى بىلەن تونۇلغان ئايال ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ شۇ دەۋرنىڭ گۈزەللىكىگە ماس گۈزەللىككە ئىگە بىرى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىسمى ئىپادىلەيدىغان ''گۈزەل ۋە پاكىز ئايال'' دېگەن ئىسمغا ماس بىرى بولۇپ، گۈزەللىكى جىسمانىي بولۇشتىنمۇ بەكرەك ئەخلاقىدا مۇجەسسەملەشكەنىدى. ئۇ تونۇلغان شائىرلارنىڭ بىرى بولۇش بىلەن بىرگە ئەقلىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەنمۇ باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبن ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) ئاتىكە (ر.ئەنھا) ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: كىم شېھىت بولۇشنى خالىسى ئاتىكە (ر.ئەنھا) بىلەن ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى شېھىت بولدى.

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بىر خىل خەيرىسىز ئىنساندەك ھېس قىلاتتى ۋە ئۆزى بىلەن ئۆيلەنگەن كىشىلەردىن ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئەلى (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغاندا ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! مەن سېنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

ئاتىكە (ر.ئەنھا) نىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى قوبۇل قىلىشى ئاسانغا توختىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى سەئىد ئىبنى زەيد (ر.ئەنھۇ) ۋە ئۇنىڭ ئايالى فاتىمە بىنتى خەتتاب (ر.ئەنھا) ئۇنىڭغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، قۇرئاندىن بەزى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. ئاتىكە (ر.ئەنھا) قۇرئاندىن بەكلا تەسىرلەندى. ئۇ بىرمۇنچە ئايەتلەرنى تەكرارلاپ يادقا ئالدى. ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدى، ئويلاندى. ئىمان ئۇنىڭ دىلىدا يىلتىز تارتىشقا باشلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ قېرىندىشى سەئىد (ر.ئەنھۇ) غا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇ يەرگە باشلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قېرىندىشى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئاتىكە (ر.ئەنھا) بەيئەت قىلىپ، ئىسلام بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلدى ۋە ئۇنى ئالدى بىلەن قوللىغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن قېرىندىشى ۋە يەڭگىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

ئاتىكە (ر.ئەنھا) نىڭ گۈزەللىكى، ئىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە شائىرلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۆيلەندى. ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەككە ۋە تائىفنى پەتھى قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى. تائىف سەپىرىدە ئۇنىڭغا ئوق تەگدى ۋە يارىسى ساقايماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن، ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئاتىكە (ر.ئەنھا) ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئىنتايىن قايغۇردى. ئۇ ئېرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئىددىتى توشار ــتوشمايلا بەكلا كۆپ كىشى ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ بولسا، ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇ) غا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قايتا ياتلىق بولماسلىققا ۋەدە بەرگەنىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇش يۈكىنى كۆتەرگىدەك بىر باغ ئۇنىڭغا قالدۇرۇلغانىدى. شۇڭا ئۆزى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا ئۆزرىسىنى

بايان قىلىپ رەت قىلدى.

ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) مۇ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۆزىگە بىر باغنىڭ قالدۇرۇلغانلىقىنى، ئىبرىگە ۋەدە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەلىۋىنىمۇ قوبۇل قىلمىغان ئىدى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭغا خەت يېزىپ: سىز ئاللاھنىڭ سىزگە ھالال قىلىپ بەرگىنىنى ھارام قىلماقچىمۇ؟- دەپ، ئۇنى ئۆيلىنىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئاتىكە (ر.ئەنھا) بۇ ھەقتە ئەلى (ر.ئەنھۇ) بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئەلى (ر.ئەنھۇ) باغنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، تۇرمۇشقا چىقىشىنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇردى.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) دىن رۇخسەت سورايتتى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ): سىزنىڭ ئۆيدە ناماز ئوقۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى بىلىسىز،- دېسىمۇ، ئاتىكە (ر.ئەنھا) يەنىلا مەسچىتكە بېرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورايتتى ۋە رۇخسەت ئېلىپ مەسچىتكە باراتتى. رۇخسەت بەرمىگەن چاغلاردا ئۆيدە ئوقۇيتتى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) شېھىت بولغاندا، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن قايغۇردى. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى يۈزىسىدىن نامازلىرىنى مەسچىتكە بارماي، ئۆيدە ئوقۇدى.

ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، مەدىنىنىڭ بايلىرىدىن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن تەكلىپ قويدى. ئاتىكە تۇرمۇشلۇق بولۇشنى خالىمىسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن تۇرمۇشقا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. زۇبەير (ر.ئەنھۇ) سىففىن ئۇرۇشىدا شېھىت بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە تۇل قالدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: ئى ئاتىكە! سېنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ھەر بىر ئەر ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟- دەپ سورايتتى.

ھۈسەيىن (ر.ئەنھۇ) ئاتىسى شېھىت بولغاندىن كېيىن ئاتىكەنىڭ دېگەنلىرىنى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئاتىكە (ر.ئەنھا) ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، شېھىت بولۇپ ئۆلۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن ھالدا، ئاتىكە (ر.ئەنھا) غا ئۆيلىنىش

تەكلىپى قويىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەندى. ئۇلار ناھايىتى مۇشكۇل كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئەمما ئاتىكە (ر.ئەنھا) بۇ ھاياتتىن بىزار ئەمەس ئىدى، ھۈسەيىن (ر.ئەنھۇ) بىلەن ھەرقانداق سەپەرگە بىللە چىقاتتى. مەككىدە، ئىراقتا ۋە كەربالادا ئىرىگە ھەمراھ بولدى. ھۈسەيىن (ر.ئەنھۇ) كەربالادا شېھىت قىلىندى. كەربالا ۋەقەسىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتىكە (ر.ئەنھا) ۋاپات بولدى. ئۇ شېھىتلەرنىڭ ئايالى بولۇش بىلەن، ھەممە ئەرلىرى ئۆچۈن خەيرلىك ئايال بولالىغان ئىدى.

# ئەسما بىنتى ئەمرۇ (ر.ئەنها)

ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان ئىككى ئايالنىڭ بىرى.

لەقىمى ئۇممۇ مۇنىيئ ئەل ئەنسارىييە بولۇپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۆزى ياشىغان ئەسىردە، شۇنداقلا كېيىنكى ئەسىرلەردە تونۇلماي قالغان قەھرىمان ئايالدۇر. ئۇ ئەسلىدە دائىم ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئورۇن ئالغان بىرى بولۇپ، ئۈچ ئۇلۇغ ساھابىنىڭ ئارقىسىدا ئەسما بىنتى ئەمرۇنىڭ بارلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ ئۈچ ئەر بولسا ئېرى ھادىج ئىبنى سەللامە، ئوغۇللىرى مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە شەبباس بىنى ھادىج (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دۇر. بۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىكلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەڭ مەنپەئەتلىك كىشىلەر ئىدى.

ئەسما (ر.ئەنها) ئىسلام دىنىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرەتتىن بۇرۇن، ھەتتا ئەقەبە بەيئىتىدىن بۇرۇنلا چىن ئىخلاس بىلەن ئىمان ئېيتقان ئىدى. ئۇ ھامىلدار ھالەتتە تۇرۇپمۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى ئۈچۈن ئېرى بىلەن بىرلىكتە مەككىگە باردى. ئوغلى شەبباس شۇ قېتىمقىلىق سەپەردە دۇنياغا كەلگەن ئىدى.

ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىگە شاھىت بولغان ئەسما (ر.ئەنها) ئۇ ۋاقىتنىڭ ھاياجىنىنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ــ بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىنىڭ مېۋىسى بولغان ھەج مەۋسۇمى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئارىسىدا ئىككى ئايال كىشى بولغان 75 بەش كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىشقا كېلىشتۇق. ئەييامى تەشرىق (قۇربانلىق قىلىنىدىغان كۈنلەر) نىڭ ئارىلىقىدا بىر يەرگە كېلىشكە پۈتۈشكەنىدۇق. ھەجىمىزنى قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىشقا ۋەدە بېرىشكەن يەرگە كېلىپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقىدا ئۇنى ساقلاشقا باشلىدۇق.

بىز ئۇلاغلىرىمىزدىن چۈشۈپ، ئۇ بۇلۇڭدىن، بۇ يولدىن بولۇپ، تەرەپ ـــ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ ھالدا دېيىشكەن يەرگە يېتىپ بارغاندۇق. ھەر بىر كىشى ئۇ يەرگە ئايرىم ـــ ئايرىم ھالدا كەلگەنىدى. كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىچە ئۇخلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئۇنى ھاياجان بىلەن كۈتۈشكە باشلىدۇق. بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى نەسىبە (ر.ئەنھا) مۇ يېنىمدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباس (ر.ئەنھۇ) بىلەن بىرگە كەلدى. ئابباس (ر.ئەنھۇ) سۆز باشلاپ:

ئى خەزرەج قەۋمدىكىلەر! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئايالىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلارنى ھىمايە قىلغاندەك ھىمايە قىلالامسىلەر؟ ئەگەر ئۇلارنى ھىمايىسىز تاشلاپ قويىدىغان بولساڭلار، ھازىرلا تاشلاپ قويۇڭلار... ـ دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قۇرئان ئوقۇش بىلەن باشلىشى، دۇئا قىلىشى ۋە بىزنى ئىسلامغا كىرىشكە تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ئەڭ باشتا بەرا ئىبنى مەئرۇر (ر.ئەنھۇ)، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىشقا خېلى بۇرۇنلا تەييارلانغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن جەننەت بىلەن خوش بىشارەت بېرىلگەن تاغىسى ئابباس (ر.ئەنھۇ) نىڭ: ئى خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەر! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىشتا قارا تەنلىك، قىزىل تەنلىكلەر قاتارىدا بارلىق ئىنسانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كۆزۈڭلار يېتەمدۇ؟ ـ دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشى نەسىبە (ر.ئەنھا) ۋە مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئىرادىسىدىن قىلچە تەۋرىتەلمىگەن ئىدى.

ئەسما (ر.ئەنھا) جىسمانىي جەھەتتىن دېگەندەك كۈچلۈك بىرى ئەمەس ئىدى. ئەمما خۇددى يېقىن دوستى نەسىبە (ئۇممۇ ئۇمارە ر.ئەنھا) گە ئوخشاش ئەرلەر بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ قىلىدىغان ئۇرۇشلاردا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولاتتى. ئۇ، خەيبەر ئۇرۇشىدىمۇ قوشۇن ئىچىدىكى ئاياللار بىلەن بىرگە ئىدى. ئۇ ياردارلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ، سۇ توشۇپ ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇجاھىدلارغا ياردەم بېرىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسلامنىڭ دەردىنى ئۆزىنىڭ دەردى بىلىپ ياشىدى.

## نائىلە بىنتى فەرافسا (ر.ئەنھا)

سۆزى ئۆتكۈر، ئېتىبارلىق شائىرە ئايال ساھابە.

نائىلە (ر.ئەنھا)، فەرافسا ئىبنى ئەخۋەفنىڭ قىزى، ئوسماننىڭ ئايالىدۇر. ئاتىسى قەۋمى ئىچىدە كىشىلەر بوي سۇنىدىغان ئېسىلزادە ئىدى. ئۇ، پەرزەنتلىرىگە ئۆگىنىشى كېرەك بولغان ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنى ناھايىتى ياخشى شەكىلدە ئۆگىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇلارغا بىر نەرسە ئۆگەتكەندە، مەجبۇرلاش ۋە ئەركىنلىكلىرىنى بوغۇپ قويۇش خاراكتېرىدىكى مۇئامىلىلەرنى قىلىپ سېلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى. ئۇ، ئۆزى خىرىستىئان دىنىدا قالغان بولسىمۇ ،نائىلە (ر.ئەنھا) ۋە باشقا پەرزەنتىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشىغا توسالغۇ بولمايلا قالماستىن، قىزلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ياتلىق قىلدى.

بىرىنچى قىزى ھىند (ر.ئەنھا) سەئىد ئىبنى ئاس (ر.ئەنھۇ) بىلەن، ئىككىنچى قىزى نائىلە (ر.ئەنھا) ئوسمان (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇردى. سەئىد ئىبنى ئاس ئوسمان (ر.ئەنھۇ) خەلىپىلىك قىلىۋاتقان دەۋرىدىن بۇرۇن كۇفەگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەندە، فىرافسانىڭ چوڭ قىزى ھىند (ر.ئەنھا) بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئوسمان (ر.ئەنھۇ) سەئىد ئىبنى ئاس (ر.ئەنھۇ) غا بىر مەكتۇپ يېزىپ، كەلىپ ئايمىقىدىن ئۆيلەنگەن ئايالىنىڭ نەسەبى ۋە خۇي پەيلىنى سورىدى. سەئىد ئىبنى ئاس (ر.ئەنھۇ) ئايالىنىڭ فىرافسا ئىبنى ئەخۋەفنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، ئەخلاق جەھەتتىن مۇكەممەل بىر ئىنسان قىلىپ تەربىيلەنگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئوسمان (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھەمشىرىسى بولسا، ئۆزىنى ئۆيلەپ قويۇش تەكلىپىنى قويدى. سەئىد قېيىن ئاتىسىغا مەكتۇپ يېزىپ ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ بۇ تەكلىپىنى يەتكۈزدى. خىرىستىئان ئاتا قىزىنى ئوسمان (ر.ئەنھۇ) غا ياتلىق قىلىش ئىشىنى ئۇنىڭ ئاكىسىغا ھاۋالە قىلدى.

نائىلە (ر.ئەنھا) ئۆزىنىڭ ياپ ــ ياش تۇرۇپ ئوسمان (ر.ئەنھۇ) دەك ياشانغان بىرى

بىلەن تۇرمۇش قۇربىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى تاغىسىنىڭ ئوغلىدا ئىدى. بۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ ساھابىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىرى بولۇشى، مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى، نەسەبى ئېسىل، شەرەپلىك بىرى بولۇشى، شۇنداقلا جەننەت بىلەن خوش بىشارەت بېرىلگەن بىرى بولۇشى، ئۇنىڭ بۇ نىكاھ ئىشىغا ئاكتىپ ھالدا ماقۇل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى.

ئۇ ئوسمان (ر.ئەنھۇ) غا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئايالىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتا پاسسىپلىق قىلمىدى. ئۇ زاماننىڭ پىتنىگە تولغان كۈنلىرىدە ئېرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ۋە پىكىر ئالماشتۇرغۇچىسى بولدى. ئېرى قەتلى قىلىنغان كۈنى ئۇ، قوللىرى چېپىلغان ۋە قان ئىچىدە ياتقان ئېرى بىلەن يالغۇز ھالدا قالغان ئىدى. ناھايىتى نۇرغۇن ئىنسان ئۆيگە كىرىپ پىتنىگە قېلىشتىن قورقۇپ، خەلىپىنى دەپنە قىلىشتىن باش تارتقان بىر مەزگىلدە نائىلە (ر.ئەنھا) باشتىن ئاخىر بۇ ئۆمۈر ھەمراھىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي تۇردى. ئۇ يەنە خەلققە خىتاب قىلدى.

نائىلە (ر.ئەنھا) ناتىق ۋە ئېتىراپ قىلىنغان شائىر ئىدى. ئۇ ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە جەسۇر ئىدى. مۇئاۋىيە (ر.ئەنھۇ) بۇ مۇجتەھىد ئايالنىڭ ئۇلۇغلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويغاندا، ئۇ:

ــ ئوسمان مەندىن ئېرىشكەن نەرسىلەرگە باشقا ھېچكىمنىڭ ئىگە بولۇشىنى خالىمايمەن،ــ دەپ ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلمىدى.

ئۇ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇل ياشىدى.

## ئۇممۇ زەر غىفارىييە (ر.ئەنها)

تەقۋالىقنى هايات دەستۇرى قىلىپ ياشىغان ئايال ساھابە.

مەنبەئەلەردە ئۇممۇ زەر غىفارىيە (ر.ئەنها) نىڭ ئەسلى ئىسمى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات تېپىلمىدى. ئەمما ئۇ كۇنيەسى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ئېرى ئەبۇ زەرنىڭ قەبىلىسى بولغان غىفار قەبىلىسىدىن ئىدى. زەر كەلىمىسى " زەررە " كەلىمىسىنىڭ مۇزەككەرلىك شەكلىدۇر. زەر كۆزگە كۆرۈنمىگىدەك دەرىجىدە كىچىك بىر نەرسىدۇر. ئۇممۇ زەر (ر.ئەنها) بىلەن ئېرى تەقۋالىقى بىلەن تونۇلغانلاردىن بولۇپ، دۇنيانى بىر ماتا ئورنىدا كۆرۈپ ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئېگە بولماستىن زاھىد ياشىغان.

ئۇممۇ زەر (ر.ئەنها) نىڭ ھاياتىدا ئۈچ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بار بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچىسى، ياشلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش.

ئىككىنچىسى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېرى ئەبۇ زەر (ر.ئەنهۇ) نىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى.

ئۈچىنچىسى، يۇقىرىقى ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەزگىلدە ئېرى بىلەن بىللە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن روھىي پەرىشانلىققا تولغان ھاياتى، سۈرگۈن قىلىنىشى ۋە ئايرىلىشلار. پۈتۈن بۇلارغا قارىماي ئالللاھ تائالاغا بولغان ئىماننىڭ

قىلچە تەۋرەنمەسلىكى.

ئۇممۇ زەر (ر.ئەنھا) مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن بۇتلارغا ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان بىرى ئىدى. قەبىلىسىدىكى ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن بۇت بار ئىدى. ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇتلارنىڭ ئەڭ چوڭى غىفار قەبىلىسى ئىچىدە ئۇممۇ زەر (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيىدە ئىدى. بىر كۈنى ئەبۇ زەر (ر.ئەنھا) بۇتلىرىنىڭ يېنىغا يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تازىم قىلدى. ئەمما بۇت ھەرىكەت قىلماستىن جىمجىت تۇراتتى. بۇتنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن ئالدىغا سۈت تۆككەندىن كېيىن، بىرئاز ئارقىغا چېكىنىپ كۈتۈپ تۇردى. توساتتىن نېمىنى كۆردى دېمەمسىز؟ مەھەللىدىكى بىر ئىت كېلىپ بۇتقا قويۇپ بېرىلگەن سۈتنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولدى. ئاندىن پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇتنىڭ ئۈستىگە سىيدى. بۇت بولسا ھەرىكەت قىلماستىن، جىمجىت تۇراتتى. ئەبۇ زەر (ر.ئەنھۇ) بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىچىدە گەپ قىلالمايدىغان تىلسىز ئىلاھنى مەسخىرە قىلىپ: <بىز ئۆزىمىزنى ئاتىغان بۇ بۇتلارغا قانداقمۇ ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقاندىمىز، چاقىرساق ئاۋازىمىزنى ئاڭلىمىسا، بىزگە نە پايدا نە زىيان يەتكۈزەلمىسە، بىز يەنىلا باغلىنىپ يۈرسەك، ئى ئەبۇ زەر! بۇ نېمە دېگەن بىمەنە ئىش؟ ئۈستىگە سىيىپ قويغان بىر ئىتنى قوغلاشقا كۈچى يەتمىگەن بىر نەرسىگە قانداقمۇ ئىبادەت قىلىنىدۇ؟...> بۇ ئويلىرىنى ئۆيىگە كېلىپ ئايالىغا سۆزلەپ بەردى، ئايالى ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى دەرھال رەت قىلدى. ئەمما ئۇنىڭغا سۈت بىلەن ئىتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشنى سۆزلەپ بەرگىنىدە بولسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا شۈبھىلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر خىل بىئاراملىقتا دۇچ كەلدى. ئۇلار ئىمان ئېيتىشقا لايىق ھەقىقىي ئىلاھنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

ئەبۇ زەر (ر.ئەنھۇ) قەلبى ۋە ئەقلى بىلەن تاپقان ئىلاھىغا ئاتاپ بىر دۇئا تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئايالى بىلەن بىرلىكتە بۇ دۇئانى قىلىشقا باشلىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەنەس (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭغا مەككىدىن

پەيغەمبەرلىككە ئالاقىدار بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ دەرھال مەككىگە بېرىپ ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام بىلەن تونۇشتى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقىغا ئاساسەن، قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ئىشىنى كىچىكتۈرمەستىن باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ دەۋىتىگە قېرىندىشى ئەنەس (ر.ئەنھۇ) دىن قالسىلا ئۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ زەر (ر.ئەنھا) بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشتى. ئۇلار خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن مەدىنىگە بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىپ خۇشاللىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلدى.

ئۇممۇ زەر (ر.ئەنھا) ئېرىدىن نۇرغۇن پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن ئىدى. ئېرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يادلىۋالغان ھەدىسلىرىنى ئاڭلاپ، باشقىلارغا رىۋايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن زەر ئائىلىسى ئىنسانلاردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ ياشاش ئىستىگىدە شام چۆللىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن زاھىدلىقنىڭ جاپا ــ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى تاللىۋالغان ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئۈچ پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇممۇ زەر (ر.ئەنھا)بىرىنچى پەرزەنتىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ناھايىتى بەك قايغۇردى. ئۇلار ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە شامغا بارغان بولۇپ، ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ دىندىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلىششقا باشلىغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارنى ناھايىتى قاتتىق تەنبىھلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئەبۇ زەر ئەرلەرگە، ئۇممۇ زەر بولسا ئاياللارغا قۇرئاندىن، سۈننەتتىن سۆزلەپ، ئۇلارنى غەپلەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى كىشىلەرگە ئېغىر كېلىپ، مۇئاۋىيەگە ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتى. مەسىلىنى چۈشەنگەن ئوسمان (ر.ئەنھۇ) ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، رەبەزىيەگە كېتىشكە بۇيرىدى. ئۇ يەردە يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۋاتقان جەرياندا ئەبۇ زەر (ر.ئەنھۇ) ۋاپات بولدى. ئۇممۇ زەر (ر.ئەنھا) ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۆزى

ئۇچۇن يات بولغان بۇ چۆللەردە يالغۇز ياشاشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەدىنىگە قايتتى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇممۇ ۋاپات بولدى.

ئۇممۇ زەر (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ناھايىتى كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇر بولغىنى: ”مەن يېتىمگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق تۇرۇمىز ( دەپ ئىككى بارمىقىنى جۈپلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن)“ دېگەن ھەدىسدۇر.

# ئۇممۇ راله (ر.ئەنھا)

> بالاغەتلىك سۆزلەشكە ماھىر بولۇپ، مەدىنىلىك ئاياللارنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

ئەسلى مەدىنىلىك بولغان ئۇممۇ راله (ر.ئەنھا) نىڭ نەسەبى ھەققىدە مەنبەلەردە ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مەدىنىدە تونۇشۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلغان ئىدى. مەدىنىگە كەلگەن مۇھاجىرلارنى قارشى ئېلىپ، باغرىغا باسقان، تارىختا پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى نامى بىلەن تونۇلغان ئەشۇ شەرەپلىك ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان بىرى ئىدى.

بۇ ئايال ساھابە ناھايىتى بالاغەتلىك سۆز قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئادەمگە بىرەر نەرسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولسا، ئۇنى توغرا چۈشەندۈرەلەيتتى. ئۇ ئاللاھ يولىدا قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئىشقا قاتنىششقا ۋە بۇ ئىشقا ياردەم قىلىشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئۆي ئىشلىرى ۋە باللىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى ئۇنى كۆڭلىدىكى ئاللاھ يولىدا ياردەم قىلىش ھەۋىسىدىن توسۇپ قالالمايتتى. كىشىلەر يىغىلغان بىرەر ئىشقا قاتنىشالماي قېلىشنى ئۆزى ئۈچۈن يېتەرسىزلىك ھېسابلايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يېتىشەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن ئىمكان ئىزدەيتتى. ئەتراپىدىكى ئۆزى بىلەن ئەھۋالى ئوخشىشىدىغان ئاياللار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھال ــ مۇڭ بولۇشاتتى ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىشەتتى. ئۇلارنى بىئارام قىلغان بۇ ئەھۋال ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كېلىشتى ۋە ئۇممۇ راله (ر.ئەنھا) نى ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ سايلىدى.

ئۇممۇ راله (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناھايىتى چىرايلىق سۆز قىلىش قابىلىيىتى بىلەن:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن! بىز بولساق ئۆيلۈك ــ ئوچاقلىق بولغان ۋە باقىدىغان كىچىك باللىرىمىز بار ئاياللارمىز، بىز ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن بىرگە باللىرىمىزنى باقىمىز. شۇڭا بەزى ئەرلەر قىلغان ئەمەللەرنى قىلالمايمىز. جىھادقىمۇ چىقالمايمىز. بۇلارنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالماقتىمىز. سەن بىزگە بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىرەر نەرسە ئۆگەتسەڭ ...،ـ دەپ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمانى ئۈچۈن بىرەر ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىغان بۇ ئايال ساھابىگە باللىرىنى ياخشى بېقىش، ئەرلىرىگە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى كاتتا ساۋابلارغا ئېرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ:

ــ سىلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭلار كېچە ـ كۈندۈز ئاللاھنى زىكىر قىلىپ تۇرۇش، دۇئا قىلىپ ئاللاھقا يالۋۇرۇشتۇر،ـ دېدى.

ئۇممۇ راله (ر.ئەنها) ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى كېسىپ قوياتتى ۋە ئۇلارنى پەدازلايتتى. بۇنىڭدا شەرئىي جەھەتتىن توغرا بولمايدىغان تەرەپنىڭ بار ياكى يوقلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ كۆرمەكچى بولدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىر ساتراچ ئايالمەن، ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى كېسىپ، ئۇلارنى ئەرلىرى ئۈچۈن پەدازلاپ قويىمەن، بۇنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر تەرىپى بارمۇ؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئۇممۇ راله! بۇنىڭدا بىرەر زىيانلىق تەرەپ يوق، بولۇپمۇ ئەرلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىش ئېگى بىلەن ئۇلارنى پەدازلاپ قويغىن،ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇممۇ راله (ر.ئەنها) مەدىنىدىن باشقا بىر يەرگە كېتىپ قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئەمدى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ناھايىتى قايغۇردى. رىددە ۋەقەلىكلىرى جەريانىدا مەدىنىگە قايتا كەلگەندە، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا ئالاقىدار بىر ۋەقەلىك ھېكايە قىلىپ بېرىلدى. ئۇممۇ راله (ر.ئەنها) بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ مەدىنە كوچىلىرىدا يىغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەسەن بىلەن ھۈسەين (ر.ئەنهۇم) ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشتى.

# لۇبابە بىنتى ھارىس ئەسسۇغرا (ر.ئەنھا)

خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئانىسىدۇر.

لۇبابە (ر.ئەنھا) ھىلالىييە قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەلئەسما دېگەم تەخەللۇس بىلەن تونۇلغان؛ ئاتىسى ھارىس ئىبنى خازىن، ئانىسى فاتىھە بىنتى ئامىر ئەسسەقەفىييە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىرىدىن ئۇممۇل فادى (ر.ئەنھا)، لۇبابەتۇل كۇبرا (ر.ئەنھا) نىڭ ھەمشىرىسىدۇر. ئۇ يەنە "ئاللاھنىڭ قىلىچى" نامى بىلەن شەرەپلەنگەن خالىد ئىبنى ۋەلىد (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئانىسى، يەنى ئىنتايىن قىممەتلىك بىر قەھرىماننى دۇنياغا كەلتۈرگەن، تارىخنىڭ سەھىپىلىرىنى ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن تولدۇرغان ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ ئانىسىدۇر. ئۇنىڭ باشقا بىر ئالاھىدىلىكى بولمىغان تەقدىردىمۇ، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئانىسى بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ مەدھىيىلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئالاھىدىلىك ھېساپلىناتتى.

لۇبابە (ر.ئەنھا) دۇنياغا كۆز ئاچقان زامانلاردا، ھەممە ئادەم شېرىك ئەقىدىسى ئىچىدە ئىدى. ئىسلام دەۋتى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىسلامنى دەۋەت قىلىشقا باشلىشى بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇل فادى (ر.ئەنھا) مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە (ر.ئەنھا) دىن كېيىن ئىمان ئېيتقان ۋە باشقا ھەمشىرىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەندى. بۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاچا ــ سىڭىللارنى ماختاپ: "بۇ ئاچا ــ سىڭىللارنىڭ ھەممىسى خالىس ئىمان ئىگىلىرىدۇر" دەپ سۈپەتلىگەن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت لۇبابە (ر.ئەنھا) يوق ئىدى. ئۇ ئىسلامنى ئاڭلار ــ ئاڭلىماس تەسىرلەنگەن، خېلى ئوبدانلا بېرىلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ، ئۆز نەپسى بىلەن ئېرى ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ ئەڭ قاتتىق قارشىلاشقۇچىسى بولغان ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ ئوغلى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئىدى. ئۇ ئۆز ــ ئۆزىگە خوجا بىر ئايال ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ھەمشىرىلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىلالمىدى. ئېرى ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ئۇنىڭمۇ ئاچا ــ سىڭىللىرىغا

ئوخشاش ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتتى.

مۇشرىكلار، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا باھانە تاپسىلا لۇبابە (ر.ئەنھا) دىن گۆرەگە ئېلىنغان ئادەم قاتارىدا پايدىلىناتتى. ئۇنىڭ بىر تەرەپىدە ئېرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلار تۇرسا، قارشى تەرىپىدە كۆڭلىدىن ــ كۆڭگە يۈكسىلىۋاتقان ئىسلام دەۋىتى تۇراتتى. لۇبابە (ر.ئەنھا) بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قالغان ئىدى. ئوغۇللىرى ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇسۇلمان بولۇپ، بەيئەت قىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئىدى. لۇبابە (ر.ئەنھا) ئەتراپىتىكى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ تېخىچە مۇشرىكلار ئارىسىدا بولغانلىقىدىن ناھايىتى بىئارام بولاتتى. نىھايەت ئېرى ئۆلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئالدىنى ئاچتى. ئۇ ئېرى ئۆلگەن ھامان ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى.

مەككە پەتھى قىلىنغان كۈن لۇبابە (ر.ئەنھا) ئۈچۈن تەڭداشسىز بىر كۈن ئىدى. ئۇ ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن بۇ كۈننى كۈتىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە قەدەم باسا ــ باسمايلا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلماقچى بولغانلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بەيئەت قىلدى. ھىجرەتتىن كېيىن ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە كۆچتى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى خالىد (ر.ئەنھۇ) نىڭ غەلبىلىرى بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ياشاشقا باشلىدى. ھەم ئوغلى ئۈچۈن خەيرلىك دۇئالارنى قىلاتتى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە خالىد (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلمىدى. چۈنكى ئوغلىنىڭ بۇندىن بۇرۇن بىر ئىسلام قوماندانى بولغانلىقىنى، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئوغلىنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك ئىنسانلىق سۈپىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ھىجرەتنىڭ 21ــ يىلى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) ھەج سەپىرىدە خالىد ئىبنى ۋەلىد (ر.ئەنھۇ) نى ئۆزىگە دوست بولۇپ ھەجگە بىللە بېرىشقا بۇيرىغاندا، ئۇ ئانىسى لۇبابە (ر.ئەنھۇ) نى ئېلىپ ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) غا ھەمراھ بولۇپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئەمما خالىد (ر.ئەنھۇ) يولدا ئاغرىپ قالدى. لۇبابە (ر.ئەنھا) ئوغلىنى مەدىنىگە قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ داۋالىنىشى بىلەن مەشغۇل بولدى. بىراق بۇ داۋالاش، كۆزىنىڭ نۇرى بولغان خالىد (ر.ئەنھۇ) نىڭ رەھمەت ۋە راھمان بولغان ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشىنى توسۇپ قالالمىدى. بۇ مۇسىبەتتىن ئۇزۇن ئۆتمەي لۇبابە (ر.ئەنھا) دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئانا ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن رەببىنىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

# ئەفرا بىنتى ئۇبەيد (ر.ئەنھا)

يەتتە پەرزەنتى شېھىت بولغان ئايال ساھابە.

ئۇبەيدە ئىبنى سەلابەنىڭ قىزى بولغان ئەفرانىڭ ئانىسى نەججار قەبىلىسىدىن بولغان رۇئات بىنتى ئەدىيىيەدۇر. ئەفرا (ر.ئەنھا)، ئىسلام بىلەن مەدىنىدە تونۇشقان ۋە ھېچ ئىككىلەنمەي مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن مەككىدىن كەلگەن ئىسلامىي قېرىنداشلىرىغا قۇچاق ئېچىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا باشلىغان ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە بولدى. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇمۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش مۇھاجىرلارغا قىلىنىدىغان ياردەملەردە بولۇشقا تىرىشاتتى. چۈنكى ئۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بەيئەت قىلىپ ۋەدە بەرگەنىدى.

ئۇ ھارىس ئىبنى رىفائە بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ پەرزەنتلىك بولغان ئىدى. مۇسۇلمان بولغان بۇ ئۈچ ئوغۇل بەدر ئۇرۇشىدا ئانىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئۇرۇشقا چىقتى. بۇ ئۇرۇشتا ئوغۇللىرىدىن مۇئاز بىلەن مۇئەۋۋىز ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولغان، ئىمان ئېيتقانلارنى قىيناپ، كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان ئەبۇ جەھىل بىلەن ھېساپلىشىشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشۈپ يۈرگەنىدى؛ ئۇلار ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈردى ۋە ئۆزلىرىمۇ شېھىت بولدى. ئىككى ئوغلىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەفرا يەنە بىر ئوغلى ئەۋف (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئۇ ئىككىسى بىلەن بىرلىكتە شېھىت بولمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇنىڭمۇ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! باشقا ئوغۇللىرىم شېھىت بولدى، كاشكى ئەۋفمۇ شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن بولسا ئىدى، ئەۋف ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا بەكلا ئارقىدا

قالغان بىرىمۇ؟ـ دېيىش ئارقىلىق كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاپادار ئىنساننىڭ قەلبىگە تەسەللى بەرگەن ھالدا:

ــ ياق! مۇئاز بىلەن مۇئەۋۋىز ھاياتلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرمەي شېھىت بولدى، ئەمما ئەۋف ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئەمەستۇر،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەۋف (ر.ئەنھۇ) شېھىت بولدى. ئەفرا (ر.ئەنھا) نىڭ ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ھارىس ئىبنى رىفائەنىڭ نىكاھىدىن ئايرىلغان ئەفرا مەككىگە كېتىپ. ئۇ يەردە بۇكەير ئىبنى ئەبدۇ بىلەن تۇرمۇش قۇردى ۋە ئۇنىڭدىن تۆت پەرزەنتلىك بولدى. ئۇ ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقى ئېرى ھارىس بىلەن قايتا تۇرمۇش قۇردى. ئەفرا (ر.ئەنھا) نىڭ باشقا باللىرى رەجىئە ۋە مەئۇنە ۋەقەسىدە، يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولدى.

يەتتە پەرزەنتى شېھىت بولغان بۇ ئانا پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئىماندا ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيلىگەن ئىدى. ئۇ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان ئىدى. كىشىلەر بۇ شېھىتلەرنى ئانىلىرىنىڭ نامى بىلەن ”ئەفرانىڭ ئوغۇللىرى“ دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىشاتتى. كىشىلەر ئەفرا (ر.ئەنھا) نى ناھايىتى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بىرلا نىشانى بار ئىدى.

# جەملە بىنتى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھا)

ھەنزەلە (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالى.

جەملە يەھۇدىي مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ قىزىدۇر. ئانىسى خەۋلە بىنتى مۇنزىر بولۇپ، بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ جەملەنىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇسۇلمانلارنى ئالدىغان بىر يەھۇدىي مۇناپىقنىڭ قىزى بولۇشىغا قارىماي، ئاتىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايلا قالماستىن ئەكسىچە ئاتىسىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھېچبىرىنى توغرا تاپمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئاتىسى دائىم دېگۈدەك يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ مۇسۇلمانلارنى مازاق قىلىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ، ئىمان ۋە ئىسلامدا بۇنچىلىك بولمىغۇرلۇقلارنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى ۋە بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە قېتىلماي، ئىسلامغا باشتىن ئاخىر قىزىقىش بىلەن قاراپ كەلگەنىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلاپ مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. دېمەككى، ئاللاھ ئىسلامغا سۇيىقەست پىلانلىنىدىغان مۇھىت ئىچىدىن ئۆيلىمىغان يەردە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن دىلىدىن ئىخلاس قىلىدىغان جەملە بىلەن ئاكىسى ئابدۇللاھ (ر.ئەنھۇما) دىن ئىبارەت ئىككى ئىنسان مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى.

جەملە (ر.ئەنھا)، ھەنزەلە ئىبنى ئامىر (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇشلۇق بولدى. توي بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇھۇد ئۇرۇشى بولاتتى. ئۇرۇشىدىغان ئورۇنغا كېچىدە يولغا چىقىش قارار قىلىنغان ئىدى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇ كېچىسى جەملە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېرى ھەنزەلە (ر.ئەنھۇ) غا خىتاب قىلغان ھالدا: ”ئى ھەنزەلە! ئۇرۇشقا ماڭ!“ دېدى. ئۇيقۇ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەنزەلە (ر.ئەنھۇ) ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سىرتقا ئېتىلدى. ئۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، ئۇھۇدقا قاراپ ئاتلاندى. ھەنزەلە (ر.ئەنھۇ) ئۇرۇش ئەسناسىدا كاتتا

قەھرىمانلىق قىلىپ، ئاخىرىدا شېھىت بولدى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا قوشۇن مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى. خەلق قوشۇننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىققانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېرىنى ئۇرۇشقا ئۇزۇتۇپ قويغان جەمىلە (ر.ئەنها) مۇ بار ئىدى. ھەممە ئادەم ئۆز يېقىنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرەتتى. جەمىلە (ر.ئەنها) مۇ ئېرىنى سوراپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھەنزەلە قەيەردە؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمىلە (ر.ئەنها) گە: ”ئۇ شېھىت بولدى“ دېگەن قايغۇلۇق خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇرغان جەمىلە (ر.ئەنها) ئېرىنىڭ ئۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن ھەتتا غۇسۇل قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ يۇيۇلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”مەن پەرىشتىلەرنىڭ كۈمۈش قاچىلاردىكى سۇ بىلەن يەر بىلەن ئاسمانلار ئارىسىدا ھەنزەلەنى يۇيىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم“ دەپ ئىنسانىنى سۆيۈندۈرىدىغان خەۋەرنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خەۋىرىدىن كېيىن كىشىلەر ھەنزەلە (ر.ئەنھۇ) نى ”پەرىشتىلەر يۇغان كىشى“ دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. جەمىلە ھەنزەلە (ر.ئەنھۇ) دىن ھامىلە قالغان ئىدى. پەرزەنتى بىر مەزگىلدىن كېيىن دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇ ئوغلىغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى. سابىت ئىبنى قەيس ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قويدى. ئۇلار تۇرمۇشلۇق بولدى ۋە ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى دۇنياغا كەلدى.

جەمىلە (ر.ئەنھۇ) ھاياتىنى ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلغان ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئىدى.

# خەۋلە بىنتى تۇۋەيت (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆرمەت قىلىپ، ئورنىدىن تۇرغان ئايال ساھابە.

تۇۋەيت ئىبنى ھەبىبنىڭ قىزى خەۋلە (ر.ئەنها) مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە (ر.ئەنها) نىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئائىلىسىگە بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى سەۋەبى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسى ۋە ئىسلامغا بولغان تەشۋىقاتلاردىن نۇرغۇن كىشىلەردىن بۇرۇن خەۋەردار بولغان ئىدى. ئۇ، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئىدى. خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمدەم بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، ئۇزىمۇ بۇ جەھەتلەردە بىرەر ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەۋلە (ر.ئەنها) خېلى ئۇزۇن ياشىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋلە (ر.ئەنها) نى خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزدىن قالغان بىر خاتىرە سۈپىتىدە ناھايىتى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. دائىم دېگۈدەك ئۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلدۈرەتتى.

ئائىشە (ر.ئەنها) ئانىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ــ بىر كۈنى خەۋلە (ر.ئەنها) بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە كىردى. ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭدىن: "قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟" دەپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى. مەن بۇنىڭغا ھەيران قىلىپ، ئۇمۇ بىر ئايال كىشىغۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ

ئۇچۇن ئورنىدىن تۇرۇشىنىڭ كېرىكى بارمىدى؟ دەپ ئويلىدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بۇ ئايال خەدىجە ھايات ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۆيگە زىيارەت ئۈچۈن كېلەتتى ھەم خەدىجەنىڭ دوستى ئىدى. ياخشى دوستلۇق ئىماندىندۇر“ دەپ جاۋاب بەردى.

خەۋلە (ر.ئەنھا) ئىبادەتلەرگە بەكلا بېرىلىدىغان بىرى ئىدى. بولۇپمۇ كېچىلىك ئىبادەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىبادەت قىلاتتى. ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئاللاھقا قۇللۇق بىلدۈرۈشكە تىرىشاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ پەقەتلا ئۇخلىمىغان كېچىلىرى بولاتتى.

بىر قېتىم ئۇ ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز خەۋلە (ر.ئەنھا) نىڭ ئىبادەتتىكى بۇ ئەھۋالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق بايان قىلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايال خەۋلە (ر.ئەنھا) دۇر، كىشىلەر ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماستىن ئىبادەت قىلىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى توغرا تاپمىدى ۋە بەدىنىنىڭ ھەققى بولغان ئۇيقۇ ۋاقتىدا ئۇخلاش ئۈچۈن ۋاقىت ئايرىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: ”ئىبادەتنى كۈچىڭلارنىڭ يەتكەن مىقداردا قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر چارچاپ قالمىغۇچە، ئاللاھ چارچاپ قالمايدۇ.“

# فۇرەيئە بىنتى مالىك (ر.ئەنها)

ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بىر ئىش فىقھىدا قىياس نۇقتىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان.

مالىك ئىبنى سىناننىڭ قىزى بولغان فۇرەيئەنىڭ ئانىسى ئۇمەيس بىنتى ئەبۇ خەدىجە بولۇپ، ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى ۋە قەتادە ئىبنى نۇئماننىڭ ھەمشىرىسىدۇر.

فۇرەيئە (ر.ئەنها) ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار ئايالالارنىڭ كۆز نۇرلىرى بولغان ئايال ساھابىلەرنىڭ ئارىسىغا قېتىلغان بىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن سەھل ئىبنى رافىئ بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغان فۇرەيئە (ر.ئەنها) ،كېيىن سەھل بىن بەشىر بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق تۇرمۇشنى قۇردى. ئۇنىڭ بۇ تۇرمۇشىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. يوقسۇللۇق ۋە پېقىرلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن ئېرى ئۇنىڭغا مال ــ مۈلۈك ھېساپلانغۇدەك ھېچنېمە قالدۇرالماستىن ۋاپات بولدى.

فۇرەيئە (ر.ئەنها) ئىددىتىنى ئۆتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن خەزرەج قەۋمىدىن بولغان ئائىلىسىنىڭ قېشىغا بارماقچى بولغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىگە ماقۇل بولدى. ئۇ سۆيۈنگەن ھالدا سىرتقا چىقتى. ئۇ يەردىن ئايرىلاي دەپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتا چاقىرىپ كىردى ۋە: ”ئەھۋالنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەڭ“ دېدى. فۇرەيئە (ر.ئەنها) ئەھۋالنى قايتىلاپ دەپ بەرگەندە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئىددىتىڭىز توشقىچە ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇڭ“ دېدى.

بۇنىڭ بىلەن فۇرەيئە (ر.ئەنها) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقىغا بوي سۇنغان، ئىتائەت قىلغان ھالدا ئېرى ۋاپات بولغان ئۆيدە تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتتى.

ئوسمان (ر.ئەنھۇ) خەلىپىلىك مەزگىلىدە فۇرەيئە (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ئىشقا دۇچ كەلدى. خەلىپە بىرىنى بۇيرۇپ فۇرەيئە (ر.ئەنھا) نى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا يەنە باشقا كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئوسمان (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭدىن ئۆز بېشىغا كەلگەن ئەھۋاللارنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمىنى سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. فۇرەيئە (ر.ئەنھا) ئەھۋالنى ئەينەن بايان قىلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئوسمان (ر.ئەنھۇ) ئالدىغا كەلگەن يەنە بىر ئايالنى ئېرى ۋاپات بولغان ئۆيگە قايتىپ ،ئۇ يەردە ئىددىتى توشقىچە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

شۇنداق قىلىپ، فۇرەيئە (ر.ئەنھا) نىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەلىك ئىسلام دىنىنىڭ بىر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە فىقھى ئىلمىدا قىياس نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولدى.

# جۇۋەيرە بىنتى ئەبۇ جەھىل (ر.ئەنھا)

جۇۋەيرە ـ تىكەنلەر ئارىسىدا ئۈستەن بىر گۈل مىسالى ئايال ساھابە ئىدى.

جۇۋەيرە (ر.ئەنھا) ئاللاھ ۋە ئىسلامنىڭ دۈشمىنى بولغان ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى ئەرۋا بىنتى ئەبىل ئىيىستۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ جەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن تۇرۇپ، ئىسلامدىن نېسىۋىسىنى ئالالمايلا قالماستىن بەلكى، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئەتراپىدا كۆرۈلگەن شۇنچە كۆپ ياخشى نەرسىلەرنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش يولىدا قىلغانلىرىدىن ناھايىتى ھوزۇر ئالىدىغان بىرى ئىدى. گەرچە ئۇ بۇ دىنغا شۇنچىلىك قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغان بولسىمۇ، ئوغلى ئىكرەمە (ر.ئەنھۇ) بىلەن قىزى جۇۋەيرە (ر.ئەنھا) بۇ دىندىكى ھەق ۋە ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلامنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرگەن ئىدى.

ئۇلۇغ ھەق تائالا خۇددى تىكەنلەرنىڭ ئارىسىدا گۈل ئۈستۈرگىنىدەك ئەبۇ جەھىلنىڭ قول ئاستىدا جۇۋەيرە (ر.ئەنھا) دەك بىر گۈل مىسالى قىزنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى دىنغا خۇسۇمەتچىلىك قىلىش بىلەن ئالدىراش يۈرىۋاتقىنىدا، قىزى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئېلىش كۈرىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بەيئەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

جۇۋەيرە (ر.ئەنھا) بىلەن ئەلى (ر.ئەنھۇ) تۇرمۇشلۇق بولماقچى بولۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە (ر.ئەنھا) بۇنى ئاتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا مەسچىتكە كېلىپ:

ــ تاغامنىڭ ئوغلى ئەلى، قىزىم فاتىمەنىڭ ئۈستىگە ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزىنى ئالماقچى

بولۇپتۇ. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھقا دۈشمەن بولغان بىرىنىڭ قىزى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قىزى بىر نىكاھ ئاستىدا تۇرالمايدۇ، فاتىمە مەندىن ئايرىلغان بىر پارچىدۇر، ئۇ ياخشى كۆرەلمىگەن بىر نەرسىنى مەن ياخشى كۆرەلمەيمەن، ئۇنى بىئارام قىلغان نەرسە ماڭىمۇ تەسىر قىلىدۇ" دېيىش ئارقىلىق بۇ نىكاھقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ نىكاھلىنىشىغا قارشى تۇرغان بولماستىن، پەقەتلا ئەبۇ جەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تويغا رازىلىق بەرمىگەن ئىدى. ناۋادا فاتىمە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بىلەن جۇۋەيرە (ر.ئەنھا) ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىز بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى رەنجىدە بولاتتى.

جۇۋەيرە (ر.ئەنھا)، ئەلى (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش ئەمەس ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيد (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇردى. ئۇلارنىڭ ئابدۇراھمان ئىسىملىك بىر بالىسى بولدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئارقىدا قالمىدى.

# تەمىيمە بىنتى ۋەھب (ر.ئەنھا)

فىقھى مەسىلىگە ئائىت بىر ھۆكۈمنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە سەۋەبچى بولغان ئايال ساھابە.

تەمىيمە (ر.ئەنھا) بەنى قۇرەيزەدىن قەبىلىسىدىن ۋەھبىنىڭ قىزى بولۇپ، ساھابە كىراملاردىندۇر. ئۇ ئىسلام بىلەن مەدىنىدە تونۇشقان ۋە مۇسۇلمان بولغان.

بۇ ئايال ساھابە، بېشىدىن ئۆتكەن بىر ھادىسە بىلەن ئىسلام فىقھىسىدىكى بىر خاس مەسىلىنىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە بۇنىڭ ھەقتە ھەدىسنىڭ سۆزلىنىشىگە سەۋەپچى بولغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ، ’’فىقھى بىر مەسىلىنىڭ ئايدىڭلىشىشىغا سەۋەپچى بولغان ئايال ساھابە‘‘ دېگەن نام بىلەن تونىلىدۇ. ھەدىسشۇناسلار ئارىسىدا بولسا ’’ئۇسەيلە ھەدىسى‘‘ دەپ ئىپادىلىنىدىغان ھەدىس شەرىپىنىڭ پەيغەمبەرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىشىغا سەۋەپ بولغان ۋەقەنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىرىدۇر.

تەمىيمە (ر.ئەنھا) ساھابىلەردىن رافىئ (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئىدى. ئارىلىرىدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن ئېرى ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئىددىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەير (ر.ئەنھۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇردى. ئەمما تەمىيمە (ر.ئەنھا) بۇ نىكاھىدىن كۆڭلىدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن، ئۆزىنى پەقەتلا بەختلىك ھېس قىلالمىغانىدى. ئۇ بۇرۇنقى ئېرى رافىئ (ر.ئەنھۇ) بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى سېغىناتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇنىڭدىكى بۇ بەختسىزلىك تۇيغۇسى ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تۇرمۇشىدىن رازى ئەمەسلىكىنى، ئۈمىد قىلغىنىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى نىكاھىدىكى بەختسىزلىكىنىڭ ۋە بۇ نىكاھتىن رازى ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنىڭ بۇرۇنقى ئېرى رافىئ (ر.ئەنھۇ) بىلەن يارىشىۋېلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن:

ــ (ئىككىنچى ئېرىڭىز بىلەن) بىر ــ بىرىڭلاردىن ئۆز مۇرادىڭلارنى ھاسىل قىلمىغىچە بۇرۇنقى ئېرىڭىزگە قايتىشىڭىز توغرا بولمايدۇ.ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، تەمىمە (ر.ئەنھا) بۇ ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتى ۋە ئىسلام فىقھىسىدىكى:

”ئۈچ تالاق بىلەن ئېرىدىن ئايرىلغان بىر ئايال ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر ئەر بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي يوسۇندا بىر ئورۇندا بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۇنىڭ تالىقىنى بەرگەن ئەھۋالدا، ئىككىنچى ئېرىنىڭ ئىددىتىنى تاماملايدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا دەسلەپكى ئېرى بىلەن يارىشىۋېلىشى مۇمكىن بولىدۇ“ دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىغا سەۋەب بولدى.

# ئۇممۇ بۇجەيد (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغان ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇممۇ بۇجەيد (ر.ئەنها) نىڭ ئەسلى ئىسمى ھەۋۋا بولۇپ، بۇ ئىسمى ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنماي، كۆپرەك تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇ ئابدۇراھمان ئىبنى بۇجەيدنىڭ موممىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ ئازات قىلىنغانلاردىن بىرى ئىدى. ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان بەيئىتى بىلەن باشقا ئايال ساھابىلەر قاتارىدىن سانىلىپ كەلمەكتە.

ئۇممۇ بۇجەيد (ر.ئەنها) ئۆزى ناھايىتى كەمبەغەل بولسىمۇ، كۆڭلى ئىنتايىن باي ئىدى. كەمبەغەل ۋە يوقسۇللۇقى ئۇنى ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلىشتىن توسۇپ قالالمىغان ئىدى. ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلىرىنى بۇ يولدا سەرپ قىلىشنى، سەدىقە قىلغانلار قاتارىدا ئۆزىنىڭمۇ بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ، بۇ خىل ئىزتىراپلار ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھەممىشە مېنىڭ ئىشىك ئالدىمغا يوقسۇل كىشىلەر كېلىدۇ. ئۇلارغا بەرگۈدەك بىر نەرسە تاپالماي قالىمەن، دەپ دەردىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھېچنېمە تاپالمىغان تەغدىردە، ئۇ تىلەمچىگە ئوتتا پۇچىلىنىپ كەتكەن ھايۋاننىڭ تىرنىقچىلىك بىر نەرسە بولسىمۇ بېرىڭ،ـ دېيىش ئارقىلىق بۇ ئايال ساھابىگە سەدىقە بېرىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويدى.

ئۇممۇ بۇجەيد (ر.ئەنها) ئامر ئىبنى ئەۋف قەۋمىنىڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرىدىغان

چاغلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە، يوغان بىر قاچىدا شورپا تەييارلاپ ئۇنىڭغا سۇندۇم ۋە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بۇندىن بۇرۇن سورىغان سوئالىمغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان شەكىلدە:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بەزى ۋاقىتلاردا ئىشىكىمىنىڭ ئالدىغا تىلەمچىلەر كېلىپ بىزدىن بىر نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن يېنىمىزدا بار نەرسىلەرنى ئاز كۆرۈپ، ئۇلارغا بېرىشتىن تارتىنىپ قالىمەن،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ تىلەمچىنىڭ قولىغا ھايۋاننىڭ تىرنىقىچىلىك بولسىمۇ بىر نەرسە تۇتقۇزۇپ قويۇڭ،ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇممۇ بۇجەيد (ر.ئەنھا) كە بەرگەن بۇ جاۋابى ئارقىلىق بىزگە يوقسۇللارغا ياردەم ۋە سەدىقە قىلىشتا قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇممۇ بۇجەيد (ر.ئەنھا) كە ئوخشاش دەۋرنىڭ يولباشچىلىرىدىن ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز بار. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ھاياتلىرىمىزنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتلىرىدەك ئۆتۈشىگە ۋە پرىنسىپ جەھەتتە ئۇلارنى يول باشچى قىلىپ ياشايدىغان ھالغا كېلىشىمىزگە نېسىپ قىلسۇن.

# خەنسا بىنتى خىزام ئەلئەنسارىيە (ر.ئەنها)

ئۆزى خالىغان ئادەمگە ياتلىق بولۇش ئۈچۈن ئىجازەت ئالغان ئايال ساھابە.

خەنسا (ر.ئەنها) ئەنسارىلاردىن بولغان خىزام ئىبنى خالىدنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەنسارى ئايالالرنىڭ ھەم باشقا ئايالالرنىڭ ئىچىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر تەرىپى بار ئىدى. ئۇ، كۇفۇر بىلەن شېرىكنىڭ قولدا قالغان چاغدىمۇ ئالالھغا بولغان ئىمانىنى تالالپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالمغا بەيئەت قىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ باشقىالرغا يېتەكچى بولىدىغان، شۇنداقال ئايالالر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىنىڭ ئايدىڭلىشىشىغا سەۋەبچى بولغان بىرىدۇر.

ئۇ، دەسلەپكى مەزگىلدە ئەنەس ئىبنى قەتادە (ر.ئەنهۇ) بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى. ئېرى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن تۇل قالدى. ئىددىتىنىڭ توشۇشى بىلەن، ئاتىسى ئامر ئىبنى ئەۋفنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئۇنى ياتلىق قىلماقچى بولدى. ئەمما خەنسا (ر.ئەنها) ئاتىسى كۆرسەتكەن كىشى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ، ئەبۇ لۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنبەر ئىسىملىك بىر ساھابىگە ياتلىق بولماقچى بولغانىدى. ئەمما ئاتىسى خەنسا (ر.ئەنها) نىڭ رازىلىقنى ئالماستىنال ئۆزى خالىغان كىشىگە ئۇنى ياتلىق قىلىۋەتتى. خەنسا (ر.ئەنها) پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى خالىمايدىغان بىرىگە ياتلىق قىلىۋەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالم: "ئۇ توغرا نىكاھ ئەمەستۇر" دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاتىسىنى قىزىنىڭ رايىغا بېقىشقا، قىلىنغان نىكاھ ئەقدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، خەنسا (ر.ئەنها) ئەبۇ لۇبابە ئىبنى ئابدۇل مۇنبىر (ر.ئەنهۇ) بىلەن توي قىلدى.

خەنسا (ر.ئەنها) دۇچ كەلگەن بۇ ئەھۋال ئىسلامنىڭ ئايالللارنىڭ ئەركىنلىكىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان قىممىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئايال كىشىنىڭ ئۆزى خالىغان كىشى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ھەققىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئاتا بولغۇچىنىڭ ھېچقانداق ئەھۋالدا قىزىنىڭ ھەققىنى قولىدىن ئېلىۋالالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

# رەزىنە (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئايال ساھابە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىش، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسىدۇر. ئەمما، بۇ ئارزۇغا ئېرىشىش ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرگە نېسىپ بولغان بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇر ۋە ھۇزۇر تارقىتىدىغان مۇھىتىدىن قانغۇچە پايدىلانغان كىشىلەردۇر. رەزىنە (ر.ئەنھا) ئاشۇ تەلەيلىك كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

رەزىنە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى بولغان سەفىييە بىنتى ھۇيەي (ر.ئەنھا) نىڭ دېدىكى ئىدى. ئۇ سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە تۇرغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەپەندىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەندى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى يېقىن مۇھىتتا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەھۋاللىرىدىن بىۋاستە خەۋەردار بولغان، ئۇنى يېقىندىن كۆزىتىپ، ئىسلامنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىمان ــ ئېتىقاد ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ياشاشتا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى. سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ئازات قىلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇ، بۇ ئائىلىدە خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانىدى. چۈنكى ئۇ، دېدەكلىكنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىمانغا ۋە ساھابىلەردىن بىرى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئىدى.

رەزىنە (ر.ئەنھا)، رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردىن ئاشۇرا ۋە دەججالغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر مەشھۇردۇر. رەزىنە (ر.ئەنھا) نىڭ قىزى مۇنداق دەيدۇ:

ــ ئانامدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇرا ھەققىدە نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورىسام، ئانام:

ــ ئاشۇرا كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتاتتى ۋە بىزنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيتتى،ـ دېدى.

ھاياتىنى ئىمانغا خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكەزگەن، ۋاپاتىدىن كېيىن بەقىيئە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان رەزىنەدىن ئاللاھ رازى بولسۇن!

## دۇبئە بىنتى زۇبەير (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى.

دۇبئە (ر.ئەنها) زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى ئاتىكە بىنتى ئەبۇ ۋەهبدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن يېقىن تۇغقانلاردىن هېسابلىناتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سائادەتمەن ئائىلىسىگە بېرىپ، ئىلىم سورۇنلىرىغا ئىشتىراك قىلاتتى ۋە ئۇ يەردە كۆرگەن، ئاڭلىغان، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز هاياتىغا تەتبىقلايتتى.

سائادەتمەن ئائىلىگە قىلغان زىيارەتلىرىنىڭ بىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مالىنىڭ گۆرجەك سۆڭىكىنىڭ گۆشىدىن ئېتىلگەن "كېتىف" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاماقنى يېگەندىن كېيىن تاهارەت ئالماستىن ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن، كېتىف تاماقنى يېگەندە تاهارەتنىڭ بۇزۇلمايدىغانلىقى هەققىدىكى رىۋايەتنى بايان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ گۆشلۈك تاماقنى يېگەندە تاهارەتنىڭ بۇزۇلىدىغان ياكى بۇزۇلمايدىغانلىقى هەققىدە ئىككىلىنىپ قالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزى شاهىت بولغان بۇ هەدىسنى بايان قىلىپ بېرەتتى.

بىر قېتىم دۇبئە (ر.ئەنها) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن هەج قىلىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى ۋە:

ـ ئى ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن هەج قىلايمىكىن دېگەنتىم، بىرەر شەرتنى قوشامدىمەن؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ شۇنداق،ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ:

ــ ئۇنداقتا مەن نېمە دەيمەن؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ لەبەيكە ئاللاھۇممە لەبەيكە، دەڭ،ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇبئە (ر.ئەنھا) نى مىقداد ئىبنى ئامر بىلەن نىكاھلاپ قويدى. توغۇلغان ئىككى پەرزەنتى ئائىلىسىنى جانلاندۇردى. جەمەل ۋەقەسىدە ئوغلى ئابدۇللاھ شېھىت بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئون بەش ھەدىس رىۋايەت قىلغان دۇبئە (ر.ئەنھا) غا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىن كىرىدىغان كىرىمدىن قىرىق ۋەسەق نورما بەلگىلەپ بەرگەن ئىدى.

# بەرىرە (ر.ئەنها)

ئىنسانلارنى ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىشنى كەسىپ قىلغان ئايال ساھابە.

بەرىرە (ر.ئەنها) ھىلال قەبىلىسىدىن بىر كىشىنىڭ دېدىكى ئىدى. ئۇ ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە قەلبىنى ئىسلامغا ئاتىغان بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بىر دېدەك بولۇشى، ئىبادەتلىرىنى ھۆرلەردەك ئادا قىلىشىغا بىر قىسىم توسالغۇلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ئائىشە (ر.ئەنها) ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئازات قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئىگىلىرى بولسا: ئۇ بىزگە مەنسۇپ بولۇشى، ئۇنىڭ ئىگىسى بىز بولۇشىمىز كېرەك،- دەپ، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش شەرتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىشتى. ئائىشە (ر.ئەنها) نىڭ بەرىرە (ر.ئەنها) نى سېتىۋېلىپ، ئازات قىلماقچى بولغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەتتى. شۇڭا ئائىشە (ر.ئەنها) دىن بەرىرە (ر.ئەنها) نىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ:

ـئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟- دەپ سورىدى. ئائىشە (ر.ئەنها) بەرىرەنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ شەرت قويۇپ ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئازات قىلىڭ. ئۇلارمۇ خالىغان شەرتىنى قويۇۋەرسۇن، ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى ساتقان كىشىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئازات قىلغۇچىنىڭ ھەققىدۇر،- دېدى.

بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ: بەزى كىشىلەرگە نېمە بولغاندۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدە

يوق ئىشلارنى يولغا قويماقچى بولىۋاتىدۇ. مۇنداق شەرتلەرنى قويۇش باتىلدۇر، ئاللاھنىڭ شەرتى تېخىمۇ ھەقلىق ۋە كۈچلۈكتۇر،- دېدى.

بەرىرە (ر.ئەنھا) نىڭ ئېرى مۇرغىس ئىسىملىك قارا تەنلىك بىر قۇل ئىدى. ئۇ ئازات بولغان ئايالىنىڭ نىكاھىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىرە (ر.ئەنھا) نى ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرىدى.

ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ناھايىتىمۇ سادىق بولغان بۇ ئايال ساھابە ئىنسانلارغا تەلىم بېرىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇمەۋىي ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان پادىشاھ بولۇشتىن بۇرۇن بىر تەقۋادار كىشى ئىدى. ئىلىم سورۇنلىرىغا ئۇمۇ كېلەتتى. بەرىرە (ر.ئەنھا) ئۇنىڭ ھالىنى ۋە خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مايىللىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەلىم بەردى:

ــ ئى ئابدۇلمەلىك! مەن سېنىڭ مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك بەزى خىسلەتلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمەن، ناۋادا ھۆكۈمدار بولۇپ، كىشىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولۇڭغا ئالغۇدەك بولساڭ، قان تۆكۈشتىن بەكلا ئېھتىيات قىلغىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئىنسان جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە كېلىپ، جەننەتنىڭ ئىمارەتلىرىنى كۆرگەن ھالەتتىمۇ، ناۋادا ئۇ بىرەر مۇئمىننىڭ قېنىنى ناھەق تۆككەن بولسا، ئۇ جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن قوغلىنىپ ئارقىغا ياندۇرۇلىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئۆزى ئەمەلىيلەشتۈرگەن توغرا ئىشلارغا باشقىلارنىمۇ چاقىرىدىغان، ئۇلارغا تەۋسىيە قىلىشتا ئىككىلەنمەيدىغان بەرىرە (ر.ئەنھا) ئىسلام ئارقىلىق ئېرىشكەن لەززەتلىرىدىن باشقىلارنىڭمۇ بەھرىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، باشقىلار ئۈچۈن ياشاشنىڭ ياخشى بىر ئۈلگىسىنى نامايەن قىلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە خالىس ۋە پىداكار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتەرلىكتۇر.

# دۇبئە بىنتى ئامىر (ر.ئەنھا)

قەۋمىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەپ بولغان ئايال ساھابە.

ئامىر ئىبنى قۇرات ئەلئامىرىيەنىڭ قىزى بولغان دۇبئە (ر.ئەنھا) مەككىدە مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئازاپ ــ ئوقۇبەت ۋە مۇشەققەتلەرنى ئۇمۇ بېشىدىن كەچۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سودا ـ تىجارەت يەرمەنكىلىرىدە ئارىلاپ يۈرۈپ تەبلىغ قىلىدىغان ۋاقىتلىرىدا؛ ئۇكازدا ئېچىلغان بىر يەرمەنكىدە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئامىر قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ۋە ئۇلاردىن ئۆزىگە ياردەمچى بولۇشلىرىنى، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغانلارنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇشلىرىنى تەلەپ قىلغانىدى. دەل شۇ چاغدا باھارا ئىبنى فىراس ئىسىملىك بىرى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى ناھايىتى قاتتىق تۈرتتى.

ــ ئۈركۈپ كەتكەن تۆگىنىڭ سەكرىشى نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرگە يىقىلدى. ۋەقەلىكنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئامىر قەۋمىدىكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ــ شۇ چاغدا دۇبئە بىنتى ئامىر (ر.ئەنھا) بىزنىڭ قېشىمىزدا ئىدى. ئۇ مەككىدە مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئامىر قەۋمىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى يەرگە يىقىلغاندا بىزگە بۇرۇلۇپ:

ــ ئى ئامىر قەبىلىسىدىكىلەر! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇرغاندا،

ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قىلىنامدۇ؟ بۇ توغرىمۇ؟ بۇنىڭغا ھېچكىم ئىگە بولمامدۇ؟- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئامىر قەبىلىسىدىن ئۈچ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ باھارانى تۇتۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يامانلىق قىلىشتىن توستى ۋە ئۇ يەردىن يىراقلاشتۇردى.

ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشىدىن ناھايىتى رازى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى پەرۋەردىگارىم! سەن بۇلارغا رەھمەت ۋە بەرىكىتىڭنى ئىھسان قىل" دەپ دۇئا قىلدى. ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ، كېيىنكى مەزگىلەردىكى ئۇرۇشلاردا شېھىت بولدى.

قەۋمىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان دۇبئە (ر.ئەنھا) ھاياتى بويىچە ئىمان كەلتۈرگەن پەرۋەردىگارىدىن ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ ياشاشتىن ھەرگىزمۇ يىراقلاشمىدى.

# ئەسما بىنتى سەلەمە (ر.ئەنھا)

ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلغان ئايال ساھابە.

تەمىملىك دارىمى قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئەسما (ر.ئەنھا) ئادەتتە ”ئۇممۇ جۇلاس“ دەپ ئاتىلاتتى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى ئاخىرقى چەككە يەتكەندە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان كارۋانغا ئۇمۇ ئېرى ئەييياش ئىبنى ئەبۇ رەبىيئە (ر.ئەنھۇ) بىلەن قېتىلدى.

قېيىنئانىسى ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىپ ھىجرەت قىلىشىغا رازى بولمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن قېرىندىشى ئەبۇ جەھىل ئارقىلىق ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتكەنىدى. ئەبۇ جەھىلمۇ ئەيياشنىڭ مەككىگە قايتىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. ئەسما (ر.ئەنھا) ئېرىگە ئىنچىل تۈردە ياردەمدە بولۇپ، ئېرىشكەن بۇ ئىمان يولىدا ھەر كۈنى ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

ھەبەشىستاندىن ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلدى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئەيياشنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئەسما بىنتى سەلەمە (ر.ئەنھا) ئۇ يەردە ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا بىرەر نەسىھەت قىلمامسەن؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— قىز قېرىنداشلىرىڭنىڭ سىزگە قىلماقچى بولغان ياخشىلىقىنى سىزمۇ ئۇنىڭغا قىلىڭ،- دېدى.

ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر ئوغلىنى ھەقىقىي بىر مۆئمىن قىلىپ تەربىيلەپ چىقىشقا تىرىشقان ئەسما (ر.ئەنھا) باشقا ئايال ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى قوللاشتەك ياردەملىرى بىلەن ھەمدەم بولۇپ ياشىغان ئىدى.

# ئۇمامە بىنتى ھەمزە (ر.ئەنھا)

ھەمزە (ر.ئەنھۇ) نىڭ قىزىدۇر.

ئۇمامە (ر.ئەنھا) بەدر قەھرىمانى، ئۇھۇد شېھىتلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ھەمزە (ر.ئەنھۇ) نىڭ قىزىدۇر. ئۇنىڭ ئانىسى سەلما بىنتى ئۇمەيس (ر.ئەنھا) دۇر. ئۇمامە (ر.ئەنھا) ئادەتتە ئۇمارە دەپمۇ چاقىرىلاتتى. ھامىيلىق قىلىش مەسىلىسىدە ئەلى، جەئفەر ۋە زەيد (ر.ئەنھۇم) ئۆز ئارا تالاش-تارتىش قىلىشىپ قالغان بىر ئايال ساھابىدۇر.

ئۇمامە (ر.ئەنھا) مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققاندىن بېرى ئۇچرىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇنى ھىمايىسىگە ئالماقچى بولدى. ئەمما ئۇ ھېچكىمنى خالىمىغان ئىدى. ئەلى (ر.ئەنھۇ) ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. بۇنىڭغا قارىتا جەئفەر (ر.ئەنھۇ) ئۇمامەنىڭ ھامىسى بولغان ئەسما بىنتى ئۇمەيس (ر.ئەنھا) نىڭ قېشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالماقچى بولدى. زەيد ئىبنى ھارىسە (ر.ئەنھۇ) بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمامە (ر.ئەنھا) نىڭ ئاتىسى ھەمزە (ر.ئەنھۇ) نى ئۆزى بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، قېرىنداشنىنىڭ قىزىنىڭ ئۆز يېنىدا قېلىشىنى توغرا تاپاتتى. بۇ تالاش-تارتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمامە (ر.ئەنھا) نىڭ ھامىسى بىلەن بىرگە تۇرۇشىنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى جەئفەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ ھىمايىسىگە بەردى. ئۇمامە (ر.ئەنھا) بۇ ئائىلىدە گۈزەل بىر ئىسلامىي تەربىيەدە چوڭ بولۇشقا باشلىدى. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنى ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ ئوغلى سەلەمە (ر.ئەنھۇ) غا نىكاھلاپ قويدى.

نىكاھ قىلىنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ئانىمىزغا:

”ئى ئۇممۇ سەلەمە! قەرزىڭىز ئادا بولدىمۇ؟“ دېدى. ئەسلىدە ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكاھلاندۇرغان كىشى سەلەمە (ر.ئەنھۇ) ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بۇنىڭ ئۈچۈن مۇكاپاتلىغان ئاساستا ئۇمامە (ر.ئەنھا) غا ئۆيلەندۈرگەن ئىدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ ئائىلىدە ئۇمامە (ر.ئەنھا) تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئىسلامىي ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ھالدا ياشاش بىلەن بىرگە، ئۆيىنى ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىنىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇردى ۋە ئۆزىنى بۇ نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئاتاپ ياشىدى.

# رۇقەيقە بىنتى سەقەفىيە (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمانغا گۇۋاھلىق
بەرگەن ئايال ساھابە.

مەنبەلەردە ئۇنىڭ نەسەبى توغرىسىدا مەلۇمات بولمىسىمۇ، سەقىف قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. ئۇنىڭ ئىسلام بىلەن تونۇشىشى ۋە ئىمان ئېيتىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىف ئەھلىنى دەۋەت قىلىشتىن بۇرۇن بولغاندۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىفقا كېلىپ، تائىف ئەھلىنى ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىنى، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇ ئۆزى شاھىت بولغان ۋەقەلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفلىقلاردىن ئىسلام ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگىنىدە، مېنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆتكەنىدى. مەن بىر خىل ئىچىملىك ھازىرلاپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. تائىپلىقلاردىن قورقانلىقىمدىن ئىمانىمنى يوشۇرۇپ يۈرەتتىم. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەتتى. ئۇ ماڭا:

ــ ئى رۇقەيقە! سىز بۇ تائىفلىقلارنىڭ بۇتلىرىغا ئىبادەت قىلماڭ ۋە ئۇلارغا قاراپ دۇئا قىلماڭ،ـ دېدى. مەن:

ــ ئۇنداق قىلمىسام، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۋېتىدۇ،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇلار سىزگە بىر نەرسە دېگەن ھامان سىز: <مېنىڭ رەببىم بۇ بۇتلارنىڭ رەببىدۇر> دەڭ، دۇئا قىلغان چېغىڭىزدا ئۇلارغا ئارقىڭىزنى قىلىڭ،ـ دېدى.

رۇقەيقە (ر.ئەنھا) نىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىدىن ئۇنىڭ ئېرى قەيس ئىبنى ئەببانىنىڭ ۋە ئۇ چاغلاردا ناھايىتى كىچىك بولغان قىزىنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. رۇقەيقە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىنى ئۇلاردىن يوشۇرغانىدى.

رۇقەيىقە (ر.ئەنها) نىڭ قىزى ئاكىلىرى سۇفيان ۋە ۋەھب ئىبنى قەيس (ر.ئەنهۇما) دىن مۇنۇ سۆزلەرنى رىۋايەت قىلىدۇ:

سەقىق قەبىلىسى مۇسۇلمان بولغاندا، بىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلدۇق. ئانام رۇقەيىقە (ر.ئەنها) بولسا بۇ كۆنلەرنى كۆرەلمەي ۋاپات بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يېقىنلىشىپلا:

— ئاناڭلار رۇقەيىقە (ر.ئەنها) نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟- دەپ سورىدى. بىز:

— سەن قالدۇرۇپ كەتكەن ئەھۋالدا ۋاپات بولدى،- دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئاناڭلار مۇسۇلمان بولغان ئىدى،- دەپ ئانىمىزنىڭ ئىمان ئېيتقانلاردىن ئىكەنلىكىنى بىزگە خەۋەر بەردى.

## جۇمەيل بىنتى يەسسار (ر.ئەنها)

هەققىدە ئايەت نازىل بولغان ئايال ساھابە.

مالىك ئىبنى يەسار ئەل مۇزەنىنىڭ ھەمشىرىسى بولغان جۇمەيل (ر.ئەنها)، ئەبۇ بىداھئىسىملىك ساھابە (ر.ئەنهۇ) نىڭ ئايالى ئىدى. ئېرى بىلەن ئوتتۇردا چىققان بىر ماجرادىن كېيىن ئېرى ئۇنى بىر تالاق قىلىۋەتتى. بىر مۇددەت ئۆتۈپ ئۇ ئىككىسى قايتا يارىشىۋالماقچى بولۇشتى. بۇ ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلغان جۇمەيلنىڭ ئاكىسى مۇنداق دەيدۇ:

ــ مەن سىڭلىمنى ئەبۇ بىداھ (ر.ئەنهۇ) غا ياتلىق قىلدىم. ئۇ سىڭلىمنىڭ تالىقىنى بەردى. ئۇنىڭ ئىددىتى توشقەندە ئۇ سىڭلىمنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەلدى. مەن ئۇنىڭغا: مەن ساڭا سىڭلىمنى بەردىم، سەن ئۆزەڭچىلا سىڭلىمنى تالاق قىلىۋەتتىڭ، ئارقىدىن يەنە كېلىپ ئۇنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتىسەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! سەن ھەرگىز ئۇنى قايتۇرۇۋالالمايسەن، دېدىم.

ئەسلىدە ئەبۇ بىداھ (ر.ئەنهۇ) ياخشى بىر ئادەم ئىدى. سىڭلىم جۇمەيل (ر.ئەنها) مۇ ئۇنىڭ يېنىغا قايتىشنى خالايتتى. مېنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىم سەۋەبى بىلەن سۈرە بەقەرەنىڭ 232ــ ئايىتى بۇ ھەقتە نازىل بولدى: [ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن يۆتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن، ئىچىڭلاردىن ئاللاھ غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ (يەنى ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىلىرىنى تۇتۇش)، سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر ۋە ئەڭ پاكتۇر، (شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سىلەرگە نېمىلەر ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر]

بۇ ئايەت نازىل بولغاندا مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇلارغا توسالغۇ بولماسلىق تەرەپتە نېمىگە بۇيرۇلسام شۇنى قىلىمەن،- دېدىم ۋە سىڭلىمنى ئېرىگە قايتا بەردىم. بۇ تالاق ئىسلامدا قايتۇرۇۋېلىشقا بولىدىغان تالاق مەنىسىدە كەلگەن " تالاق رەجئە" بولۇپ ئەرلەر تۇنجى قېتىم ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئايالىنى قايتۇرۇۋالسا بولىدىغان بىر تالاقتۇر.

## سۇبەيئە بىنتى ھارىس (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت
قىلغان ئايال ساھابىلەردىن بىرى.

سۇبەيئە (ر.ئەنھا) سەئىد ئىبنى خەۋلەنىڭ ئايالى ئىدى. ئېرى ۋىدالىشىش ھەججى مەزگىلىدە مەككىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئۇ ھامىلە ئىدى. ئۇ ئېرى ۋاپات بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن تۇغدى.

ھامىلدار ھالەتتە ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئايالنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbbاس (ر.ئەنھۇ) بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئەنھۇ) دىن سورالغاندا، ئىبنى ئاbbاس (ر.ئەنھۇ): ئىددىتى تۆگىگىچە،- دېگەن جاۋابنى، ئەبۇ ھۇرەيرە (ر.ئەنھۇ) بولسا: تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن باشقا بىرى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولىدۇ،- دېگەن جاۋابنى بەردى. ئۇلار ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋال توغرۇلۇق ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ئانىمىزمۇ: سۇبەيئە ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن 15 كۈن كېيىن تۇغدى. تۇغۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئىددىتى توشقان ھېساپلىنىپ نىكاھلىنىشىغا بولىدۇ،- دېگەن جاۋابنى بەردى.

بۇنىڭ بىلەن بىرى ياش، يەنە بىرى ياشتا چوڭراق بولغان ئىككى كىشى سۇبەيئە (ر.ئەنھا) بىلەن نىكاھلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەكلىپ قويدى. سۇبەيئە (ر.ئەنھا) ياشراق ئادەمگە ماقۇل بولدى، بۇنىڭ بىلەن ياشتا چوڭراق بولغىنى:

ــ سىزنىڭ ئىددىتىڭىز تېخى تۈگىمىدى،- دەپ ئۇنى گوللىماقچى بولدى. چۈنكى سۇبەيئە (ر.ئەنھا) نىڭ ئائىلىسى ئۇ چاغدا باشقا بىر يەردە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئادەم سۇبەيئە (ر.ئەنھا) ئائىلىسىگە قايتسا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قوبۇل قىلدۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغان ئىدى. بۇ سۆزلەردىن

كېيىن سۇبەيئە (ر.ئەنھا) دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىزنىڭ ئىددىتىڭىز توْگىدى. خالىغان بىرى بىلەن نىكاھلانسىڭىز بولىدۇ،- دېدى.

سۇبەيئە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ئىدى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە مۇناسىۋەتلىك: ”كىمكى مەدىنىدە قېلىپ ئۇ يەردە ئۆلۈشكە نېسىپ بولسا، ئۇ يەردە ئۆلسۇن، چۈنكى مەدىنىدە ئۆلگەن كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى مەن گۇۋاھچى بولىمەن“ دېگەن ھەدىسنى رۇبەيئە (ر.ئەنھا) رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردىن بىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ قىزى.

ئانىسى خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەندە دۇنياغا كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئوغلى قاسىمغا بولغان قايغۇسى سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن شەپقەت ۋە سۆيگۈسىنى قىزى زەينەبكە ئاتىغان ئىدى. ئۇ چوڭ بولۇپ ئەينى زاماندىكى نىكاھلىنىش يېشىغا يەتكەندە، ئۇنى هاممىسى هاله بىنتى خۇۋەيلىدنىڭ ئوغلى ئەبۇلئاس بىلەن نىكاھلاپ قويدى.

زەينەب هاياتىدا بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ باقمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەن هامان، ئۇ ئىمان ئېيتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئېرى مۇشرىكلار سېپىدە قېلىشنى تاللىدى. بۇ ئەھۋالدىن ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. مۇسۇلمانلار هىجرەت قىلىپ كەتسىمۇ، ئۇ ئېرى سەۋەبىدىن مەدىنىگە بارالماي قېلىپ قالدى. بەدر ئۇرۇشى بولغاندا، ئېرى مۇشرىكلار بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەندى. مەككىلىكلەر ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان يېقىنلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن فىدىيە ئەۋەتكەن ئىدى. زەينەبمۇ بۇ مەقسەت بىلەن، يېڭى توي قىلغاندا ئانىسى ئۇنىڭ بويىنىغا تاقاپ قويغان بۇلاپكىنى فىدىيە ئورنىدا ئەۋەتتى. ئۇ بۇلاپكا ئەسلىدە خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزنىڭ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بۇلاپكىنى كۆرۈش بىلەنلا تونىدى ۋە خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز ئېسىگە كېلىپ، كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. زەينەب (ر.ئەنها) نىڭ قىلغان بۇ پىداكارلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئەتراپىدىكىلەرگە: ”ئى ساھابىلىرىم! لايىق كۆرسەڭلار قىزىمنىڭ بىزگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئېرىنى، قىزىمنى مەدىنىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى شەرت قىلغان هالدا قويۇپ بەرسەڭلار، هەم بۇ بۇلاپكىنى قىزىمغا قايتۇرۇپ بەرسەڭلار“ دېدى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ،

ئەبۇلئاسنى قويۇۋەتتى.

ئەبۇلئاسمۇ بەرگەن ۋەدىسىدە تۇردى. ئۇ مەككىگە قايتقاندا، زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ مەدىنىگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. زەينەب (ر.ئەنھا) سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسە (ر.ئەنھۇ) غا بىر ئادەمنى قوشۇپ، زەينەب (ر.ئەنھا) نى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مەككىگە يولغا سالدى ۋە ئۇلارنى: ”زەينەب سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا يېتىپ كەلگەنگە قەدەر، يەجۇج ۋادىسىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، ئۇ يېتىپ كەلگەن ھامان تاپشۇرۇپ ئېلىپ قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار.“ دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ئۇلار دېيىلگەن يەرگە بېرىپ ساقلاشقا باشلىدى. زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ تەييارلىقى پۈتكەندە، قېيىن ئىنىسى كىنانە ئىبنى رەبىئ بىر تۆگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى تۆگىگە مىندۈردى ۋە دېيىشكەن يەرگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كۈندۈزدە يولغا چىقتى. مۇشرىكلار بۇنى كۆرۈپ، ناھايىتى غەزەپلەندى. ئۇلار، زەينەب (ر.ئەنھا) نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىمايتتى. ئۇلاردىن بەزىلەر زى تۇۋا دېگەن يەرگىچە ئىز بېسىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئوقنىڭ تۆگىگە تېگىشى بىلەن زەينەب (ر.ئەنھا) يارىلانغان تۆگىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بويىدىن ئاجراپ كەتتى. قېيىن ئىنىسى ئوق ئېتىش ئارقىلىق ئۇنى ھىمايە قىلدى. بۇ چاغدا ئەبۇ سوفيان كېلىپ كىنانەگە:

― بۇنداق كۈپ ― كۈندۈزدە يولغا چىققىنىڭنىڭ ئۆزى خاتا. سەن مۇھەممەدنىڭ بېشىمىزغا كەلتۈرگەنلىرىنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇلارغا قاتتىق غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىسەن، ئۇنىڭ قىزىنى خەلقنىڭ كۆزىچە كۈپ ― كۈندۈزدە مەككىدىن ئېلىپ مېڭىشىڭنى خەلق قوبۇل قىلالمايدۇ. بىزنىڭ زەينەب (ر.ئەنھا) بىلەن مۇناسىۋىتىمىز يوق. سەن گېپىمگە كىرىپ، زەينەب (ر.ئەنھا) نى مەككىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەت. كېچىدە خەلق كۆرمەيدىغان ۋاقىتتا ئۇنى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىپ، ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەر، ـ دېدى.

كېنانە ئەبۇ سوفياننىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى ۋە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە زەينەب (ر.ئەنھا) نى مەككىگە ئېلىپ كەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ئاچچىغى بىرئاز پەسەيگەندە، بىر كېچىسى ئۇنى يوشۇرۇنچە تۆگىگە مىندۈرۈپ زەيد ئىبنى ھارىسە (ر.ئەنھا) بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى ساقلاپ تۇرغان يەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا تاپشۇردى. زەينەب (ر.ئەنھا) مەدىنىگە بېرىپ ئاتىسى بىلەن ئۇچراشتى.

ئۇنىڭ مەككىدە قالغان ئېرى ئەبۇلئاس زەينەب (ر.ئەنھا) مەدىنىگە كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زەينەب (ر.ئەنھا) تىن ئايرىلىپ قالالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا سەۋەب بولغان شېرىك ۋە كۇفرىنى تەرك ئېتىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا قارار قىلدى . مەككىدىكى بارلىق ئېلىم- بېرىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ يەتتىنچى يىلى مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاشكارلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئېلىتىپات قىلىپ، قىزى زەينەب (ر.ئەنھا) نى قايتا بەردى. ئۇلار ئىككىسى قايتىدىن بەختلىك ئائىلىسىنى قۇردى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇمامە (ر.ئەنھا) ئىسىملىك بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلىش ئارقىلىق بۇ ئائىلىنىڭ بەختىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

زەينەب (ر.ئەنھا) ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يېلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۇممۇ ئەيمەن، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى سەۋدە بىنتى زەمئا بىلەن ئۇممۇ ئەتىييە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) يۇدى. جىنازا نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇدى ۋە ئۆز قولى بىلەن يەرلىكىگە قويدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قىزى.

ئانىسى خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىزدۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىرگەندە دۇنياغا كەلگەن ئىدى. زەينەب بىلەن رۇقىييە (ر.ئەنھۇما) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنى شادـ خوراملىققا تولدۇرغان ئىدى. ئاتاـ ئانىسىغا بەخت ھېس قىلدۇرغان ھالدا چوڭ بولغانىدى.

رەسۇلۇللاھقا تېخى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلمىگەن بىر چاغ ئىدى، رۇقىييە (ر.ئەنھا) كېلىن بولۇش يېشىغا يەتكەن بولۇپ، ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتبە بىلەن نىكاھلاندۇرۇلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ توي مەرىكىسى تېخى قىلىنمىغان ئىدى. دەل شۇ چاغلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلدى. رۇقىييە (ر.ئەنھا) ئاتىسىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاپ مۇسۇلمان بولدى. ئەمما ئېرى ئۇتبە مۇسۇلمان بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى بىلەن ئۇتبە ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ ئەقدىنى بۇزۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ئاخىرىدا ئەبۇ لەھەبنىڭ دۈشمەنلىكلىرى ھەددىدىن ئاشقاندا ئۇنىڭ ھەققىدە "تەببەت سۈرىسى" نازىل بولدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ لەھەب ئوغلىنى چاقىرىپ:

ئۇنىڭ قىزىنىڭ نىكاھىنى بىكار قىلمىساڭ، بېشىم سېنىڭ بېشىڭ ئۈچۈن ھارام بولسۇن!ـ دېدى. ئاتىسىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىغا تەڭ كېلەلمىگەن ئۇتبە رۇقىييە (ر.ئەنھا) بىلەن قىلىشقان نىكاھ ئەقدىنى بىكار قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىزىغا ئوسمان ئىبنى ئەففان (ر.ئەنھۇ) نېسىپ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇقىييە (ر.ئەنھا) نى ئوسمان (ر.ئەنھۇ) غا ياتلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ يېڭى ئائىلىسىدە بەخت شاماللىرى ئۈچاتتى. ئەمما مۇشرىكلارنىڭ قىلغان بېسىملىرى، بۇ

بەختلىك ئائىلىگە سايە تاشلاشقا باشلىدى. پەقەت تاقەت قىلغىدەك يەر قالمىغاندا ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى رۇقىييە (ر.ئەنھا) بىلەن كىيئوغلى ئوسمان (ر.ئەنھۇ) ھەققىدە: ”ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ ھىجرەت قىلغانلاردۇر“ دەپ ئۇلارنى ماختىدى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندە مەككىدىكى مۇشرىكلار بېسىمنى توختاتقانمىش، دېگەن سۆزنىڭ تارقىلىشى بىلەن، ئۇلار مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئەمما ئۇلار ئەھۋالنىڭ ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە ھەبەشىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يەردە رۇقىييە (ر.ئەنھا) نىڭ ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئوغلى تۇغۇلدى. ئابدۇللاھ ئىككى ياشقا كىرگەندە، بىر خوراز ئۇنىڭ يۈزىنى چوقۇۋېلىپ يارىلاندى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يارا چوڭىيىپ، داۋالىغىلى بولمىغىدەك ھالغا كەلدى ۋە ۋاپات بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇقىييە (ر.ئەنھا) نىڭ باشقا بالىسى بولمىدى.

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش باشلانغان ھامان رۇقىييە (ر.ئەنھا) ئېرى بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئىسلامنىڭ ئۈلگىيىشى ئۈچۈن تىرىشتى. بەدر ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە رۇقىييە (ر.ئەنھا) ئاغرىپ قالدى. كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نى رۇقىييە (ر.ئەنھا) نىڭ كېسىلىگە قاراشقا قالدۇرۇپ قويدى. ھىجرەتنىڭ 15ـ ئېيى ئىدى. ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، رامىزان ئېيىدا ئاخىرەت ئالىمىگە كەتتى. بەدر ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك خەۋىرىنى بېرىش ئۈچۈن زەيد ئىبنى سابىت (ر.ئەنھۇ) مەدىنىگە ئالدىن ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئۇ، بۇ خوش خەۋەرنى بېرىش ئۈچۈن كەلگىنىدە، رۇقىييە (ر.ئەنھا) نىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تۇپا قويۇلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدردىن قايتقاندا قىزىنىڭ پەقەتلا قەبرىسى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ قەبرە بېشىغا بېرىپ، قىزىغا دۇئا قىلدى ۋە قۇرئان ئوقۇپ ئۇنىڭغا بېغىشلىدى. ئۇ يېنىدا يىغلاپ تۇرغان فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى قىزى.

ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنها) نىڭ ئانىسى خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزدۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلىشتىن بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن ئىدى. بالىلىق دەۋرىنى مەككىدە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل كېيىن ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى بىلەن نىكاھلاندۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى كەلمىگەن ئىدى. ھەق تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى بەرگەن چاغدا، خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتتى. ئۇممۇ كۇلسۇممۇ (ر.ئەنها) ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئىمان ئېيتتى. ئۇ تۇغۇلۇشىدىن باشلاپلا ناھايىتى پاكىزە بىر ھايات ئىچىدە ياشاپ ئۆسكەن ئىدى. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى بىلەن قىلىنغان نىكاھنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىكار قىلدى. ئۇممۇكۇلسۇم (ر.ئەنهۇ) بۇنىڭدىن ناھايىتى بىئارام ئىدى. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلدۈرگەن "تەببەت سۈرىسى" نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇنى ئاڭلىغان ئىسلام دۈشمىنى ئەبۇ لەھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولۇپ ئوغلىغا: ئۇنىڭ قىزىنىڭ نىكاھىنى بىكار قىلمىساڭ، بېشىم سېنىڭ بېشىڭ ئۈچۈن ھارام بولسۇن!ـ دېيىش ئارقىلىق ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنها) بىلەن ئارىلىرىدىكى نىكاھ ئەھدىسىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئاتىسىنىڭ بېسىمى بىلەن ئوغلى ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنها) نىڭ تالىقىنى بەردى. ئەبۇ لەھەب مۇشۇنداق بولغاندا ئۆزىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغان ۋە ئۇلارغا ئازار بەرگەندەك بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھەم ئۇنىڭ ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان بىر ئىش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنىڭ ئىمانسىز بىرى بىلەن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەستى.

ئايالى رۇقىييە (ر.ئەنها) نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوسمان (ر.ئەنهۇ) نىڭ كۆڭلى ناھايىتى

يېرىم بولدى. بۇ مۇسىبەتكە كۆڭلى يېرىم بولۇشىدا مۇنداق ئىككى سەۋەپ بار ئىدى. بۇنىڭ بىرى رۇقىييە (ر.ئەنھا) دەك بىر سادىق ھاياتلىق ھەمراھىنىڭ ۋاپات بولۇشى، يەنە بىرى بولسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئۇرۇغ ـ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ئايرىلىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ قايغۇلۇق ھالىتىنى ھېس قىلىپ يېتىپ:

ــ ئى ئۇسمان! نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك غەمكىنسەن؟ـ دەپ سورىدى. ئۇسمان:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن غەمكىن بولماي كىم غەمكىن بولسۇن، قىزىڭىزنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن يالغۇز قالدىم، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى سەن بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىق رىشتەم ئۈزۈلدى،ـ دېدى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسماننىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى ئۇسمان! جىبرئىل كېلىپ، ئاللاھنىڭ قىزىم ئۇممۇ كۇلسۇمنى ساڭا ياتلىق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى،ـ دەپ ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) نى ئۇسمان (ر.ئەنھۇ) غا نىكاھلاپ قويدى. بۇ نىكاھ ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلىغا توغرا كەلدى. ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) بىلەن نىكاھلانغان ئۇسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ قايغۇلىرى تارقاپ "زىننۇرەيىن" (ئىككى نۇر ئىگىسى) نامى بىلەن ئاتىلىشىغا سەۋەپ بولغان بۇ شەرەپكە ئىگە بولغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن ئىدى. ئالتە يىل داۋام قىلغان بۇ نىكاھىدا ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) پەرزەنتلىك بولمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) مۇ ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەردە ئىسلامغا خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) ئاغرىپ قالدى. ئۇسمان (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئەمما داۋالاشلار پەقەتلا ئۈنۈم بەرمىدى. شۇ يىلى شەئبان ئېيىدا كېسىلى ئېغىرلىشىپ ۋاپات بولدى. مېيىتىنى ئۇممۇ ئەتىييە (ر.ئەنھا) بىلەن بىر قانچە ئەنسارىلىق ئاياللار يۇدى. جىنازا نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇدى. قەبرىسىگە ئەلى، ئىبنى ئابباسنىڭ ئوغلى فادى ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد (ر.ئەنھۇملار) قويدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك قىزى.

باشقا ئاچىلىرىغا ئوخشاشلا ئۇمۇ خەدىجە (ر.ئەنھۇ) ئانىمىزدىن تۇغۇلغاندۇر. فاتىمە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بەزىلىرى كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بەزىلىرىنىڭ نەسلى داۋام قىلمىغان ئىدى. ھەممىسى دېگۈدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالغان ئىدى. ئەمما فاتىمە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل ياشىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى فاتىمە ئارقىلىق داۋام قىلغانىدى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى كەلگەن يىلى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ''فاتىمە'' دەپ ئىسىم قويغان ئىدى. زەھرا بولسا ''ئاق يۈزلۈك'' دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئورنىدا قوشۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئاق ۋە پاقىراپ تۇرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغانىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا نۇرى بۇزۇلماس مەناسىدىكى كەلگەن ''بەتۇل'' نامى بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئۇنۋانىنىڭ بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھەۋەسلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ئاللاھقا يۈزلىنىشى ۋە كۆپلەپ ئىبادەت قىلىدىغان بولغانلىقىدىندۇر.

كىچىك يېشىدىلا ئانىسىدىن يېتىم قالغان فاتىمە (ر.ئەنھا) نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇشىن ۋە ئازار يېيىشىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ھەققىدە: ''فاتىمە مېنىڭ بىر پارچامدۇر، ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرگەنلىك ماڭا ئەزىيەت بەرگەنلىك بولىدۇ'' دېگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا قىزلىرى ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) بىلەن فاتىمە (ر.ئەنھا) ئايالى سەۋدا (ر.ئەنھا) بىلەن مەككىدە قېلىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئەبۇ رافىئ (ر.ئەنھۇما) نى مەككىگە ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئەكەلدۇرۇۋالدى. مۇكەممەل ئەخلاق، كۆچلۈك زېھنىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان، ماددىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىكنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن فاتىمە (ر.ئەنھا) مەدىنىدە مۇسۇلمان ئاياللارغا ئىنتايىن كۆيۈنۈش ۋە مېھرى ــ مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) نىكاھلىنىش يېشىغا يەتكەندە، ئەبۇ بەكىر بىلەن ئۆمەر(ر.ئەنھۇما) ئۆزلىرىگە فاتىمە (ر.ئەنھا) نى سوراپ ئەلچى قويدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھدىن كېلىدىغان بىرەر ئەمرنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئاخىر ئاللاھدىن كۈتۈلگەن ئەمر كېلىپ، فاتىمە (ر.ئەنھا) ئەلى (ر.ئەنھۇ) گە 400 دەرھەم كۈمۈش مېھرى ھەققى بىلەن نىكاھلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھىر ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ پۇلدىن 63 دەرھەمنى قىزىغا تويلۇق ۋە لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىگە بەردى. ئۇنىڭغا تويلۇق ئۈچۈن ئېلىنغان نەرسىلەر: بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، يۇڭ تۆشەك، سۇ كومزىكى، ئەلگەك، لۆڭگە، بىر قوچقار تېرىسى، بىر ياستۇق، بىر مەخمەل يوتقان، ئۈچ كۆرپە، سۇ تۇلۇمى، بىر توقۇلما پالاز، قول ئىشى يەمەندە ئىشلەنگەن بىر كىيىم، سۇ كۇرۇشكىسى، يىپ پەردە، بىر كۆڭلەك ۋە بىر تۆگە ئىدى. فاتىمە (ر.ئەنھا) بىلەن ئەلى (ر.ئەنھۇ) نىڭ تويى ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلىدا بولدى. تويدا خورما، سېرىق ماي ۋە قېتىق ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلگەن "ھايس" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاماق تارتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، دۇنيالىق جەھەتتىن پېقىر، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن باي بولغان بىر ئائىلە مانا مۇشۇنداق قىلىپ قۇرۇلغان بولدى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) ئۆز ھالىدىن پەقەتلا شىكايەت قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئارپىنى ئۇن قىلىپ تارتىش ئەسناسىدا يارغۇنچاق چۆگىلەتكەن قوللىرى قاپىرىپ كېتەتتى. ئېرى ئەلى (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭ ئاتىسىدىن بىر دېدەك سورىشىنى تەۋسىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنىڭ ئېھتىياجى بولغان كىشىلەرگە تارقىتىلىدىغانلىقىنى دەپ ئۇنىڭغا ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاندا 33 قېتىم "سۇبھانەللاھ"، 33 قېتىم "ئەلھەمدۇلىللاھ"، 33 قېتىم "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئارقىدىن " لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەھدەھۇ لا شەرىيكە لەھ، لەھۇلمۇلكۇ، ۋەلەھۇل ھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر" دۇئاسىنى قىلىشلىرىنى قىزى بىلەن كۈيئوغلىغا تەۋسىيە قىلدى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) بىلەن ئەلى (ر.ئەنھۇ) ناھايىتى بەختلىك ياشايتتى. بىر كۈنى ئارىلىرىدا كىچىككىنە بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە كەلدى ۋە ئەلى (ر.ئەنھۇ) نىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. فاتىمە (ر.ئەنھا)

بولغان ئىشلارنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئەلى (ر.ئەنھۇ) نىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئەلى (ر.ئەنھۇ) نى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن سۆيۈنگەن هالدا ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا: ناهايىتى ياخشى كۆرۈدىغان ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم،- دەپ جاۋاب بەردى. فاتىمە (ر.ئەنها) نىڭ ئۈچ قىزى (ئۇممۇ كۇلسۇم، زەينەب، رۇقىييە) ۋە ئۈچ ئوغلى (ھەسەن، ھۈسەين، مۇھسىن) دۇنياغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرىنى ناهايىتى بەك ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇلارنى پات- پات زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئويۇن ئويناپتتى. ئۇلارغا ئۇلار چۈشۈنەلەيدىغان ئۇسۇلدا تەربىيە بېرەتتى ۋە بەزى ئىشلاردا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇراتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنى كۆرگىلى ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. فاتىمە (ر.ئەنها) بىلەن ئەلى (ر.ئەنھۇ) كۈلۈشۈپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا فاتىمە (ر.ئەنها):

- سەن ئۈچۈن ئەلى (ر.ئەنھۇ) بىلەن مەندىن قايسىمىزنىڭ بەكرەك سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق، مەن بولسام سېنىڭ قىزىڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن بەكرەك سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىمنى دېسەم، ئەلى (ر.ئەنھۇ) ئۆزىنىڭ بەكرەك سۆيۈملىك ئىكەنلىكىنى دەپ ئولتۇراتتى،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قىزىم! سىز مېنىڭ قىزىم بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئاتىلىق سۆيگۈسى ۋە مېھرىم بىلەن ماڭا بەكرەك سۆيۈملۈكسىز، ئەمما ئەلى مېنىڭ كۆزۈمدە سىزدىن بەكرەك ئىززەتلىك ۋە كارامەتلىكتۇر،- دەپ ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىۋەتتى.

بىر قېتىم يېنىدا فاتىمە (ر.ئەنها) يوق بىر چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى (ر.ئەنھۇ) دىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى، فاتىمە (ر.ئەنھۇ) نى ۋە پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ مەرتىۋىسىنى سورىدى. ئەلى (ر.ئەنھۇ) ھەممىسىگە بىر- بىرلەپ: ياخشى كۆرۈمەن،- دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى ئەلى! كۆڭۈل بىر دانە، ياخشى كۆرىدىغىنىڭ بولسا تۆت، بىر كۆڭۈلگە بۇنچىلىك

كۆپ سۆيگۈ قانداق سىغىدۇ؟ـ دەپ سورىدى. ئەلى (ر.ئەنھۇ) بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. فاتىمە (ر.ئەنھا) ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز ھالىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سورىدى. ئۇ ھەممىنى دەپ بەردى. ناھايىتى ئەقىللىق بولغان فاتىمە (ر.ئەنھا) كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ ئى ئەلى! ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ سوئالغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنساننىڭ ئوڭ ــ سول، ئالدى ــ ئارقى دېگەن تەرەپلىرى بولىدۇ. يۈرىكىمدىمۇ مۇشۇنداق تەرەپلەر بار، شۇڭا مەن ئۇلۇغ ئاللاھنى ئەقلىم ۋە ئىمانىم بىلەن، سىزنى روھىم ۋە ئىمانىم بىلەن، فاتىمەنى ئىنسانىي نەپسىم بىلەن، پەرزەنتلىرىمنى ئاتىلىق شەپقىتىم بىلەن ياخشى كۆرىمەن دەپ جاۋاب بەرگىن،ـ دېدى. ئەلى (ر.ئەنھۇ) سۆيىنىش ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، جاۋابنى فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە دېدى. بۇ سۆزلەرنىڭ فاتىمە (ر.ئەنھا) نىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ ئى ئەلى! بۇ سۆزلەر سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئەمەس، پەقەتلا پەيغەمبەرلەر دەرىخىنىڭ شېخىدىن بولغان بىر مېۋىدۇر،ـ دېدى.

فاتىمە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن ناھايىتى قايغۇرۇپ بېيىتلەر توقىدى. قەبرىسىگە زىيارەتكە كېلىپ ساھابىلەرگە: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇبارەك جەسىدى ئۈستىگە توپا تاشلاشقا قانداقمۇ كۆڭلۈڭلار رازى بولدى؟ـ دەپ ساھابىلەرنىڭمۇ كۆڭلىنى ناھايىتى يېرىم قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان بىرلا نەرسە ئاتىسىنىڭ: "مېنىڭ ئارقىمدىن ئەھلى بەيت ئىچىدە ئەڭ تېز بارىدىغىنى سىز بولىسىز." دېگەن سۆزى بولدى. دېگەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن فاتىمە (ر.ئەنھا) ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. ئىسلامدا تاۋۇتقا قويۇلۇپ قەبرىگە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى ئايال كىشىنىڭ مېيىتى ئۇنىڭ مېيىتى بولدى. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جىنازىسى كېچىدە دەپنە قىلىنغان ئىدى. ئائىشە ئۇنىڭ ھەققىدە: ئاتىسىدىن باشقا فاتىمەدىنمۇ پەزىلەتلىكرەك بىرىنى ھېچ كۆرمىدىم،ـ دېگەنىدى. ئىبنى ئابباس (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت تال سىزىق سىزىپ: "جەننەت ئاياللىرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرى خەدىجە، فاتىمە، مەريەم ۋە ئاسىيە" دېگەنلىكىنى، قىزى فاتىمە (ر.ئەنھا) ھەققىدە: "فاتىمە جەننەتتىكى ئاياللارنىڭ غوجىسىدۇر" دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

## خەدىجەتۇل كۇبرا (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

خەدىجە ئانىمىزنىڭ ئاتىسى قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن بولغان خۇۋەيلىد ئىبنى ئەسەد، ئانىسى بولسا ئامىر ئىبنى لۇئەييە نەسەبىدىن فاتىمە بىنتى زائىدەتتۇلئەسامدۇر. ئىسىل بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن خەدىجە ئانىمىز ئۇلۇغ بىر ئەخلاق ئىگىسى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا ”تاھىرە“ ( پاك ئايال) نام دەپ نام بېرىلگەن ئىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇل قالدى. ئۇ ناھايىتى باي، ئېسىل نەسەبلىك ۋە گۈزەل ئىدى. ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى. ئەمما ئۇ ھەممىسىنى رەت قىلدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دۇرۇسلىقى، باشقىلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان پەۋقۇلئاددە دەرىجىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرى خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خەدىجە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ئۇنىڭغا ماللىرىنى تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن بەرگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېقىندىن تونۇغانسېرى، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ باردى. ھايات سەپدىشى ئورنىدا تاللاشقا ئەرزىيدىغان، ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى نەفىسە (ر.ئەنھا) گە دېدى. دوستىنىڭ بۇ سەممىي ئارزۇسىنى ئاڭلىغان نەفىسە (ر.ئەنھا) بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پىكىرلىشىپ بېقىشنى توغرا تاپتى ۋە پەيغەمبىرىمىز شامدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! سېنى ئۆيلىنىشىڭگە توسالغۇ بولغان نەرسە نېمە؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قولۇمدا ئۆيلەنگۈدەك پۇلۇم يوق،ــ دېدى. ئۇ:

ــ سەن تۇرمۇش قۇرۇشتا مېلى، جامالى، شەرىپى ۋە مۇۋاپىق بىرىگە تەكلىپ قىلىنساڭ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ كىمكەن؟ــ دېدى. ئۇ:

ــ ئۇ، ئالدىن كۆرەر، توغرا پىكىرلىك، شەرىپىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە دۇرۇس خۇلۇقلىق بولغان ھۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجەدۇر،ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــبۇ قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟ــ دەپ ئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈردى. نەفىسە (ر.ئەنها):

ــ ئۇ ئىش مېنىڭ ۋەزىپەم،ــ دەپ، ئۆزىنىڭ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭغا قارىتا پەيغەمبىرىمىز: ''ئۇ ھالدا مەنمۇ دېيىلگىنىنى قىلىمەن'' دېدى.

نەفىسە (ر.ئەنها) نىڭ بۇ تەشەببۇسى ۋە ئارىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئۇلار نىكاھلىنىشقا قارار قىلىشتى. ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل خەدىجە ئانىمىزغا، ئەبۇ تالىب بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شاھىت بولۇپ نىكاھىنى قىلدى. . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى تۆگە سويۇپ، توي ئېشى بەردى. بۇ چاغدا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى 25 ياش، خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز بولسا 40 ياشتا ئىدى. خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئەڭ تۇنجىسى ۋە ئەڭ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ''كۇبرا'' (چوڭ) دېگەن نام بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا ھەممە پەرزەنتلىرى خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزدىن تۇغۇلغان ئىدى.

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە (ر.ئەنها)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىكى ئاياللىق مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلاتتى، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەيتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى ھېچبىر ياردىمىنى ئۇنىڭدىن ئايىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى

بىرىلگەندە، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانىدى ۋە ئىسلامنى تارقىتىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى ۋە ياردەمچىسى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيى پەيغەمبەرلىك نۇرى چاقنىغان بىر مەكتەپكە ئوخشايتتى. ئۇ بارلىقىنى بۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئارقىلىق چەكسىز ھۇزۇر ھېس قىلاتتى. توپ ـ توپ ماللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن بېرىلىپ تۈگىگەن ئىدى. ئەمما ئۇ بۇلارغا قىلچە پىسەنت قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەرنىڭ مۇشەققەتلىرىنى ھەل قىلىش ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشى ئىدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەش ۋاقىت پەرز نامازدىن بۇرۇنقى تۇنجى نامازنى قانداق ئوقۇشنى ۋە تاھارەتنى قانداق ئېلىشنى بىۋاستە ئۆگەتكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ناماز قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالنى خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزغا سۆزلەپ بەردى ۋە تاھارەت ئېلىش بىلەن ناماز ئوقۇشنى ئۇنىڭغا ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىماملىق قىلىشى بىلەن خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇشقا باشلىدى.

ئىبنى سۇننى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ چىققانىدى. ئۇ يېنىغا ناشتىلىق ئۈچۈن يېيىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئادەم سۈرىتىدىكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. جىبرىئىل ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەيەردىلىكىنى سورايدۇ. خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز ئۇنىڭدىن بەكلا قورقۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ يۈرگەنلەردىن بىرى بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئىدى. بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇ مېنىڭدىن سىزگە سالام ئېيتتى ۋە جەننەتتە سىز ئۈچۈن بىر قەسىر تەييارلاپ قويۇلغانلىقىدىن سىزگە خوش بىشارەت بېرىشىمنى بۇيرىدى“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەنلىكىنىڭ ئونىنچى يىلى ئىدى. تاغىسى ئابدۇلمۇتتەللىب ۋاپات بولۇپ ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي، خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىز بىئارام بولۇشقا باشلىدى. كېسىلى ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە

ئېغىرلىشىپ كەتتى. رامىزان ئېيىنىڭ كىرىشى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مۇستەھكەم باغلانغان تۇرمۇشى، ئىسلام ئۈچۈن قىلغان سان ــ ساناقسىز ياردەملىرى، ئىخلاس ۋە سەمىمىيىتى بىلەن، ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغانلارغا ئۈلگە بولغۇدەك ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن قايغۇردى. چۈنكى ئۇ، ئەڭ چوڭ ياردەمچىسى، ھاياتلىق سەپىرىدىكى ئايرىلماس دوستى، ئەڭ قەدىرلىك ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچبىر ئايالىغا خەدىجە (ر.ئەنھا) غا كۆندەشلىك قىلغاندەك كۆندەشلىك قىلمىدىم، مەنغۇ ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چەكسىز دەرىجىدە ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ھەتتا ئۇنىڭدىن قالغان يادىكارلىقلاردىنمۇ ئەسلا بىرەر ئەيىپ ئىزدىمەيتتى. بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا: ”ئۇ مېنىڭ باللىرىمنىڭ ئانىسى ئىدى، ھەممە ئادەم مېنى يالغانچىغا چىقارغاندا، ئۇ ماڭا ئىشەنگەن ئىدى ۋە مېنىڭ ئەڭ چوڭ قوللىغۇچىم، ياردەمچىم بولغانىدى“ دەيتتى.

ئەلى (ر.ئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئەڭ خەيرلىكى خەدىجە بىنتى خۇۋەيلىد ۋە مەريەم بىنتى ئىمراندۇر.“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دەيدۇ.

# سەۋدا بىنتى زەمئە (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

سەۋدا ئانىمىز (ر.ئەنها) زەمئە ئىبنى قەيسنىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى شۇمۇس بىنتى قەيستۇر. ئۇ بۇرۇن سەكران بىنى ئامر بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئالتە باللىق بولغانىدى. سەۋدا (ر.ئەنها) ئانىمىز ئېرى هايات چېغىدا مۇنداق بىر ئېبرەتلىك چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاسماندىكى ئاي، سوزۇلۇپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنمىش. ئۇ بۇ چۈشىنى ئېرىگە سۆزلەپ بەرگەندە ئېرى: ناۋادا چۈشۈڭ ئوڭ بولسا، مەن يېقىندا ئۆلۈپ كېتىمەن، سەن مېنىڭ ۋاپاتىمدىن كېيىن ناهايىتى شەرەپلىك بىرى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولىسەن،- دېدى. ئېرىنىڭ چۈشكە بەرگەن بۇ تەبىرى سەۋدا (ر.ئەنها) ئانىمىز غا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى. ئالتە بالىسى بىلەن تۇل قالغان بىر ئايالغا شەرەپلىك بىر ئىنساننىڭ توي تەلىپى قويۇشى مۇمكىنمۇ؟!

سەۋدا (ر.ئەنها) ئانىمىز، ئېرىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ۋە ئېرىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋاستە بولغانىدى. مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان زۇلمى ئاخىرقى چەككە يەتكەندە، ئۇ ئېرى بىلەن هەبەشىستانغا هىجرەت قىلدى. هەبەشىستانغا بارغاندىن كېيىن، ئېرى دىنىنى ئالماشتۇرۇپ خىرىستىئان بولۇپ كەتتى ۋە ئۇ يەردە ئۆلدى. سەۋدا (ر.ئەنها) ئانىمىز بولسا مەككىگە قايتىپ كەلدى. سەۋدا (ر.ئەنها) نىڭ ئىماندىكى بۇ مۇستەهكەملىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايدىڭ ئىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن سەۋدا (ر.ئەنها) باللىرى بىلەن بىرلىكتە مەككىگە - ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قايتقان ئىدى.

خەدىجە (ر.ئەنها) ئانىمىزنىڭ ۋاپاتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناهايىتى بەك قايغۇغا سالغان ئىدى. كىچىك فاتىمە (ر.ئەنها) بولسا ئانىسىز يېتىم قالغان ئىدى. بىر كۈنى

ئوسمان ئىبنى مازئون (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئايالى خەۋلە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆيۈڭگە كېلىپ خەدىجەنىڭ يوقلىقىنى ھەقىقەتەن ھېس قىلىپ قالدىم،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شۇنداق، ئۇ بالىلىرىمنىڭ ئانىسى ۋە ئۆيۈمنىڭ قارانچۇقى ئىدى،ــ دېدى. خەۋلە (ر.ئەنھا):

ــ سىنىڭ ئۈچۈن ئەلچىلىك قىلالايمەن،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن كىمگە ئەلچىلىك قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ:

ــ زەمئەنىڭ قىزى سەۋدا (ر.ئەنھا) غا، ئۇ ئىمان ئېيتقان ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ بىرىدۇر،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋلە (ر.ئەنھا) نىڭ بۇ تەكلىپىنى توغرا تېپىپ، خەۋلە (ر.ئەنھا) نى سەۋدا (ر.ئەنھا) نىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. خەۋلە (ر.ئەنھا)، سەۋدا (ر.ئەنھا) ئانىمىزغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشى بىلەن سەۋدا (ر.ئەنھا) ئانىمىز ناھايىتى خۇرسەن بولۇش بىلەن بىرلىكتە بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى سەۋدا! سىزنىڭ مەن بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇشىڭىزغا نېمە توسالغۇ بولىۋاتىدۇ؟ــ دەپ سورىدى. سەۋدا (ر.ئەنھا):

ــ ساڭا ياتلىق بولۇشقا مېنى توسۇپ قويغۇدەك باشقا سەۋەپ يوق، ئەمما بالىلىرىم غەۋغا قىلىپ بېشىڭنى ئاغرىتىپ قويارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئاللاھ سىزنى مەغپىرەت قىلسۇن! خەيرلىك جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاياللار كىچىك بالىلىرىنىڭ سەۋەبىدىن مۇشەققەت تارتقانلىرىدۇر،ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسىنىڭ نىكاھى قىلىندى. ئۇلارنىڭ نىكاھى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەنلىكىگە ئون يىل بولغان رامىزان ئېيىدا قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن سەۋدا (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ كۆرگەن چۈشى رېئاللىققا ئايلانغان بولدى.

سەۋدا (ر.ئەنھا) ئانىمىز ناھايىتى تەقۋا بىرى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىي ئەمرلەرنى بىجانىدىل ئادا قىلاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رازى قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ بىردىن ــ بىر ئارزۇسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىدىكى ھالىتىدە ۋاپات بولۇش ئىدى. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئەبەدىي يۇرتىمۇ يېقىن بولالايتتى. ئۇنىڭ بۇ سەممىي ئارزۇسىنى ئاللاھ قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىمۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى شەرىپى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سالاھىيىتى بىلەن كەتكەنىدى.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىر يەرگە يىغىلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان قىيىنچىلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى ھەققىدە توختىلىشتى. ئۇلار بىر ئىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشەتتى. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەڭ تېز كېتىدىغىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇشلىرى ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

ــ ئاياللىرىڭدىن سېنىڭ بىلەن ئەڭ تېز ئۇچرىشىدىغىنى قايسىمىز بولىمىز؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىلەردىن ماڭا ئەڭ تېز ئۇچرىشىدىغىنى قولى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنىدۇر، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرى بۇنى ئاڭلاپ دەرھال قوللىرىنى ئۆلچەشكە باشلىدى. سەۋدا (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ بويى ئېگىز بولغىنى ئۈچۈن، قولىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئۇزۇن چىقتى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى خوشال بولدى ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە ياشاشقا باشلىدى. سەۋدا (ر.ئەنھا) ئانىمىز كائىناتنىڭ پەخرى ئۇ ئالەمگە كۆچكەندە ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان ئۆلۈمنى ساقلاشقا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالدى. چۈنكى مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن زەينەب بىنتى جەھشى (ر.ئەنھا) ئانىمىز ئاغرىپ قالدى ۋە كېسىلى بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ ۋاپات بولدى. زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ سەۋدا (ر.ئەنھا) دىن بۇرۇن ۋاپات بولۇشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن قولى ئۇزۇن بولۇشنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىزدىنىشكە ئېلىپ باردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ''قولى ئۇزۇن'' دېيىشىنىڭ مەنە جەھەتتىن مەرتىلىكتە يەنى كىشىلەرگە

بىر نەرسە بېرىشتە قولىنىڭ باشقىلاردىن ئۇزۇن بولۇش مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. دېگەندەك زەينەب (ر.ئەنها) ئانىمىز نەپىقە قىلىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىدى.

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان سەۋدا (ر.ئەنها) ئانىمىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىرەرگە ياردەم قىلىشتا قەتئىي ئىككىلەنمەيتتى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن بىر نەرسىلەرنى تىكىپ ،توقۇپ، كېلىن بولىدىغان قىز- ئاياللارغا تويلۇق ئۈچۈن ھەدىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سادىقلىقى ۋە ھۆرمىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋام قىلغاندى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىرەر قېتىممۇ سىرتقا چىقماي، ئۆيىدە ئىبادەت بىلەن ئولتۇرغاندى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چىقىشى تاۋۇت بىلەن چىقىشى بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: ئى سەۋدا! سىز نېمە ئۈچۈن ھەج ۋە ئۆمرە قىلمايسىز؟ ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرى ھەج قىلىشىۋاتىدۇ، ئۆمرە قىلىشىۋاتىدۇ،- دەپ سورىغانلارغا، ئۇ: مەن ھەج ۋە ئۆمرە قىلىپ بولغانمەن، ئەمدى ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنى بويىچە ئۆيۈمدە ئولتۇرىمەن،- دەپ جاۋاب بەرگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىدىن يېتىم قالغان پەرزەنتلىرىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان سەۋدا (ر.ئەنها) ئانىمىز ئۆمەر (ر.ئەنهۇ) نىڭ خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەدىنىدە ۋاپات بولدى.

# ئائىشە سىددىقە بىنتى ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

ئۇ ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) نىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى ئۇممۇ رۇمان (ر.ئەنھا) ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق دوستى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى بولۇشى، ئىماننىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ يېتىلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، شېرىك ۋە كۇفرىدىن يىراق بولغان ھالدا چوڭ بولدى. ئۇنىڭ قەلبى بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن قۇلۇپلانغان ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقى ئىسلام ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەن، قەلبىگە بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن، ھەم ئۇلارنى ھاياتىغا تەدبىقلاش بىلەن چوڭ بولدى. ئاتىسى باشقا پەرزەنتلىرىنى ئىسلامدا قانداق تەربىيلىگەن بولسا، ئۇنىمۇ شۇ بويىچە تەربىيلىدى. بۇنداق كۆڭۈل بۆلۈش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئانىمىز ئائىشە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايال بولغۇدەك لاياقەتلىك بىرى بولغان ئىدى.

سەۋدا (ر.ئەنھا) ئانىمىزغا ئەلچىلىك قىلغان خەۋلە (ر.ئەنھا) ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىزغىمۇ ئەلچىلىك قىلغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بىلەن نىكاھلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە (ر.ئەنھا) غا مەككىدە نىكاھ ئەھدىسى قىلدۇردى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى ۋە ئائىلە ئەزالىرى قاتارىدا ئائىشە (ر.ئەنھا) لارنىمۇ مەدىنىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئائىلە تۇرمۇشى مەدىنىدە ئەمەلىيلەشتى. ئەمما ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بالىلىق بولمىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە تۇنجى بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان ئائىشە (ر.ئەنھا) نىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ئاچىسى ئەسما (ر.ئەنھا) نىڭ ئوغلىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىسمى

بىلەن ” ئۇممۇ ئابدۇللاھ“ دەپ ئاتالدى.

ئۇ راسچىل، سادىق بىر ئاتىنىڭ تەربىيەسىدە تەربىيىلەنگەنلىكى، بۇ تەربىيەنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەنە ”سىددىقە“ نامى بېرىلگەن ئىدى. ئۇ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان داۋاسىدا سادىق بولۇپ، بۇ ئۇنۋانىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ ياشىدى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ياشتا ئەڭ كىچىكى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەربىيەسىدىن ئەڭ كۆپ پايدىلانغىنى بولدى. ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ خاس ھوجرىسى مەسچىتنىڭ تېمى بىلەن تۇتاش ئىدى. بۇنداق بولۇشى، ئۇنى ناھايىتى پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇ كېچە ۋە كۈندۈزلەردە مەسچىتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولالايتتى. بۇ سۆھبەتلەردىكى چۈشىنەلمىگەن ياكى بىلەلمىگەنلىرى نەرسىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتى ۋە ئىلمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ياردەم قىلاتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىمىغانلىرىنى ئۇ ئاڭلىغان، بىلمىگەنلىرىنى ئۇ بىلىۋالغان ئىدى. شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى ئىلمىلەرنىڭ باشقىلارغا يەتكۈزۈلۈشىگە ۋاستە بولغان ئىدى. بولۇپمۇ ئاياللارغا خاس ئىلىملەردە نۇرغۇنلىغان مۈشكۈل مەسىلىلەرنى يەشكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئۆگەتكىنى بويىچە كىشىلەرگە مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئىزاھلاپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ھۇجرىسى گويا بىر بىلىم بۇلىقى ئىدى. كىشىلەر كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ ئىلىم سورۇنىدا نۇرغۇن كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ ئىلىم ئۆگىتىشنى توختىتىپ قويماستىن داۋام قىلدى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) دەك بىر مۇجتەھىدمۇ ئائىشە (ر.ئەنھا) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى سورايتتى ۋە ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى (ر.ئەنھۇ):

— بىز ساھابىلەر ئارىسىدا ھەرقانداق بىر ھەدىس شەرىپ ھەققىدە ئىككىلىنىپ

قالساق، ئائىشە (ر.ئەنھا) غا مۇراجەت قىلاتتۇق ۋە ئۇنىڭدىن مۇكەممەل ئىلمى بىلەن قانائەتلىنەتتۇق،- دېگەن ئىدى. ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر(ر.ئەنھۇما) لار فىقھىدىكى بەزى مەسىلىلەردە ئۇنىڭدىن پىكىر ئالاتتى ۋە فىقھى ھۆكۈملەرگە رۇخسەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى. تۆت خەلىپە دەۋرلىرىدە ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن دەۋرلەردە ئائىشە (ر.ئەنھا) پەتىۋا ئۈچۈن مۇراجەت قىلىنىدىغان بىرىگە ئايلانغانىدى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) دىنىي ئىلىملەرگە ئىگە بىرى بولۇپلا قالماي، ئەدەبىي جەھەتتىمۇ تىلى ناھايىتى ئۆتكۈر بىر شائىر ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا تارىخ جەھەتتىمۇ كەڭ مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن تىۋىپلاردىن تىببىي ئىلىمگە دائىر نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقى، ئىلىمگە بولغان پىداكارلىقى، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىشتىياقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ۋە ئىجتىھادچانلىقى نۇقتىسىدىن ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن باشقا ئانىلىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

ئەمر ئىبنى ئەلئاس پەيغەمبىرىمىزدىن:

ــھەممىدىن بەك كىمنى ياخشى كۆرۈسەن؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــئائىشەنى،- دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ:

ــ ئۇنداقتا ئەرلەردىن كىمنى بەك ياخشى كۆرۈسەن؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئائىشەنىڭ ئاتىسىنى،- دېدى.

ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) ئائىشە (ر.ئەنھا) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن قىزى ھەفسە (ر.ئەنھا) غا نەسىھەت قىلىپ: ئائىشەنى ئەيىپلەيمەن دېمەڭ، بولمىسا ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالغا قالىسىز،- دەيتتى.

ئىنسانلارنىڭ تەربىيىلىگۈچىسىدىن پەزىلەت دەرسلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئالغان ئائىشە (ر.ئەنها) ئانىمىز، پەرز ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن بىرگە نەپلە ئىبادەتلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن تۇرسا، ئۇمۇ تۇراتتى. ئۇلار كېچىلەرنى بىرگە ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا نەپلە ناماز ۋە روزا تۇتۇش ئىشلىرىنىمۇ بەكلا بېرىلىپ قىلاتتى. رامىزاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىكاپقا كىرسە، ئۇمۇ ئېتىكاپقا كىرەتتى. ئۆزىنىڭ پەرزەنتى بولمىدى. ئەمما ئۇ بۇ بوشلۇقنى يېتىم باللارنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنى بېقىپ تەربىيىلەش ئىشلىرى بىلەن تولدۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلارغا ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزدى. پېقىر ــ مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى. قولىدا پەقەت بىر تال خورما قالغان تەقدىردە، ئۇنىمۇ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئائىشە (ر.ئەنها) غا:

ــ مەن سىزنىڭ ماڭا ئاچچىغلانغان ياكى مېنىڭ بىلەن ياخشى بولغان، بولمىغانلىقىڭىزنى بىلىۋالالايمەن،ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئائىشە (ر.ئەنها):

بۇنى قانداق بىلىسەن؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىز مەندىن رەنجىپ قالغان ۋاقتىڭىزدا ''ئىبراھىمنىڭ رەببىنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! دەيسىز، ئەمما مەن بىلەن ياخشى بولغاندا مۇھەممەدنىڭ رەببىنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! دەيسىز،ـ دېدى.

بۇنىڭ ئاڭلىغان ئائىشە (ر.ئەنها): ئاتا ــ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! توغرا دېدىڭ، ئەمما ئېغىزىمدىن شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ،ـ دېدى.

ئائىشە (ر.ئەنها) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدىدا بىر كېچىسى چۈشىدە ئۈچ ئاينىڭ بىردىن ــ بىردىن پارچىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چۈشكىنىنى كۆردى ۋە بۇ چۈشنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بەردى. ئەمما، ئاتىسى ئۇنىڭ بۇ چۈشىگە تەبىر بەرمىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا دەپنە

قىلىندى. بۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ):

ــ مانا بۇ ئۈچ ئايىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر،ـ دېدى. قالغان ئىككى ئاينىڭ ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر (ر.ئەنھۇما) ئىكەنلىكى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايان بولدى. چۈنكى ھەر ئىككىسى بىر يەرگە، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان ئىدى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) مۇنداق دېگەن ئىدى: مەن بەزى جەھەتلەردە باشقا ئاياللاردىن يۇقىرى قىلىندىم، ئۇلار:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەندىن باشقا توي قىلىپ باقمىغان بىر قىز بىلەن ئۆيلىنىپ باقمىغانلىقى.

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە بىرەرسىنىڭمۇ مېنىڭ ئاتاــ ئانامغا ئوخشاش ئىككىلىسىنىڭ تەڭلا مۇھاجىرلاردىن بولماسلىقى.

ــ مېنىڭ پاكلىقىم ھەققىدە ئاللاھ تەرىپىدىن ئايەت نازىل قىلىنىشى.

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كەلگەن بەزى ۋاقىتلاردا مېنىڭ ئۇنىڭ يېنىمدا بولۇشۇم.

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئالدىدا ياتقان ئايالنىڭ مەندىن باشقا بىر ئايال بولماسلىقى.

ــ مېنىڭ ھۇجرامدا ۋە ئۇنىڭ قېشىدا ئويغاق ئولتۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جان تەسلىم قىلغانلىقى ۋە مېنىڭ ھۇجرامغا دەپنە قىلىنىشى.

ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سېنىڭ ئاياللىرىڭ ئىچىدە كىملەر جەننەتتە بولىدۇ؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سىز شۇلاردىن بىرىسىز،ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئالىملار، ئۇنىڭدىن ئالغان ئىلىم ۋە ھەدىسلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن مۇجتەھىدلەر

ئۇنىڭ ھەدىسنى ئەڭ كۆپ رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، 2300 دەك سەھىھ ھەدىسنى ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقىنى قەيت قىلىشقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس، مۇجتەھىد ئايالى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز كىتابلاردا يېزىپ تۈگەتكىلى بولمىغۇدەك كەچمىشلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ھىجرىيەنىڭ ئەللىك نەچچىنچى يىللىرى بىر رامىزان ئېيىدا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

# ھەفسە بىنتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

ھەفسە (ر.ئەنھا) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق دوستى، ئادالەتپەرۋەرلەرنىڭ ئۈلگىسى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى زەينەب بىنتى مازۇندۇر. ئۇ دەسلەپتە ھۇنەيس ئىبنى خۇزافە (ر.ئەنھۇ) گە ياتلىق قىلىنغان ئىدى.

مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت باشلىنىشى بىلەن ئۇمۇ ئېرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە كەلدى. بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھۇنەيس (ر.ئەنھۇ) ئۇرۇش جەريانىدا قاتتىق يارىلانغان ئىدى. ئۇ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاپات قىلدى. ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇدى. ئېرىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ھەفسە (ر.ئەنھا) ئانىمىز تۇل قالغان ئىدى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) قىزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇنىڭ قايتىدىن تۇرمۇشلۇق بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ھەفسە (ر.ئەنھا) نىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئەقلىگە ئۇنى ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنھۇ) غا ياتلىق قىلىش پىكرى كەلدى. ئۇ ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنھۇ) نىڭ يېنىغا كېلىپ:

ئى ئەبۇ بەكىر! خالىساڭ قىزىم ھەفسەنى ساڭا ياتلىق قىلاي،- دېدى. ئەمما ئەبۇ بەكىر (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە يا ”ماقۇل“ ياكى ”ياق“ دەپ جاۋابىنى بەرمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسىدىن ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ كۆڭلى ئاغرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ نىكاھىدىكى قىزى رۇقىييە (ر.ئەنھا) ۋاپات بولغاندا ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى ۋە قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىش نىيىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئوسمان دەسلەپتە بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقماقچى بولدى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) ئۇنىڭدىنمۇ تېزلا جاۋاب ئالالمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى.

ئۇ بۇ بىئارامچىلىقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ دوستلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ھەفسەنى ئوسماندىن ياخشى بىرى نىكاھىغا ئالىدۇ. ئوسمانمۇ ھەفسەدىن ياخشىسى بىلەن نىكاھلىنىدۇ“ دەپ ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ قىزى بىلەن ئۆزىنىڭ نىكاھلىنىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئوسمان (ر.ئەنھۇ) نىڭمۇ ئۆزىنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇم (ر.ئەنھا) بىلەن نىكاھلىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭدىن ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولۇشتى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قېيىن ئاتا بولۇش شەرىپىگە، ھەفسە (ر.ئەنھا) مۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەنىدى. بۇ نىكاھ ئىشى ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئەتراپىدا ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن بۇرۇن قىلىندى. ھەفسە (ر.ئەنھا) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكاھلانغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەبۇ بەكرى (ر.ئەنھۇ) ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) غا مۇنداق دېدى: قىزىڭنىڭ ماڭا ياتلىق قىلىشنى خالايدىغانلىقىڭنى ئاڭلىغىنىمدا، ساڭا ھېچقانداق جاۋاب بەرمىگەنلىكىمدىن رەنجىگەنلىكىڭنى بىلىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن رەنجىمە، چۈنكى بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمدا قىزىڭلار ھەفسە (ر.ئەنھا) توغرىسىدا سۆز قىلغان ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىيالمايتتىم. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر ئارزۇسى بولمىسا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلاتتىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلامغاساداقەتمەن بىر ئايال بولۇپ ياشاشقا بەل باغلىغان ھەفسە (ر.ئەنھا)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىش ۋە سۆزلەنگەن ھەدىسلەرنى كۆزدىن يىراق قىلماسلىققا ۋە ئۇنى ئېسىگە ئېلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭدىن 60 ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ئاڭلىغان، ئاز بىر قىسمىنى ئاتىسى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلغانىدى.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تالىقىنى بەردى. ھەفسە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپ، يىغلاپ كەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ”ھەفسەنى قايتۇرۋالغىن، چۈنكى ئۇ، ناھايىتى كۆپ روزا تۇتىدىغان، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدىغان بىرىدۇر. ئۇ، جەننەتتە سېنىڭ ئايالىڭ

بولىدۇ“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسەنى نىكاھىغا قايتۇرۋالدى. ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاتلىق نەرسىلەرنى ۋە ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دېگەر نامىزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ يېنىدا بولاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسە (ر.ئەنھا) نىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىپ، ئادەتتىكىدىن كۆپرەك ھايال بولۇپ قالدى. مېنىڭ كۈندەشلىكىم تۇتتى. مەن بۇنى سۈرۈشتە قىلدىم. ئەسلىدە ھەفسە (ر.ئەنھا) نىڭ قەۋمىدىن بىر ئايال ئۇنىڭغا بىر قاچا ھەسەل ھەدىيە قىلغان بولۇپ، ھەفسە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇ ھەسەلدىن بېرىپتۇ. مەن ئۆزەمگە: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ھىيلە ئىشلىتەيلى،- دېدىم. ئاندىن زەمئەنىڭ قىزى سەۋدە (ر.ئەنھا) غا: ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىڭىزغا كىرسە، ئۇنىڭغا: مۇغفۇر يېدىڭىزمۇ؟- دەپ سوراڭ. ئۇ سىزگە: «ياق» دەيدۇ. سىز ئۇنىڭغا: ماڭا پۇرىغان بۇ پۇراق نېمىنىڭ پۇرىقى؟- دەڭ، ئۇ سىزگە «ھەفسە ماڭا ھەسەل بەردى» دەيدۇ. سىز ئۇنىڭغا: بۇ ھەسەلنى چىقارغان ھەرىلەر ئۇرفۇت دەرىخىدىن شىرنە يىغىپتىكەندە؟ - دە، دەڭ. مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇ سۆزلەرنى قىلىمەن. ئى سەفىييە (ر.ئەنھا) سىزمۇ ئۇنىڭغا شۇ سۆزلەرنى قىلىڭ،- دەپ تاپىلىدىم. سەۋدە (ر.ئەنھا) ماڭا: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا سىز بۇيرۇغان سۆزلەرنى قىلىمەن،- دەپ ۋەدە بەردى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋدە (ر.ئەنھا) نىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ ئۇنىڭغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مۇغفۇر يېدىڭىزمۇ؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. سەۋدە (ر.ئەنھا) سەندىن كېلىۋاتقىنى نېمىنىڭ پۇرىقى؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەفسە ماڭا ھەسەل بەردى» دېدى. سەۋدە ئۇ ھەسەلنى يىغقان ھەرىلەر ئۇرفۇت دەرىخىدىن شىرنە يىغىپتىكەندە - دە،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا كىرگەندە، مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق سۆزلەرنى قىلدىم. ئۇ سەفىييە (ر.ئەنھا) نىڭ يېنىغا كىرگەندە، سەفىييە (ر.ئەنھا) مۇ ئۇنىڭغا شۇنداق سۆزلەرنى قىلدى. كېيىن ئۇ ھەفسە (ر.ئەنھا) نىڭ قېشىغا كىرگەندە، ھەفسە (ر.ئەنھا) ئۇنىڭغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا ھەسەل بېرەيمۇ؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ھەسەل ئىچكىم يوق» دېدى. سەۋدە (ر.ئەنھا): ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەسەل ئىچىشتىن مەھرۇم قىلدۇق،- دېدى. مەن ئۇنىڭغا: جىم تۇرۇڭ،- دېدىم.»

ئائىشە (ر.ئەنھا)ھىجرىيەنىڭ 45- يىلى ۋاپات بولغان ھەفسە (ر.ئەنھا) ھەققىدە: ھەفسە ئاتىسىنىڭ ئۆزى ئىدى، ئىرادىسى ناھايىتى كۈچلۈك، تىلى بىلەن دىلى ئوخشاش ئىدى،- دەيدۇ.

# ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنها) نىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى سۇھەيل ئىبنى مۇغىيرە، ئانىسى ئاتىكە بىنتى ئامىر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ھىند بولۇپ، دەسلەپتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلئەسەدگە ياتلىق قىلىنغانىدى. ئۇ ئوغلى سەلەمەنىڭ ئىسمى بىلەن ئۇممۇ سەلەمە دەپ چاقىرىلاتتى. ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنها) نىڭ سەلەمە (ر.ئەنھۇ) دىن باشقا يەنە ئۈچ بالىسى بار ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇملىرى سەۋەبىدىن ھەبەشىستانغا ئېرى بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلغان سەلەمە (ر.ئەنها)، ئۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىدىن ۋاز كەچكەنلىكى توغرىسىدا تارقالغان بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئەمما قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ پەقەت ئۆزگەرمەستىن داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئەقەبە بەيئىتى قىلىنىشتىن بىر يىل ئىلگىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا قارار بەردى. ئۇلار بۇ سەپەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتى. يولغا چىقىشقا تەييارلانغاندا، مۇغىيرە ئىبنى ئابدۇللاھ جەمەتىدىكىلەر ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنها) نىڭ ھىجرەت قىلىشىغا كاشىلا قىلىشتى.

ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنها) نىڭ ئېرى ئۇلارنىڭ بۇرۇن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىپ بولغان، ئۆزى بولسا ئوغلى سەلەمە (ر.ئەنھۇ) بىلەن ئارقىدا قالغانىدى. ئۇنىڭ ھىجرىتىگە توسالغۇ بولغانلارغا ئاچچىغى كەلگەن يېقىنلىرى كېلىپ، مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن سەلەمەنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كەتكەنىدى. مۇغىيرەنىڭ جەمەتىدىكى كىشىلەر بولسا، ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنها) نى يانلىرىدا تۇرغۇزۇۋالغانىدى. بىر تەرەپتىن

ھىجرەت قىلالمىغانلىقىنىڭ پەرىشانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېرىدىن ۋە ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ ھىجرانى بىلەن ئۇ مەككىدە يەنە بىر يىل ياشىدى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغلى سەلەمە (ر.ئەنھۇ) نى تۇغقانلىرىدىن ئېلىپ ھىجرەت سەپىرىگە چىقتى. قۇبا مەھەللىسىدە ئېرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىرلىكتە مەدىنىگە يول ئالدى.

مەدىنىدە مۇھاجىرلىقنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرى ئىچىدە ياشىدى. ئەمما ئۇلار مۇھاجىرلار ئۇچۇن قۇچاق ئاچقان ئەنسارىلارنىڭ ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى ھۆرلۈكنىڭ ھۇزۇرى بىلەن باشقا قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بىر قېتىم ئېرىگە: ئى ئەبۇ سەلەمە! سەن بىلەن بىر نەرسىدە توختاملىشىۋالايلى، قايسىمىز بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەك، قالغىنىمىز باشقا بىرى بىلەن ئۆيلەنمىسۇن، ئىككىمىزلا جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ قالساق، ئۇ يەردىمۇ بىللە ياشايمىز،ـ دېدى. ئەمما ئەبۇ سەلەمە (ر.ئەنھۇ): ياق، مەن ئۆلۈپ كەتسەم سەن ياتلىق بولغىن،ـ دېدى ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! مەندىن كېيىن ئۇممۇ سەلەمەگە مەندىن ياخشى ۋە ئۇنى خارلىمايدىغان، رەنجىتمەيدىغان بىر ئەر ئېھسان قىل،ـ دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تېما مۇشۇ دۇئا بىلەن تاماملاندى.

ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئەبۇ سەلەمە (ر. ئەنھ) ئۇرۇشتا يارىلانغان بولۇپ، ئۇرۇشتىن قايتىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ۋاپات بولدى. تۇل قالغان ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) گە ئاۋۋال ئەبۇ بەكىر، ئاندىن كېيىن ئۆمەر (ر.ئەنھۇما) ئۆيلىنىش تەلىپى قويدى. ئەمما ئۇ ھەر ئىككىسىنى رەت قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. ئۇ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ساڭا ياق دېيىشىمگە سەۋەپ بولىدىغان ھېچقانداق سەۋەبىم يوق، بىراق مەن كۈندەشلىكى يامان بىر ئايالمەن، بۇ سەۋەپتىن مەندىن سەن خوشال بولمايدىغان بىرەر ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشى بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىغا قېلىشتىن قورقىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا مەن ياشىنىپ قالغان ۋە ئۇششاق باللىرى

بار بىر ئايالمەن،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ كۈندەشلىكىڭىزگە كەلسەك، ئاللاھ سىزدىن ئۇنى كۆتۈرىۋېتىدۇ، ياشانغانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم، بالىلىرىڭىز بولسا مېنىڭمۇ بالىلىرىمدۇر،ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولدى.

ــ ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ئايال ساھابە بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغىنىمدا بىر ئادەم كەلدى. ئۇ دىھيەتۇل كەلبى دېگەن ساھابىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''كەلگەن كىشى كىم بىلەمسىز؟'' دېدى. مەن: دىھيلغۇ،ـ دېدىم. ئەمما ئۇ جىبرىئىل ئىكەندۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن ئالغان ۋەھيىنى ساھابىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن خۇتبە سۆزلىمەكچى بولغاندىن كېيىنلا، مەن كەلگەن كىشىنىڭ دىھيىل ئەمەس جىبرىئىل ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم ــ تەربىيەسىگە كىرگەن ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ئايال ساھابىلەر ئارىسىدىكى فىقھى ئىلىمنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلاردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھۇنەيىن سۈلھىسى تۈزۈلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈشكەن سۈلھىسىنىڭ مۇسۇلمانلارغا پايدىسىز بولغانلىقىنى ۋە ئۆمرە قىلالماي كېتىشكە رازى ئەمەسلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بۇيرىقىنى ئورۇنلاشقا ئۇنىمايۋاتقان ساھابىلەرنى قانداق قايىل قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەدبىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەنلىكى، بۇ ئارقىلىق ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتكەنلىكى سەۋەبىدىن دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلاپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىس مەشھۇردۇر.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 378 ھەدىس رىۋايەت قىلغاندى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كېيىن ۋاپات بولغان ئايالى بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 61ـ يىلىدا ۋاپات بولدى ۋە بەقىئە قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

# ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ ئەسلى ئىسمى رەملە بولۇپ، مەككىنىڭ شەرەپلىك ئىنسانلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ سوفيانىنىڭ قىزىدۇر، ئانىسىنىڭ ئىسمى سەفىيە بىنتى ئاسدۇر. ئۇ دەسلەپتە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشقا ياتلىق قىلىنغان ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى دەۋەت قىلىشقا باشلىغان يىللىرى بىرلىكتە مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ سېپىگىمۇ بىرلىكتە قېتىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەبىبە ئىسىملىك قىزى ھەبەشىستاندا تۇغۇلدى. قىزىنىڭ ئىسمى بىلەن «ئۇممۇ ھەبىبە» دەپ چاقىرىلىدىغان بولدى.

ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) بىلەن ئېرى ئۇبەيدۇللاھ ئىمان مۆمىنلەر بىلەن ھىجرەت قىلغانىدى. ئەمما ئۇبەيدۇللاھ ئىمانىدا چىڭ تۇرالماي، ھەبەشىستاندا مۇسۇلمانلىقنى تاشلاپ خىرىستىيان بولۇپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدىن كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولغان ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) ئېرىنىڭ توغرا يولغا قايتىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. لېكىن ئۇ، بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي قىزىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلدى. دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېرىدىن ئايرىلغان ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) يات بىر يۇرتتا يالغۇز قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالدا قالغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر تاپتى ۋە ئۇنىڭ دەردىنى يەڭگىلىتىش، ئۇنى مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچى بولدى. بۇ سەۋەپ بىلەن ئامر ئىبنى ئۇمەييەگە بىر پارچە مەكتۇب بېرىپ، ھەبەشىستانغا ئەۋەتتى. ئەۋەتكەن خېتىدە نەجاشىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان، ئاخىرىدا ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) نى نىكاھىغا ئېلىشىدا نەجاشىنىڭ ۋەكىل بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان مەزمۇنلار بار ئىدى. نەجاشى خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئىسلامنى قوبۇل قىلدى، ئۇ دېدىكىنى ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) نىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بويىچە سىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكاھلاشقا ۋەزىپىلەندۇرۇلدۇم، سىزمۇ ئۆزىڭىزگە بىر ۋەكىل تېپىڭ،- دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) بۇ خەۋەردىن شۇنچىلىك سۆيۈندىكى، شۇھامان ئۇنىڭ بارلىق غەم- قايغۇلىرى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا ھەمدۇ- سانالار ئېيتتى ۋە خالىد ئىبنى سەئىدنى ئۆزىنىڭ نىكاھ ئەھدىگە ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتتى. نەجاشى شاھتىلارنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن 400 دەرھەم مېھىر ھەققىگە ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ نىكاھ ئەھدىنى قىلدى. بۇ نىكاھ ھىجرەتنىڭ 7- يىلىدا قىلىنغان ئىدى. نىكاھتىن كېيىن نەجاشى توي زىياپىتى بەردى. ئۇ نەجاشى تەرىپىدىن تەييارلانغان ئىككى كېمىدە مەدىنىگە كۆچكەن باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە يېتىپ كەلدى.

بىر كۈنى ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) نىڭ ئاتىسى ئەبۇ سوفيان مەدىنىگە قىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. ئۇ، ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) نىڭ يېنىغا كىرىپ يەرگە سېلىنغان سېلىنچىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرماقچى بولدى. ئەمما ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) چاققانلىق بىلەن ئۇ سېلىنچىنى تارتىپ ئېلىۋالدى. ئەبۇ سوفيان ھەيران قالغان ھالدا:

- قىزىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ سېلىنچا ئاتاڭدىنمۇ قىممەتلىكمۇ؟ مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇمغىمۇ كۆڭلۈڭ ئۇنىمىدى،- دېدى. ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا): شۇنداق، ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر، چۈنكى بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئولتۇرىدۇ، سەن بولساڭ بىر مۇشرىك، بۇنىڭدا ئولتۇرۇشقا لايىق ئەمەسسەن،- دېدى.

ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتىنى ھەر زامان ياخشى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن بارلىق پەزىلەتلەرنى تەتبىقلاپ، ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 30 ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر قېتىم ھەدىس سۆزلىمەكچى بولغاندا تاھارەت ئالاتتى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىمۇ تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇيتتى. ئۇممۇ ھەبىبە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ھىجرىيەنىڭ 44- يىلى ۋاپات بولدى.

## زەينەب بىنتى جەھش (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى بولغان ئۇمەيمە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزىدۇر. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى بەررا بولۇپ، ئۇنىڭغا زەينەب دېگەن بۇ ئىسمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن ئىدى. زەينەب (ر.ئەنھا) ئانىمىز دەسلەپكى يىللاردا مۇسۇلمان بولغانلاردىن بولۇپ، دەسلەپتە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئازات قىلغان قۇلى ۋە ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدىغان ئاسراندى ئوغلى زەيد ئىبنى ھارىسگە ياتلىق قىلىپ قويغانىدى. زەينەب (ر.ئەنھا) نەسەبى ئېسىل ۋە ناھايىتى ئەقىللىق بىر ئايال ئىدى. زەيد (ر.ئەنھۇ) بولسا ئازات قىلىنغان بىر قۇل ئىدى. زەينەب (ر.ئەنھا) بۇ نىكاھقا چىن دىلىدىن رازى بولۇپ ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ماقۇل بولغانىدى. تويدىن كېيىنمۇ بۇ نارازىلىق تۇيغۇسى داۋام قىلىشقا باشلىدى. زەيد (ر.ئەنھۇ) بىلەن ئارىسىدا سۆيگۈ رىشتىسى پەيدا بولمىدى. نەتىجىدە زەيد (ر.ئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ تۇرمۇشنى داۋام قىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقلىرىنى، ئۆزىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش خىيالىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ نىكاھتىن ئاجراشماسلىقلىرىنى تەۋسىيە قىلىپ قايتۇرۇۋەتسىمۇ، زەيد (ر.ئەنھۇ) ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتا كېلىپ، ئۆي تۇتۇپ كىتەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا دەرد ئېيتقان ۋە نىكاھتىن ئاجراشقان ئىدى.

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى باتىل ئادەتلەرنىڭ بىرى بېقىۋالغان بالىنى ئۆزىنىڭ رەسمىي بالىسى قاتارىدا كۆرۈشى كېرەكلىكى ئىدى. بېقىۋېلىنغان بالا خۇددى ئۆز بالىلىرىغا ئوخشاش مىراستىن نېسىۋىسىنى ئالاتتى. ھەق تائالاھ ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 37ـ ئايىتىنى

يەنى: {ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھتىن قورققىن!» دېدىڭ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆمىنلەرگە ئۆلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەيدنىڭ زەينەبنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، ئاللاھنىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ} دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلىش ئارقىلىق زەينەب (ر.ئەنھا) نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت ئادىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلىغانلىقى توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەر نازىل بولۇشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ كىم بېرىپ زەينەبنىڭ ماڭا ئاسماندا نىكاھلىغانلىقى خوش خەۋىرىنى بېرىدۇ؟ـ دېدى ۋە يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بۇ ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ھامان: ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەڭ پەزىلەتلىكى زەينەب (ر.ئەنھا) بولىدىغان بولدى، ئاللاھ ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسماندا نىكاھلىدى. زەينەب (ر.ئەنھا) بىزنىڭ ئالدىمىزدا بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولدى،ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسە (ر.ئەنھۇ) نى ئەلچىلىك قىلىش ئۈچۈن زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. زەينەب (ر.ئەنھا) بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن سۆيۈندى. ئىككى ئاي روزا تۇتۇشقا ۋەدە قىلدى ۋە شۈكرى سەجدىسىگە باش قويدى. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن نىكاھلانغانلىقى ئۈچۈن، زەينەب (ر.ئەنھا) غا نىكاھ مېھرى بېرىلمىدى. زەينەب (ر.ئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلىنغان بۇ مۇراسىمغا ئۈممۇ سۇلەيم ”ھايس“ دەپ ئاتىلىدىغان، خورما بىلەن ماي ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلگەن تاماقنى تەييارلاپ، توي ھەدىيەسى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ساھابىلەرنى تويغا چاقىردى. چاقىرىلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ تاماقتىن ۋە توي ئۈچۈن سويۇلغان قوينىڭ گۆشىدىن يېيىشتى.

ئەسلىدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ ناھايىتى قولى ئۇچۇق ۋە سېخى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. زەينەب (ر.ئەنھا) ئانىمىز ئۆز ئەمگىكى بىلەن پۇل تاپاتتى. ئۇ تېرە ئاشلايتتى، يېڭنە ئىشى ۋە قول ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئېرىشكەن پۇللىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلاتتى. ئۇ بۇ سېخىيلىقىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتۇردى. سەدىقە ئىشلىرىغا بېرىلگىنىگە ئوخشاش، ئىبادەتتىكىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. نەپلە نامازلارنى كۆپ ئوقۇيتتى ۋە پات ــ پات روزا تۇتاتتى.

ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە يەنى ھىجرىيەنىڭ 20ــ يىلىدا ۋاپات بولغان زەينەب (ر.ئەنھا) نىڭ جىنازە نامىزىنى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) ئوقۇغانىدى. ئۇنىڭ جىنازىسى ۋەسىيىتى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كارۋىتى بىلەن يۆتكەلدى ۋە بەقىئە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. ئۇممۇ سەلەمە (ر.ئەنھا) ئانىمىز زەينەب (ر.ئەنھا) ھەققىدە: زەينەب (ر.ئەنھا) نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن كۆپ شوغۇللىنىدىغان، داۋاملىق روزا تۇتىدىغان، ۋاقتىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بىر سالىھ ئايال ئىدى،ـ دېگەن بولسا، ئائىشە (ر.ئەنھا) مۇ:

ئۇلۇغ ئاللاھ زەينەب بىنتى جەھشكە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ بۇ دۇنيادا ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن بىر شەرەپكە ئېرىشتى. ئاللاھ ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلىدى ۋە قۇرئاندا ئۇنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىندى. مەن زەينەبتىنمۇ خەيرلىك ۋە ئاللاھ قورقۇسى كۈچلۈك بولغان، توغرا سۆزلۈك، ئۇرۇغ ــ تۇغقانلارنىڭ ھەققىنى ئۆتەيدىغان، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان سەدىقىلەرنى كۆپ تارقاتقان بىر ئايالنى كۆرمىدىم،ـ دەپ ئۇنى مەدھىيىلىگەن ئىدى.

# زەينەب بىنتى خۇزەيمە (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

خۇزەيمەنىڭ قىزى بولغان زەينەب (ر.ئەنها) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىندۇر. ئۇ دەسلەپتە تۇفەيل ئىبنى ھارىس بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى. ئېرى تالىقىنى بەرگەندىن كېيىن، ئېرىنىڭ ئىنىسى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسە (ر.ئەنھۇ) بىلەن نىكاھلاندى. ئىككىنچى ئېرى ئۇبەيدە (ر. ئەنھ) بەدر ئۇرۇشىدا يارىلىنىپ سافرا دېگەن يەرگە كەلگەندە ۋاپات بولدى. (باشقا بىر رىۋايەتتە ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسە ‹ر.ئەنھۇ› نىڭ زەينەب بىنتى جەھش ‹ر.ئەنها› بىلەن تۇرمۇش قۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ۋاپات بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.) ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن زەينەب (ر.ئەنها) تۇل قالدى.

زەينەب (ر.ئەنها) ئانىمىزنىڭ خاراكتېرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. ناھايىتى مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىش ئۇنىڭ دائىملىق ياخشى كۆرۈپ قىلىدىغان ئەمەللىرىگە ئايلانغان ئىدى. يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، پېقىرلارغا ھال ـ مۇڭ بولۇش ئۇنىڭ ئۇلۇغ خۇسۇسىيىتى ئىدى. يوقسۇللار ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇ، دائىم ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلارنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. ھەممىگە قۇچاق ئاچىدىغان پەزىلىتى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا يوقسۇللارنىڭ ئانىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ”ئۇممۇل مەساكىن“ دېگەن تەخەللۇس بېرىلگەن ئىدى. زەينەب (ر.ئەنها) ئانىمىز ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئادەتلىرىنى تېخىمۇ بەك تەرەققي قىلدۇرۇپ، كامالەت دەرىجىسىگە ئېرىشتى.

ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىددىتىنى تاماملىغان زەينەب (ر.ئەنھا) ئانىمىزغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلىنىش تەكلىپى قويدى. ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا ئۇلارنىڭ نىكاھى قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەب (ر.ئەنھا) ئانىمىزغا مېھىر ھەققى ئۈچۈن 400 دەرھەم كۈمۈش بەردى. زەينەب (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ "مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى" دېگەن نامغا "مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى" دېگەن ئۇنۋانى قوشۇلدى. ئۇ، ھەر ئىككى نامغا مۇناسىپ ھالدا ياشاشقا مۇۋەپپەق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن ئۇزۇن ياشىمىدى. نىكاھلىنىپ، ئارىدىن ئىككى ياكى ئۈچ ئاي ئۆتكەندە 30 ياشلىق نەۋقىران ۋاقتىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئوقۇدى ۋە بەقىيئە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

# جۇۋەيرىيە بىنتى ھارىس (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

ئۇ، بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى بولغان ھارىس ئىبنى دىرارنىڭ قىزى بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن سەففانغا ياتلىق بولغان ئىدى. ھىجرىيەنىڭ بەشىنچى يىلى يۈز بەرگەن مۇستەلەق قەبىلىسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشتا جۇۋەيرە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بىلەن ئېرى سەففان مۇشرىكلار تەرىپىدىن بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. ئۇرۇش جەريانىدا سەففان ئۆلدى، جۇۋەيرە (ر.ئەنھا) ئانىمىز مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ئەسىرلەر ساھابىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشقا باشلىدى. جۇۋەيرە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ قىممىتى ئىككى ئەسىرنىڭ قىممىتىگە باراۋەر قىلىندى. ئۇ ئۆزى تەقسىم قىلىنغان كىشىلەرگە بىر مىقدار ئالتۇن بېرىش بەدىلىگە ئازات قىلىنىۋېتىلىشى توغرىسىدا سۆزلەشتى. كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

مەن قەۋمىمىنىڭ كاتتىۋشى بولغان ھارىسنىڭ قىزى بولىمەن، سىلەرنىڭ بىلگىنىڭلاردەك ماڭا بالا-قازانىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئەسىرگە چۈشۈش بالاسى كەلدى. ئۆزەمنى ئازات قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختاملاشتىم. بۇ ئىشتا ماڭا ياردەم قىلىڭلار،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سىزنىڭ بۇ تەلىپىڭىزدىنمۇ بەكرەك خەيرلىك بىر تەلىپىڭىز يوقمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇ:

— ئۇ قانداق تەلەپ؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سىزنى ئازات قىلىش بەدىلىگە ئايالىم بولۇشقا تەكلىپ قىلسام، بۇ تەكلىپىمنى

قوبۇل قىلامسىز؟ـ دېدى. جۇۋەيرىيە ئانىمىز:

ــ بۇ تېخىمۇ خەيرلىك بىر ئىش بولىدۇـ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. جۇۋەيرىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنىڭ ئاتىسى ھارىس ئىبنى دىرا ناھايىتى نۇرغۇن تۆگىلەرنى ئېلىپ، قىزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىنىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئەقىق جىلغىسىغا كەلگەندە، بۇ تۆگىلەرنىڭ ئىككىسىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويدى.

ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى شەرەپلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى، قىزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قىزىڭىزغا تاللاش ھوقۇقى بېرەيمەن،ـ دېدى. ئۇ دەرھال قىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئۇ زات سىزنى ئۆز ئىختىيارلىقىڭىزغا قويۇپ بەردى، ھەرگىز بىزنى نومۇسقا ۋە ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماڭ،ـ دېدى. قەلبى ئىماننىڭ نۇرى بىلەن نۇرلانغان جۇۋەيرىيە (ر.ئەنھا) ھېچ ئىككىلەنمەستىن:

ــ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاللىدىم،ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاتىسىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى ۋە ئېلىپ كەلگەن تۆگىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ مەن بۇ تۆگىلەرنى سىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنىدىم،ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەقىقتىكى تاغنىڭ ئارقىسىدا ۋە پالانى يەردە ساقلىغان ئىككى تۆگىچۇ؟ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھارىس ھەيران قالغان ھالدا:

ــ ئاللاھقا قەسەملەر بولسۇنكى! بۇنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى،ـ دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ قىزىنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېلىپ ئۆزىنى كۇفۇردىن قۇتۇلدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كەلگەن قەۋمىدىكىلەرمۇ مۇسۇلمان بولدى. مانا شۇنداق قىلىپ جۇۋەيرىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىز قەۋمىنىڭ مۇسۇلمان

بولۇشىغا ۋاستە بولدى.

جۇۋەيرىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توختاملاشقان ئالتۇنلارنى بېرىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇ ئالتۇننى بېرىپ، ئۇنى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىغا قىزىنى ئۆزىگە ياتلىق قىلىش تەكلىپىنى قويدى. ئاتىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، جۇۋەيرىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدى.

جۇۋەيرىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ياخشى ئىشلارغا ۋە ئىبادەتلىرىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەمىشە زىكىر ــ دۇئالار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەتتە دانە ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 57ــ يىلى مەدىنىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى ئەينى ۋاقىتىكى مەدىنىنىڭ ۋالىيسى مەرۋان ئىبنى ھەكەم ئوقۇدى.

## سەفىيە بىنتى ھۇيەي (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

ئۇ، يەھۇدىيلارنىڭ بەنى نەدىرغا تەۋە يېرىدىن بولۇپ، ئاتىسى خەيبەر ئەمىرى ھۇيەي ئىبنى ئەختاب بىلەن ئانىسى بەررا بىنتى سەمۋال ئېسىلزادىلەر تەبىقىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ دەسلەپتە تۇرمۇش قۇرغان ئېرى خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن كېنانە ئىبنى ھەقىقە ئىدى.

خەيبەر پەتھى قىلىنغان كۈنى ئۇنىڭ ئېرى ئۆلتۈرۈلدى. ئۆزى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. غەنىيمەتلەر تەقسىم قىلىنىۋاتقاندا، ساھابىلەردىن دىھيەتۇل كەلبى (ر.ئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر دېدەككە ئېھتىياجى بارلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار ئىچىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇ بېرىپ سەفىيە (ر.ئەنھا) نى تاللىدى. باشقا ساھابىلەر سەفىيە (ر.ئەنھا) نىڭ ئېسىلزادىلارنىڭ ئائىلىسىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭلا ئىگە بولۇش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلەرنىڭ بۇ پىكرىنى ئۇيغۇن كۆرۈپ، دىھيە (ر.ئەنھۇ) غا باشقا بىر دېدەكنى بەردى. سەفىيە (ر.ئەنھا) نى بولسا ئالدىدا ئازات قىلدى. ئاندىن ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. بۇ نىكاھ ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى بولدى.

سەفىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىز بۇ ئۇرۇشتىن پايدىلىق بىرى بولۇپ چىققان ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپلا قالماي، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىنىڭ بىرى بولۇش

شەرىپىگە ئېرىشتى. مەدىنىگە يېتىپ كېلىشكەنلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئۇنى ھارىسە ئىبنى نوئمان (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان ئاياللار ئۇنى مۇبارەكلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ كەلگەنىدى. ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز سىرتقا چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ــ ئى ئائىشە ئۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ـ دەپ سورىدى. ئائىشە (ر.ئەنھا) ئانىمىز: ئۇ بىر يەھۇدىيدۇر خالاس،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئائىشە! مۇنداق دېمەڭ، ئۇ مۇسۇلمان بولدى، ئىسلام ئۇنى گۈزەللەشتۈردى،ـ دېدى.

سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىز، ئۆزىنىڭ يەھۇدىي دېيىلىشىگە رازى بولمايتتى. بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىز:

ئائىشە (ر.ئەنھا) بىلەن زەينەب بىنتى جەھش (ر.ئەنھا) نىڭ ئۇنىڭغا: بىز ئىككىمىز ھەممىڭلاردىن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىمىز. چۈنكى ئىككىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى تاغىسىنىڭ قىزى ۋە ئورۇغ ــ تۇغقانلىرىدىن بولىمىز،ـ دېگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىزمۇ ئۇلارغا ھارۇن ئەلەيھىسسالام مېنىڭ بوۋام، مۇسا ئەلەيھىسسالام تاغام، مۇھەممەد بولسا مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ، دېسىڭىز بولماسمىدى،ـ دېدى.

سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىز مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئىمتىيازىنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن خەيبەر تىزلا ئۆز ئىچىدىن پەتھى قىلىندى. ئۇ، بىر ھوقۇقدارنىڭ قىزى بولۇپ، باياشات تۇرمۇشتا چوڭ بولغانلىقىغا قارىماي، دۇنيا ۋە دۇنيالىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان قانائەتچان بىرى ئىدى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە تەۋە بولغان بارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇشى بىلەن ھايات

نىشانىنى پۈتۈنلەي ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا يۆزلەندۈرگەن، ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىۋەتكەن ئىدى. ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى بىلەن دىنىي مەسىلىلەرنى كەڭ ـ كۆلەمدە، ئەتراپلىق ئۆگەنگەن ئىدى. باشقا ئاياللار ئۇنىڭدىن دىنىي تېمىلاردىكى مەسىلىلەرنى سورايتتى. ئۇ مۇشكۇل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالغاندا ھەممە ئاياللىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىزگە كەلگەن ئاشۇ كېسەل كاشكى ماڭا كەلگەن بولسىدى،ـ دېدى. باشقا ئاياللار ئۇنىڭغا قاراشلىرى ئارقىلىق نارازىلىقلىرىنى بىلدۈردى. بۇنى سەزگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ يەنە خاتا چۈشىنىۋالدىڭلار،ـ دېدى. ئانىلىرىمىز:

ــ قانداق خاتا چۈشەندۇق؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرى!ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەفىييەگە بولغان خاتا چۈشەنچىڭلارنى قاراشلىرىڭلار بىلەن ئىپادىلىدىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ بۇ سۆزنى ئۇ چىن يۈرىكىدىن دېگەن ئىدى،ـ دېدى.

بىر كۈنى سەفىييە (ر.ئەنھا) نىڭ دېدىكى ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) نىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ سەفىييەدە ھازىرغىچە يەھۇدىيلىقنىڭ تەسىرى بار، چۈنكى ئۇ، يەھۇدىيلار بىلەن گەپلىشىدۇ ۋە شەنبە كۈنىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ،ـ دەپ ئەرز قىلدى. ئۆمەر (ر.ئەنھۇ) سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىزنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سورىدى. سەفىييە (ر.ئەنھا) ئانىمىز:

ــ مېنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن بولغان ئالاقەم ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىمدىن بولغانلىقى ۋە مېنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىش ۋەزىپەمنى ئورۇنلىشىم كېرەكلىكى

سەۋەبىدىندۇر، شەنبە كۈنىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمگە ئىئىت سۆز توغرا ئەمەستۇر، ئالالاھ شەنبە كۈنىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ياخشى بولغان جۈمە كۈنىنى بەردى،- دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ دېدىكىنى چاقىرتىپ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىدى. دېدىكى: ماڭا شەيتان شۇنداق ۋەسۋەسە قىلدى،- دېدى. سەفىييە (ر.ئەنها) ئانىمىز دېدىكىنىڭ قىلغان بۇ ئىشىنى كەچۈرىۋەتتى ۋە ئۇنى ئازات قىلدى.

بۇ مۇبارەك ساھابە ئانىمىز ھىجرىيەنىڭ 50- يىلى ۋاپات بولدى. جىنازىسى بەقىيئە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

# مەيمۇنە بىنتى هارىس (ر.ئەنها)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

ئاتىسى هارىس ئىبنى ئەلھەزن، ئانىسى ھىند بىنتى ئەۋفتۇر، ئۇ تۇنجى قېتىم مەسئۇد ئىبنى ئامرغا ياتلىق قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ رەمل بىلەن تۇرمۇش قۇردى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇل قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارغاندا، بەش يۈز دەرھەم كۆمۈشنى مېھرى قىلىپ مەيمۇنە (ر.ئەنها) ئانىمىز بىلەن نىكاھلاندى. ئۆمرە قىلىپ بولۇپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە كىرگەن مەيمۇنە (ر.ئەنها) ئانىمىز ئىماندا تولىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىقادى كۈچلۈك ئىدى، سىلە ــ رەھىم قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىرى ئىدى. ئائىشە (ر.ئەنها) ئانىمىز ئۇنىڭ ھەققىدە: مەيمۇنە (ر.ئەنها) ھەممىمىزدىن بەك تەقۋادار ۋە سىلە ــ رەھىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىرى ئىدى،- دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 78 دانە ھەدىس رىۋايەت قىلغانىدى. بۇ ھەدىسلەرنىڭ يەتتىسى بىرلىككە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا بۇخارى بىر ھەدىسنى، مۇسلىم بەش ھەدىسنى ئۆز كىتابلىرىدا بايان قىلغاندۇر.

ئۆگەنگەن ھەدىسلىرىنى ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە قىبلىگاھ قىلغان ھالدا ياشىغان بۇ ئانىمىز ھىجرىيەنىڭ 56ــ يىلىدا ۋاپات بولدى.

## مارىيە قىبتىيە (ر.ئەنھا)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى.

مارىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىدىن ئىبراھىمنىڭ ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئورنى بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بولغان تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ كاتىۋاشلىرىغا مەكتۇبلار ئەۋەتەتتى ۋە ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلاتتى. خاتىب ئىبنى بەلتەئە (ر.ئەنھۇ) نى رۇم قەيسىرىنىڭ ئىسكەندەرىيەدىكى ۋالىيسى مۇقەۋقىسقا ئىمانغا دەۋەت قىلىدىغان مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتتى. مۇقەۋقىس ئەۋەتىلگەن ئەلچىنى ۋە ئۆزىگە قارىتىپ يېزىلغان بۇ مەكتۇپنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلدى. جاۋاب مەكتۇبىغا قوشۇپ مارىيە ۋە سىرىن ئىسىملىك ئىككى دېدەك بىلەن باشقا قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مارىيە (ر.ئەنھا) نى ئۆز ئەمرىگە ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان نىكاھى ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلىغا توغرا كەلدى. بۇ نىكاھتىن مارىيە (ر.ئەنھا) ئىبراھىم ئىسىملىك بىر پەرزەنتكە ئانا بولۇش نېسىۋىسىگە ئېرىشتى. ئىبراھىم ئون سەككىز ئايلىق بولغاندا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. مارىيە (ر.ئەنھا) ئانىمىز ھىجرىيەنىڭ ئون ئالتىنچى يىلىدا ۋاپات بولدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!